نۇرۇللا مۇئمىن يۇلغۇن

غەربىي يۇرت ——

# تارىختىكى خاقانلار



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



نۇرۇللا مۇئمىن يۇلغۇن، دوتسېنت. 1970 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاتۇش شەھىرى ئۇستۇنئاتۇش يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1988 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1993 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە يەنە مەزكۇر فاكۇلتېتتا «شىنجاڭ يېقىنقى ۋە هازىرقى زامان ئىقتىساد تارىخى» كەسپى بويىچە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. هازىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي ـ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتى 1993 ـ يىلى 9 ـ ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلگەن باج تۈزۈمى» ناملىق ماقالىسى بىلەن باشلانغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە مەتبۇئاتلاردا 100 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن ھەر يىلى ئىلمىي تەتقىقات مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتىدۇ. «تارىخىمىزدىكى خاقانلار» ناملىق كىتاب ئاپتورنىڭ نۆۋەتتىكى ئىلمىي نەتىجىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

نۇرۇللا مۇئمىن يۇلغۇن

غەربىي يۇرت —

# تارىخىمىزدىكى خاقانلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىبراھىم ئالىپ تېكىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

西域历史上的诸可汗:/努如拉编著. 一乌鲁木齐:
新疆人民出版社，2005.6
ISBN 7-228-09393-3

Ⅰ.西… Ⅱ.努… Ⅲ.西域一政治一人物
列传一维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.K827

中国版本图书馆CIP数据核字（2005）第039980号

责任编辑:安尼瓦尔·沙比提
责任校对:玛依努·坎吉

西域历史上的诸可汗(维吾尔文)
努如拉　编著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号，邮编830001）
新疆新华书店发行
新疆军星印务有限公司
850×1168毫米　32开本　7.625印张　2插页
2005年5月第1版　2005年5月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN 7-228-09393-3　定价:13.00元

# كىرىش سۆز

ئەجدادلىرىمىز يىراق تارىخىي دەۋرلەردىن تارتىپ موڭغول ئېگىزلىكى، تارىم ئويمانلىقى، ئالتاي ھەم تەڭرىتاغلىرىنى مەركەز قىلغان پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى زور تەسىرى ھەم جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى ئارقىلىق جۇڭگو ۋە دۇنيا تارىخىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلار تارىختا ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى ھىنگان تاغلىرىدىن-غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىدىن جەنۇبتا سەددىچىنگىچە سوزۇلغان كەڭ تېررىتورىيىدە ياشىغان سىيانپىيلار، جۇجانلار، قىتانلار ۋە باشقا خەلقلەرگە ئوخشاشلا تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئېلىپ، پارلاق سەھىپىلەرنى قالدۇرغان ھەمدە قەدىمدە يەنە ئۆزىگە خاس «تاغ - جىلغا مەدەنىيىتى»، «تېرىم مەدەنىيىتى» ۋە «ئات ئۈستى مەدەنىيىتى» گە ئوخشاش تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرنى بەرپا قىلىپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان. نۆۋەتتە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ياشىغان جايلىرى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادى، سىياسىي تۈزۈمى، دۆلەت تەشكىلاتى، جەمئىيىتى، مەدەنىيىتى، مەمۇرىيىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە قۇرغان ھاكىمىيەتلىرى توغرىسىدا دۆلەت ئىچى ھەم سىرتىدا بەزىبىر تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، خېلى كۆپ ئىلمىي ئەمگەكلەر بارلىققا كەلدى. بىراق، ئەجدادلىرىمىز ئۆز تارىخىدا قۇرۇپ چىققان ھەرقايسى

خانىدانلىقلارنىڭ خاقانلار نەسەبنامىسى، جۈملىدىن خاقانلار شەجەرىسى ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى. شۇڭا، مەزكۇر ئەسەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى تەپسىلىي يورۇتۇپ بېرىش، ئەجدادلار شەجەرە تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەجدادلارنى ئەۋلادلارغا ئۇلاش، تارىختىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ كەلگۈسى تەرەققىيات نىشانىنى بېكىتىش ۋە نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان ھالدا، ئەجدادلىرىمىز ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قۇرۇپ چىققان ھەرقايسى خانىدانلىقلارنىڭ خاقانلار نەسەبنامىسى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختىلىمىز.

# مۇندەرىجە


I ھۇن خانىدانلىقىنىڭ خاقانلىرى ........................ 1

II قاڭقىل خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ........................ 54

III كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ........................ 67

IV ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ........................ 105

V تۈركەش خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ........................ 134

VI گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ........................ 141

VII ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ........................ 154

VIII قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ........................ 170

IX چاغاتاي خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ........................ 192

X يەكەن خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ........................ 221

# I هۇن خاندانلىقىنىڭ خاقانلىرى

ھۇنلار — موڭغۇل ئېگىزلىكىنى مەركەز قىلغان ھالدا شەرقتە شەرقىي شىمالدىكى لياۋخې دەرياسىدىن غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىدىن جەنۇبتا سەددىچىنگىچە سوزۇلغان كەڭ تېررىتورىيىدە ياشىغان قەدىمىي مىللەت. ئۇلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىن تاكى مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگىچە بولغان 600 يىللىق تارىخىي جەرياندا موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا بايلىقى ھەم شەرقىي ياۋروپا، غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىي ياۋروپادا پائالىيەت قىلىپ، جۇڭگو ۋە دۇنيا تارىخىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. ھۇنلار رەسمىي خانلىق قۇرغان ۋاقىت (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلى) تىن تارتىپ تا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تارىخ سەھنىسىدىن چۈشكەن دەۋر (مىلادىيە 5 ـ ئەسىر) گىچە بولغان ئارىلىقتا، مەيلى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن ياكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردە بولسۇن، جۇڭگو ھەم دۇنيا قەدىمكى زامان تارىخ سەھنىسىدە بەلگىلىك تەسىرلەردە بولغان.

# 1. خانىدانلىق پارچىلىنىشتىن بۇرۇنقى خاقانلار

## 1. تۇمەن تەڭرىقۇت

تۇمەن تەڭرىقۇت — ھۇن خانىدانلىقىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى چوغاي تاغلىرى ئەتراپى ۋە ئوردوس رايونى قاتارلىق جايلارنى ئاساس قىلىپ، بارلىق ھۇن قەبىلىلىرىنى بىر تۇغ ئاستىغا يىغقان ھەمدە ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋۇيۈەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تۇمەن شەھىرىدە قۇرغان. تۇمەن تەڭرىقۇت خانلىقنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتكەن ھەمدە نۇرغۇن ئاتلىق قوشۇنلارنى ئەۋەتىپ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىگە داۋاملىق تېگىش قىلىپ تۇرغان. بۇ ۋاقىتتا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۈستۈنلۈك تالىشىش ئۇرۇشىدا زەربە يېگەن بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەر، ھەربىي قوماندانلار ھەمدە ئۇرۇشتىن بىزار بولغان نۇرغۇن پۇقرالار ھۇنلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەچكە، تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ ھەيۋىسى تېخىمۇ ئۆسكەن. شۇنىڭ بىلەن تۇمەن تەڭرىقۇت ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا قاراتقان تاجاۋۇزىنى پەيدىنپەي كۈچەيتكەن. بىراق، چىن شىخۇاڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 - يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يەن، جاۋ، خەن، ۋېي، چى،

چۇ قاتارلىق ئالتە بەگلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ چىن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، بارلىق كۈچىنى توپلاپ ھۇنلارغا قارشى بىر قاتار جەڭ تەييارلىقلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 215 ـ يىلى چىن شىخۇاڭ سانغۇن مېڭ تيەننى 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئەۋەتىپ، ھۇنلارغا قارشى رەسمىي ھۇجۇم قوزغىغان. ئۇرۇشتا تۇمەن تەڭرىقۇت ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغاچقا، ئاھالىلىرىنى باشلاپ شىمالىي چۆللۈككە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە چىن شىخۇاڭ ھۇنلارنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى نۇرغۇن زېمىنلىرىغا ئىگە بولۇپ، بۇ جايلاردا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 44 ناھىيە تەسىس قىلغان ھەمدە ئەسلىدىكى چىن، جاۋ، يەن بەگلىكلىرىنىڭ سېپىللىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، غەربتە لىنتاۋدىن شەرقتە لياۋدۇڭ ئايمىقىغىچە يەتكۈزۈلگەن. كېيىن چىن شىخۇاڭ سانغۇن مېڭ تيەننى بۇ جايلارنى ساقلاشقا قويغان. لېكىن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چىن سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلىشىشى، ھەرقايسى جايلاردا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، كېيىنچە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن شياڭ يۈي بىلەن ليۇباڭنىڭ ئۆزئارا جەڭگى ـ جېدەل قىلىشى سەۋەبىدىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا قالايمىقانچىلىق ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. بۇ ھال ھۇنلارنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرت ـ شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن. دەرۋەقە، تۇمەن تەڭرىقۇت زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، چىن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونلىرىغا كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ھەمدە ئىلگىرى قولدىن بېرىپ قويغان زېمىنلىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قايتۇرۇۋالغان. بۇنىڭ بىلەن ھۇنلارنىڭ سەلتەنىتى قايتىدىن تىكلەنگەن. دەل مۇشۇ مەزگىلدە، يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلى تۇمەن تەڭرىقۇت

ئوغلى باتۇر تەڭرىقۇت تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

## 2. باتۇر تەڭرىقۇت

باتۇر تەڭرىقۇت — تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 174 ـ يىلىغىچە تەختتە تۇرغان. ئۇ بەزى مەنبەلەردە «مودۇن»، «مودۇچەنيۈ»، «مەتە تەڭرىقۇت»، «مودۇن تەڭرىقۇت» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشچە، تۇمەن تەڭرىقۇت كېيىن ئالغان ئالچىسى (خانىشى) دىن تۇغۇلغان كىچىك ئوغلىنى ياخشى كۆرگەچكە، چوڭ ئوغلى باتۇرنى خىشى كارىدورى ئەتراپىدىكى ياۋچىلارغا بايرىمتايلىققا ئەۋەتكەن ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەيلا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق باتۇرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. بىراق، باتۇر قورقۇمسىز، ئەقىللىق ھەم تەدبىرلىك كىشى بولغاچقا، ياۋچىلارنىڭ بىر تۇلپارىنى ئوغرىلاپ ھۇن ئېلىگە ساق ـ سالامەت قېچىپ كەلگەن. تۇمەن ئوغلى باتۇرنىڭ قەيسەرلىكىگە ھەيران قېلىپ، ئۇنى بىر تۇمەن ئاتلىق ئەسكەرگە قوماندان قىلىپ تەيىنلىگەن. باتۇر بىر خىل «ئاۋازلىق ئوقيا» ياساپ، ئەسكەرلىرىنى قاتتىق مەشقلەندۈرگەن. بىر قېتىم باتۇر ئاتىسى بىلەن ئوۋغا چىققاندا، تۇيۇقسىز «ئاۋازلىق ئوقيا»سىنى ئاتىسىغا قارىتىپ ئاتقان. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ دەرھال ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېتىپ، تۇمەن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرگەن. بۇ قېتىم باتۇر ئۆگەي ئانىسى ۋە ئۆزىگە بويسۇنمىغان نۇرغۇن ۋەزىرلەرنىمۇ ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، تۇمەن شەھىرىدە ھۇن خانىدانلىقىنى رەسمىي قۇرغانلىقىنى جاكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن ھۇنلار يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويۇشقا باشلىغان. باتۇر تەڭرىقۇت ھۇن تەختىگە

ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان:

بىرىنچى، ئۇ ئەتراپقا قارىتا كەڭ كۆلەمدە كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئالدى بىلەن ھازىرقى شەرقىي شىمال رايونى ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي قىسىملىرىدا ياشايدىغان تۇڭغۇس (شەرقىي خۇ) قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. ئارقىدىنلا ئۇ زور قوشۇننى باشلاپ دۇنخۇاڭ بىلەن چىلىيەنشەن تاغلىرى ئارىسىدا ياشايدىغان ياۋچىلارنى بويسۇندۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە شىمالغا يۈرۈش قىلىپ خانگاي ۋە سىبىرىيە تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بايقال كۆلى ئەتراپىدىكى دىڭلىڭلار، يەنسەي دەريا ۋادىسىدىكى قىرغىزلار، ھۇنگىرلار، چۇشۇرلەر ۋە شىنلى قاتارلىق قەبىلىلەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان ھەمدە پايتەختىنى تۇمەن شەھىرىدىن ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى ئەجدەربالىق (ئەجدىھا شەھىرى) قا كۆچۈرگەن.

بۇ ئارىلىقتا يەنە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 177 — 175 - يىللىرى باتۇر تەڭرىقۇت ئوڭ قول بىلىكخانىنى ئەۋەتىپ غەربىي يۇرتقا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتتىكى تارقاقچىلىق ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى بارلىق بەگلىكلەر ھۇن خانىدانلىقىغا تەۋە بولغان. بۇ ھەقتە باتۇر تەڭرىقۇت غەربىي خەن سۇلالىسى خانى خەن ۋېندىغا يازغان مەكتۇبىدا: «بارچە ئوقيا تۇتقان خەلق بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن سىپاھ بەگلەرنىڭ، خىل ئاتلارنىڭ قاۋۇللىقى ئارقىسىدا، ياۋچىلار تارمار قىلىندى، قىرىپ تاشلاندى، قالغانلىرى ئەسىرگە ئېلىندى. جۇرجان، ئۇسۇن، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىتىكى 26 ئەل تىنچىتىلدى،

ھەممىسى ھونلارغا تەۋە بولدى» دېگەن.

ئىككىنچى، ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يېڭىدىن قۇرۇلغان غەربىي خەن سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلىدىن مىلادىيە 25 ـ يىلىغىچە) غا قارشى تۇرۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونىغا داۋاملىق تۈردە تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغان. مەسىلەن، باتۇر تەڭرىقۇت خېشى كارىدورىدىكى ياۋچىلارنى تارمار قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يەنجۇن (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمى)، دەيجۇن (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمى) قاتارلىق رايونلارنى بېسىۋېلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي ئايماقلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىلى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھ خەن گاۋدى — ليۇباڭ ناھايىتى زور قوشۇننى باشلاپ بەيدېڭشەن تېغى (ھازىرقى شەنشىدىكى داتۇڭنىڭ شەرقىي شىمالىدا) دا باتۇر تەڭرىقۇت بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، بىراق قاتمۇ ـ قات مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان. كېيىن خەن گاۋدى چېن پىڭنىڭ تەدبىرى بىلەن باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسىغا مەخپىي سوۋغا ـ سالام بېرىش ئارقىلىق قورشاۋدىن مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلۇپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي خەن سۇلالىسى ھون تەڭرىقۇتلىرىغا مەلىكە ياتلىق قىلىش، ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە باشقا قىممەتلىك بۇيۇملار ھەم نۇرغۇن قۇللارنى تەقدىم قىلىش ھېسابىغا، ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ۋاقىتلىنچە مۇستەسنا بولغان. بۇ خىل ۋەزىيەت تاكى خەن ۋۇدىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە جەمئىي 81 يىل داۋاملاشقان.

ئۈچىنچى، باتۇر تەڭرىقۇت بىر قاتار ھەربىي يۈرۈشلەردىن كېيىن، مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق بولغان دۆلەت ئاپاراتلىرىنى

قوزغۇپ چىققان. دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى «تەڭرىقۇت» (تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلغان بەخت ئىگىسى) دەپ ئاتالغان بولۇپ، تەڭرىقۇتلۇق ئورنى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالغان. ھۇن خانىدانلىقىدا تەڭرىقۇتلار ئاساسەن سولىيندى قەبىلىسىدىن چىققان. تەڭرىقۇتتىن كېيىن، ئوڭ ـ سول تۇغ خان، ئوڭ ـ سول كۆلۈگ بەگ، ئوڭ ـ سول باش قوماندان، ئوڭ ـ سول تۇتۇق بەگ، ئوڭ سول باش تۈمەنبېگى، ئوڭ ـ سول تۈمەنبەگ ۋە مىڭبېگى، يۈز بېگى، ئونبېشى قاتارلىق مەنسەپلەر تەسىس قىلىنىپ، بۇ مەنسەپلەرگە ئاساسەن تەڭرىقۇت جەمەتى، ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ ئاقساقاللىرى ھەم ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىلەر تەيىنلەنگەن.

تۆتىنچى، باتۇر تەڭرىقۇت خانلىق تەۋەسىدىن سۈيۈرغاللىق تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ يولغا قويۇپ، پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنى ئۈچ قىسىمغا تەقسىم قىلىپ باشقۇرغان. شەرقىي قىسىمنى سول تۇغ خان، غەربىي قىسىمنى ئوڭ تۇغ خان باشقۇرغان. ئورۇن جەھەتتە سول تۇغ خاننىڭ ئورنى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان بولۇپ، بۇ مەنسەپكە ئاساسەن شاھزادىلەر تەيىنلەنگەن. شۇۋەجىدىن ھۇن تەڭرىقۇتلىرى ئوڭ تۇغ خان رايونىغا قارىغاندا سول تۇغ خان رايونىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن.

بەشىنچى، باتۇر تەڭرىقۇت ئەسكىرىي ئىشلارنى زور دەرىجىدە تەرتىپكە سېلىپ، ھەرقايسى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر ئاساسىدا تەشكىللەنگەن مۇنتىزىم ئاتلىق قوشۇن قۇرۇپ چىققان. ھەرقايسى قەبىلە قوشۇنلىرى ئادەتتە ئۆز قەبىلىسىنىڭ بەلگىسىگە قاراپ ئات مىنگەن ھەمدە ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامى ياكى شۇ قەبىلىدىن چىققان بىرەر قەھرىماننىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۇرۇش قىلغان. ھۇن خانىدانلىقىدا يېشىغا توشقانلىكى ھەر قانداق ئەرنىڭ

ئۆز ئۇرۇش قورالى ۋە ئات - ئۇلاغلىرى بىلەن جەڭگە چىقىش مەجبۇرىيىتى بولغان بولۇپ، بىر ئائىلىدىكى ھەر بەش كىشىدىن بىرى لەشكەرلىككە ئېلىنغان. ئۇرۇش ۋاقتىدا كىمكى ئۇرۇشتىن باش تارتسا ياكى ئۇرۇشقا كېچىكىپ چىقسا، ھارۋىنىڭ چاقىغا باستۇرۇلۇپ، سۆڭەكلىرى چېقىۋېتىلگەن. ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىدە ھۇنلارنىڭ لەشكىرى 300 مىڭدىن ئاشقان بولۇپ، باتۇر تەڭرىقۇت دەل مانا مۇشۇ زور قوشۇنغا تايىنىپ ھۇنلارنىڭ شان - شۆھرىتىنى تىكلىگەن.

دېمەك، باتۇر تەڭرىقۇت يۇقىرىقىدەك بىر يۈرۈش تەدبىر ھەم پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، ھۇن جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى، ھۇن قەبىلىلىرىنىڭ كۈچىيىشى ۋە ھۇن خانىدانلىقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 174 - يىلى باتۇر تەڭرىقۇت كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

## 3. قايۇق تەڭرىقۇت

قايۇق تەڭرىقۇت بەزى مەنبەلەردە «كىئوك تەڭرىقۇت»، «ئاغا تەڭرىقۇت» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئاكىسى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھۇن تەختىگە چىققان، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 174 - يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 161 - يىلىغىچە تەختتە تۇرغان. قايۇق تەڭرىقۇتنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن، غەربىي خەن سۇلالىسى بۇرۇنقى ئادەت بويىچە خان جەمەتىدىن بولغان بىر مەلىكە ۋە ھەددى - ھېسابسىز تاۋار - دۇردۇن ھەم سوۋغا - سالاملارنى ھۇن ئوردىسىغا يوللاپ، قايۇق تەڭرىقۇتنى مۇبارەكلىگەن.

قايۇق تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغان. بىراق، كېيىنكى چاغلاردا قايۇق تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى مەلىكىسىنىڭ خىزمىتىگە بىللە كەلگەن يەن بەگلىكىدىن بولغان ھەرەم ئاغىسى جۇڭخاڭيۆنىڭ مەسلىھىتى بويىچە غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونىغا كەڭ - كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 166 - يىلى قايۇق تەڭرىقۇت 140 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ جۇنا، شياۋگۇەن قاتارلىق جايلارغا بېسىپ كىرىپ، نۇرغۇن ئادەم ۋە مال - چارۋىلارنى بۇلاپ كەتكەن. بۇ قېتىم ھۇن قوشۇنلىرى تاكى يىڭياڭ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جىڭيۈەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا)، خۇيجۇڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى لۇڭشى ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) قاتارلىق جايلارغىچە بېسىپ كەلگەن. بۇنداق ئەھۋالدا، خەن ۋېندى زور قوشۇننى ئەۋەتىپ چېگرا - قورۇللارنى قاتتىق مۇداپىئە قىلغان ھەمدە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 162 - يىلى ھۇن ئېلىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، قايۇق تەڭرىقۇت بىلەن يارىشىپ قېلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. قايۇق تەڭرىقۇت خەن ۋېندىنىڭ ئەلچى ئارقىلىق ئەۋەتكەن مەكتۇبىنى ئالغاندىن كېيىن خەن سۇلالىسى بىلەن يارىشىپ قېلىشقا قوشۇلغان ھەمدە خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونىغا قاراتقان تاجاۋۇزىنى توختىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ياخشىلىنىش ئەھدى تۈزۈلۈپ، خېلى بىر مەزگىلگىچە تىنچ - ئىتتىپاق ئۆتۈشكەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 161 - يىلىغا كەلگەندە، قايۇق تەڭرىقۇت ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولغان.

## 4 . كوْن تەڭرىقوْت

كوْن تەڭرىقوْت — قايوْق تەڭرىقوْتنىڭ ئوغلى، مىلادىيىدىن بوْرۇنقى 161 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بوْرۇنقى 126 ـ يىلىغىچە تەختتە توْرغان. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن هوْن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. كوْن تەڭرىقوْت تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە غەربىي خەن سوْلالىسى بىلەن ئىناق ئۆتكەن. بىراق، بۇ خىل هالەت ئوْزاق داۋاملاشمايلا، كوْن تەڭرىقوْت نوْرغوْن قوشوْننى ئەۋەتىپ غەربىي خەن سوْلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونىغا يېڭىۋاشتىن تېگىش قىلغان هەمدە شاڭجوْن، يوْنجوْڭ ۋىلايەتلىرىدە كەلگ ـ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق ۋە بوْلاڭ ـ تالاڭ يوْرگوْزگەن. بوْنىڭ بىلەن يېڭىدىن تەختكە چىققان خەن سوْلالىسى پادىشاھى خەن جىڭدى شىمالىي چېگرا ـ قورۇللارنى ساقلاشنى كوْچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، هوْن ئېلىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆز ئارا يارىشىپ قېلىشنى تەشەببوْس قىلغان هەمدە كوْن تەڭرىقوْتقا سوۋغا ـ سالاملارنى يوللاپ ۋە خانىكە بېرىپ بوْرۇنقى ئەهدى بويىچە ئىش كۆرگەن. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ ئوتتوْرىسىدا تىنچلىق ئورنىتىپ، تا خەن ۋۇدى زامانىسىغىچە چوڭ سوْركىلىشلەر بولمىغان.

خەن ۋۇدى تەختكە چىققان (مىلادىيىدىن بوْرۇنقى 140 ـ يىلى)دىن كېيىن هوْنلارغا قاراتقان بوْرۇنقى قوْدىلىشىش ۋە موْرەسسەچىلىك سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، هوْنلارنىڭ رەقىبلىرىنى ئۆزىگە تارتىش ئارقىلىق هوْنلارغا قارشى بىر قاتار هەربىي هەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان. مىلادىيىدىن بوْرۇنقى 134 ـ يىلى خەن ۋۇدى نيې يى دېگەن كىشىنى قەستەن چېگرىدىن چىقىرىپ هوْنلار بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىشقا ئەۋەتكەن. نيې يى مايى شەھىرىنى كوْن تەڭرىقوْتقا تەقدىم قىلىپ، ئوْنى قىلتاققا چوْشۇرمەكچى بولغان. دەرۋەقە، ئوْنىڭ يالغان تەسلىم بولوْش هېيلىسىگە

ئىشەنگەن تەڭرىقۇت 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن مايى شەھىرىگە قاراپ يۈرۈش قىلغان. بۇ ۋاقىتتا خەن سۇلالىسى مايى شەھىرى ئەتراپىغا ئاللىبۇرۇن 300 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇننى پۆكتۈرمىگە قويغانىدى. بىراق، بۇنى سېزىۋالغان كۈن تەڭرىقۇت قوشۇنلىرىنى دەرھال چېكىندۈرۈپ كەتكەن.

مايى ۋەقەسى بولۇپ بەشىنچى يىلى، يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 129 - يىلى خەن ۋۇدى لى گۇاڭ، گۇڭسۇنخې، لى شى، ۋېي چىڭ قاتارلىق سانغۇنلارنى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. بىراق ئۇرۇشتا خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن كۈن تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىلىرىغا بولغان تاجاۋۇزچىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، نۇرغۇن ئادەم ۋە ھەددى - ھېسابسىز بايلىقلارنى بۇلاپ كەتكەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 128 — 127 - يىللىرى خەن ۋۇدى ۋېي چىڭ ۋە لى شى قوماندانلىقىدىكى زور قوشۇننى ئەۋەتىپ، ئوردوس رايونىدىكى ھۇن قوشۇنلىرىغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغىغان. بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا كۈن تەڭرىقۇت مەغلۇپ بولۇپ، كەڭ ئوردوس رايونىنى خەن سۇلالىسىگە تارتقۇزۇپ قويغان. ئىككىنچى يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 126 - يىلى) قىشتا، كۈن تەڭرىقۇت ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولغان.

### 5. ئىچىغسە تەڭرىقۇت

ئىچىغسە تەڭرىقۇت — كۈن تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 126 - يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 114 - يىلىغىچە تەختتە تۇرغان . ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۆزىنى «تەڭرىقۇت» دەپ ئېلان قىلغان ھەمدە ئاكىسىنىڭ ئوغلى يوتاننى

مەغلۇب قىلىپ هۇن تەختىنى تارتىۋالغان. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونلىرى بولغان دەيجۈن، يەنمېن، دىڭشياڭ ۋە شاڭجۈن ۋىلايەتلىرى، شۇنداقلا كۈن تەڭرىقۇت تارتقۇزۇپ قويغان ئوردوس رايونىغا قارىتا كەڭ ـ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، نۇرغۇن ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى قىرغىن قىلغان ھەمدە ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيانى قولغا چۈشۈرۈپ هۇن ئېلىگە ئېلىپ كەتكەن. بۇنداق ئەھۋالدا خەن ۋۇدى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ۋېي چىڭ، خوچۈبىڭ باشلىق داڭلىق سانغۇنلارنى ناهايىتى كۆپ قوشۇن بىلەن هۇنلارغا هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 126 ـ يىلىدىن تاكى ئىچىغسە تەڭرىقۇت ۋاپات بولغان يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 114 ـ يىلى) غىچە داۋاملاشقان. ئۇرۇشتا هۇنلار قاتتىق مەغلۇب بولۇپ، ئىلگىرى بېسىۋالغان نۇرغۇن زېمىنلارنى، شۇنداقلا خېشى كارىدورى ۋە ئوردوس رايونلىرىنى خەن سۇلالىسىگە تارتقۇزۇپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن غەربىي خەن سۇلالىسى ئۆز تېررىتورىيىسىنى شىمالدا هۇنلارنىڭ شىمالىي رايونلىرى بىلەن تۇتاشتۇرغان. هۇنلارمۇ خېلى بىر مەزگىلگىچە جەنۇبقا تېگىش قىلالمىغان.

## 6. ئۇۋى تەڭرىقۇت

ئۇۋى تەڭرىقۇت — ئىچىغسە تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 114 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 105 ـ يىلىغىچە تەختتە تۇرغان . ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن هۇن تەختىگە چىققان. ئۇ تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە خەن سۇلالىسى جەنۇبتىكى ئىككى يۆ دۆلىتىگە يۈرۈش قىلغاچقا هۇنلارغا

ھۇجۇم قىلمىغان. ھۇنلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ئاز ـ تولا ئوڭشىۋالغان. بىراق، يۈ دۆلىتى يوقىتىلغان (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 112 ـ يىلى) دىن كېيىن خەن سۇلالىسى نۇرغۇن قوشۇننى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ھۇن ئېلىگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغىغان. بۇ ۋاقىتتا خەن ۋۇدى ئۆزى شەخسەن 180 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن شىمالىي چېگرىغا بېرىپ، ھۇنلارغا خەن سۇلالىسىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلغان ھەمدە ئەلچى گوجىنى ئۇۋۋى تەڭرىقۇت بىلەن كۆرۈشۇشكە ئەۋەتىپ، ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. بۇنىڭدىن غەزەبلەنگەن ئۇۋۋى تەڭرىقۇت خەن ئەلچىسى گوجىنى تۇتۇپ قېلىپ بايقالغا سۈرگۈن قىلغان. بۇ ئىشتىن كېيىن، خەن سۇلالىسى يەنە ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ ۋاڭ ۋۇ، ياڭ شىن، لۇچۇڭگو قاتارلىق ئەلچىلەرنى ھۇن ئېلىگە ئەۋەتىپ، ئۇۋۋى تەڭرىقۇتنى ئەل بولۇشقا قىزىقتۇرغان. بىراق، ئۇۋۋى تەڭرىقۇت بۇنى قاتتىق رەت قىلغان ھەمدە كۆپ قېتىم لەشكەر ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا ـ قورۇللىرىغا بېسىپ كىرگەن. نەتىجىدە خەن ۋۇدى ھۇنلارنى ئەل قىلىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، گوچاڭ، جاۋپونو قاتارلىق سانغۇنلارنى ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەۋەتكەن. ئۇۋۋى تەڭرىقۇت 10 يىل تەختتە تۇرۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 105 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

## 7. ئۇشىلۇ تەڭرىقۇت

ئۇشىلۇ تەڭرىقۇت — ئۇۋۋى تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 105 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 102 ـ يىلى تەختتە تۇرغان. ئۇ ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھۇن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ تەختكە چىققاندا تېخى كىچىك بولغاچقا «بالا تەڭرىقۇت»

دەپمۇ ئاتالغان. ئۇشىلۇ تەڭرىقۇت تەختكە چىقىشى بىلەنلا، خەن ۋۇدى «ئۇۋى تەڭرىقۇت ۋە ئوك قول بىلىكخانىغا تەزىيە بىلدۈرۈش» نامى ئاستىدا ئىككى ئەلچىسىنى ئەۋەتىپ، ھۇنلارغا مەخپىي تۈردە بۆلگۈنچىلىك سالماقچى بولغان، بىراق بۇنى سېزىۋالغان ئۇشىلۇ تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ ئىككى ئەلچىسى دەرھال تۇتقۇن قىلىپ، خەن ئوردىسىغا قايتۇرمىغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 104 - يىلى خەن ۋۇدى سانغۇن لى گۇاڭلىنى ھۇنلارنىڭ غەربىدىكى پەرغانىگە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىپ، ھۇنلارنى غەبىتىن قىسماققا ئالماقچى بولغان ھەمدە سانغۇن گوڭ سۈنئاۋنى «تەسلىمچىلەرنى قوبۇل قىلىش شەھىرى» نى قۇرۇشقا بۇيرۇغان. بۇ چاغدا، ئۇشىلۇ تەڭرىقۇتنىڭ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان پۇرسىتىدىن پايدىلانغان سول قول چوڭ كاھىبەگ تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولماقچى بولغان ھەمدە خەن سۇلالىسىدىن ئەسكەر ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 103 - يىلى باھاردا، خەن سۇلالىسى جاۋپونو باشچىلىقىدىكى 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى جۇنجى تېغىدا ھۇنلارنىڭ سول قول چوڭ كاھىبىگى بىلەن ئۇچرىشىشقا يولغا سالغان. بىراق، ئۇشىلۇ تەڭرىقۇت بۇنى ئالدىن سېزىۋېلىپ، سول قول چوڭ كاھىبەگنى دەرھال ئۆلتۈرگەن ھەمدە خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ جاۋپونونى تىرىك قولغا چۈشۈرگەن. ئارقىدىنلا ئۇشىلۇ تەڭرىقۇت يەنە «تەسلىمچىلەرنى قوبۇل قىلىش شەھىرى» گە ئەسكەر ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرا - قورۇلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلغان. كېيىنكى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 102 - يىلى) ئۇشىلۇ تەڭرىقۇت ئۆزى شەخسەن قوشۇن باشلاپ «تەسلىمچىلەرنى قوبۇل قىلىش شەھىرى» نى ۋەيران قىلماقچى بولغان، لېكىن يول ئۈستىدە تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ ئۆلگەن.

### 8. گۈيلىقۇ تەڭرىقۇت

گۈيلىقۇ تەڭرىقۇت — ئۇۋۋى تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى، ئۇشىلۇ تەڭرىقۇتنىڭ تاغىسى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 102 - يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 101 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئۇشىلۇ تەڭرىقۇت ئۆلگەندىن كېيىن ھۇن تەختىگە چىققان. گۈيلىقۇ تەختكە چىققان مەزگىلدە، خەن سۇلالىسى كېڭەش بېگى شۇزىۋېينى ئەۋەتىپ، ھۇنلار بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايلاردا نۇرغۇنلىغان قورغان ھەم قاراۋۇلخانىلارنى سېلىپ ھۇنلاردىن مۇداپىئەلەنگەن. لېكىن، گۈيلىقۇ تەڭرىقۇت نۇرغۇن قوشۇن ئەۋەتىپ، يۇنجۇڭ، دىڭشياڭ، ۋۇيۈەن ۋە شوفاڭ قاتارلىق جايلارغا باستۇرۇپ كىرىپ، بۇ جايلارنى ساقلاۋاتقان خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى قاتتىق تارمار قىلغان ھەمدە نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. ھۇن قوشۇنلىرى يول ئۈستىدە يەنە شۇزىۋېي قۇرغان قورغان - قاراۋۇلخانىلارنىمۇ پۈتۈنلەي ۋەيران قىلغان. ھۇنلارنىڭ يەنە بىر تارماق قوشۇنلىرى بولسا جيۇ چۈەن، جاڭيېلارغىچە بېسىپ كىرىپ تالان - تاراج قىلغان. بۇنداق ئەھۋالدا خەن ۋۇدى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، سانغۇن رېن ۋېن باشچىلىقىدىكى زور قوشۇننى ھۇنلارغا قارشى ئەۋەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي گۈيلىقۇ تەڭرىقۇت كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

### 9. چەتقۇ تەڭرىقۇت

چەتقۇ تەڭرىقۇت — گۈيلىقۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 101 - يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 96 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھۇن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان . چەتقۇ تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ تۇيۇقسىز ھەربىي ھۇجۇمىنىڭ ئالدىنى

ئىلىش ئۈچۈن، ھۇنلارغا تەسلىم بولغان لۇچۇڭگو قاتارلىق خەن ئەلچىلىرىنى تولۇق قايتۇرغان. بىراق، خەن ۋۇدى پەرغانىدە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇنلارنى يوقاتماقچى بولغان. بۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى لى گۇاڭلى، گۇڭ سۈن ئاۋ، لۇبودى، لى دىڭ، خەن يۆ قاتارلىق داڭلىق سانغۇنلارنى يۈز مىڭلىغان زور قوشۇن بىلەن ھۇنلارغا تەرەپ ـ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. بىراق، خەن قوشۇنلىرى ھۇنلارغا قارشى ئىلىپ بارغان بۇ قېتىملىق زور جەڭدە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەن. چەنقۇ تەڭرىقۇت بولسا 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن جەڭگە چۈشۈپ، خەن سۇلالىسىنىڭ پەرغانىنى بويسۇندۇرغان داڭلىق سانغۇنى لى گۇاڭلىنى مەغلۇپ قىلغان. گۇڭ سۈنئاۋ بولسا ھۇنلارنىڭ سول قول بىلىكخانى تەرىپىدىن قاتتىق تارمار قىلىنغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 96 ـ يىلى چەنقۇ تەڭرىقۇت ۋاپات بولغان.

## 10. قۇلۇقۇ تەڭرىقۇت

قۇلۇقۇ تەڭرىقۇت — چەنقۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 96 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 86 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ھۇن تەختىگە چىققان. ئۇ تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە خەن سۇلالىسى بىلەن خېلى ئىناق ئۆتكەن. بىراق، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 91 ـ يىلىغا كەلگەندە، ھۇن قوشۇنلىرى شاڭگۇ، ۋۇيۇەن، جيۇچۈەن قاتارىق ۋىلايەتلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى، شۇنداقلا ۋۇيۇەن، جيۇچۈەن ۋىلايەتلىرىنىڭ كاھىبەگلىرىنى ئۆلتۈرگەن. نەتىجىدە خەن ۋۇدى لى گۇاڭلى، شاڭ چيۇچىڭ، ماتوڭ قاتارلىق مەشھۇر سانغۇنلارنى ناھايىتى كۆپ قوشۇن بىلەن يولغا سېلىپ،

ھۇنلارغا قارشى قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتكەن. بۇ زور قوشۇن ھۇنلارنى قوغلاپ تا جۇنجى ۋە خاڭغاي تاغلىرىغىچە باستۇرۇپ كەلگەن. ھۇن قوشۇنلىرى بولسا ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، گاھ چېكىنىپ، گاھ ئۇرۇشۇپ، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە ھالسىراتقان. دەرۋەقە، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ھارغىنلىقىنى بىلگەن قۇلۇقۇ تەڭرىقۇت ئۆزى شەخسەن جەڭگە چىقىپ 50 مىڭ چەۋەنداز بىلەن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا توسۇپ زەربە بەرگەن. خەن قوشۇنلىرى يېڭىلىپ سانغۇن لى گۇاڭلى قۇلۇقۇ تەڭرىقۇتقا تەسلىم بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئاخىرقى ھېسابتا ھۇنلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان. ئۇرۇشتىن كېيىن، قۇلۇقۇ تەڭرىقۇت ئەلچى ئارقىلىق خەن ۋۇدىغا مەكتۇپ ئەۋەتكەن. خەن سۇلالىسىمۇ جاۋابەن ئەلچى ئەۋەتىپ، ھۇن ئەلچىسىنى ئۆز ئېلىگە قايتۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىر مەزگىل ئۆزئارا تىنچلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 86 - يىلى قۇلۇقۇ تەڭرىقۇت ۋاپات بولغان.

## 11. قويياندى تەڭرىقۇت

قويياندى تەڭرىقۇت — قۇلۇقۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 86 - يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 68 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھۇن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى بىلەن يارىشىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم ھۇن سانغۇنلىرى ھەم كۆپچىلىك پۇقرالارمۇ ئۇرۇشنى توختىتىپ[1]، خەن سۇلالىسى بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىشقان. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا قويياندى

تەڭرىقۇت نۇرغۇن قوشۇن ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا ـ قورۇرلىرىغا باستۇرۇپ كىرگەن ھەمدە بۇ جايلارنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. نەتىجىدە ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىق بۇزۇلۇپ، يېڭىدىن تەختكە چىققان خەن سۇلالىسى پادىشاھى خەن جاۋدى داڭلىق سانغۇنلىرىنى ئەۋەتىپ ھۇنلارغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەن سۇلالىسى يەنە ھۇنلاردىن رەنجىگەن غەربىتىكى ئاسىيۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ھۇنلارغا قارشى بىرلىكتە جەڭ قىلغان. بۇ ھال قوياندى تەڭرىقۇتنى خېلىلا ھالسىراتقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى دەۋردە ھۇن ئېلىدە قاتتىق جۇدۇن بولۇپ، قېلىن ياغقان قاردا نۇرغۇن ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلار توڭلاپ ئۆلگەن. بۇنىڭغا ئۇلاپلا ھۇنلاردىن نارازى بولغان تۇرالار، ئوغانلار، ئاسىيۇلار بىرلىكتە ھۇنلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن ھۇن قوشۇنلىرى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، شىمالىي چۆللۈككە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان ھەمدە خېلى بىر مەزگىلگىچە خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىلىرىغا تېگىش قىلالمىغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 68 ـ يىلى قوياندى تەڭرىقۇت ۋاپات بولغان.

## 12. شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇت

شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇت — قوياندى تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 68 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھۇن تەختىگە چىققان. ئۇ تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە، خەن سۇلالىسى ھۇنلارنىڭ چېگرا ـ قورۇللارغا بېسىپ كىرگۈدەك كۈچى قالمىدى دەپ قاراپ، چېگرا سىرتىدىكى شەھەر مۇداپىئەسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پۇقرالارغا بىر مەزگىل ئارام ئېلىۋېلىش

يۇرسىتى بەرگەن. لېكىن، شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇت بۇ يۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئورغۇن قوشۇن تەشكىللەپ، خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرا ـ قورۇللىرىغا ھۇجۇم قىلغان. بۇنداق ئەھۋالدا، خەن سۇلالىسى پادىشاھى خەن شۈەندى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ئورغۇن قوشۇننى ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىنى توسۇشقا ئەۋەتكەن ھەمدە ھۇنلارنى قاتتىق مەغلۇب قىلىپ، شىمالىي چېگرا ـ قورۇللارنىڭ مۇداپىئەسىنى قايتىدىن كۈچەيتكەن. نەتىجىسىدە ھۇنلار چوڭ كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشقا ئامالسىز قېلىپ، خەن سۇلالىسىدىن مۇداپىئەلىنىشكە باشلىغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئەينى ۋاقىتتا ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ر ۋلار (ھۇنلارنىڭ بىر تارمىقى) ۋە تۇرالار ھۇنلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھۇن خانىدانلىقىنىڭ چېگرا ـ قورۇللىرىنى قاتتىق ۋەيران قىلغان ھەمدە ئورغۇن يۇقرا، چارۋا ۋە باشقا مال ـ دۇنيالارنى بۇلاپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ يىللاردا ھۇنلاردا ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، ئادەم ۋە مال ـ چارۋىلارنىڭ ئوندىن يەتتە قىسمى قىرىلىپ كەتكەن. بۇنداق ئەھۋالدا، شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىدىن يارىشىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كېسەل سەۋەبىدىن ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەچكە (مىلادىيىسىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى) يارىشىش ئىشى نەتىجىسىز قالغان.

## 13. ئۇيانجۇت تەڭرىقۇت

ئۇيانجۇت تەڭرىقۇت — ئۇۋى تەڭرىقۇتنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 58 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ شۇرۇچانچۇ تەڭرىقۇتنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، قوياندى تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسى جۇەنچۇنىڭ قوللىشى بىلەن ھۇن تەختىگە چىققان. ئۇ تەختكە چىقىشى بىلەنلا

خەن سۇلالىسى بىلەن دوستانە ئۆتۈش مەقسىتىدە ئىنىسى شىنزىرنى خەن ئوردىسىغا سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. خەن سۇلالىسىمۇ بۇنىڭغا جاۋابەن ھۇن ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆز ئارا ئىناق ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن ، ئۇيانجۇت تەڭرىقۇت ئىچكى جەھەتتە قول ئاستىدىكىلەرگە شەپقەتسىزلىك قىلىپ، ئۆزىنى تەختكە چىقارغان جۇەنجۇ ئالچى ۋە ئۇنىڭ ئىنىسىنى دۈرۈنچىنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ، شۇرۇۋچانچۇ تەڭرىقۇتنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە يېقىنلىرىنى مەرتىۋىسىدىن بوشاتقان ھەمدە ئۆزىنىڭ پەرزەنت ۋە ئىنىلىرىنى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويغان. بۇ ھال ئاۋام ۋە ئەمەلدارلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئەل ـ يۇرت ئۇنىڭغا بويسۇنمىغان. بۇنىڭ بىلەن ئوردىدىكى شاھزادىلەر ۋە باشقا سانغۇنلارمۇ ئۇيانجۇتقا قارشى چىقىپ، ئۆز ئارا جەڭگە ـ جېدەل قىلىشقان. دەرۋەقە، ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قالغان ئۇيانجۇت تەڭرىقۇت مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 58 ـ يىلى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

## 14. قوغشار تەڭرىقۇت

قوغشار تەڭرىقۇت — شۇرۇۋچانچۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 58 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 31 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئۇيانجۇت تەڭرىقۇتنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ شەرقىي خانلىرىدىن بولغان گۇشخان ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ قوللىشى بىلەن ھۇن تەختىگە چىققان. قوغشار تەڭرىقۇت يەنە «جىمخسان» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئاۋۋال خەلق ئارىسىدا يۈرگەن ئاكىسى قۇتۇسنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، سول قول بىلىكخان قىلغان ھەمدە ئوڭ قول بىلىكخاننى ئۆلتۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتكەن، لېكىن ئوڭ قول

بىلىكخان دۇرۇنچى بىلەن بىرلىشىپ باتىسقان بوشتاننى تۇغ تەڭرىقۇت نامى بىلەن تەڭرىقۇتلۇققا كۆتۈرگەن ۋە زور قوشۇن بىلەن قوغشار تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلغان. بۇنىڭ بىلەن قوغشار تەڭرىقۇت قاتتىق مەغلۇب بولۇپ، تۇغ تەڭرىقۇتتىن مۇداپىئەلىنىشكە باشلىغان. نەتىجىدە ھۇن ئېلىدە بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ، قوغشار تەڭرىقۇت، تۇغ تەڭرىقۇت، ئۇغۇز تەڭرىقۇت، چەلى تەڭرىقۇت، ئۇجە تەڭرىقۇت قاتارلىق بەش تەڭرىقۇت بارلىققا كەلگەن.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 56 ـ يىلى قوغشار تەڭرىقۇت نۇرغۇن قوشۇن بىلەن تۇغ تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىر ئالغان. ئۇرۇشتا يېڭىلگەن تۇغ تەڭرىقۇت ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان، تۇغ تەڭرىقۇتنىڭ كىچىك ئوغلى قوملۇت بىلەن دۇرۇنچى قېچىپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان. ئۇزاق ئۆتمەي شەرقتىكى چەلىسى تەڭرىقۇت قوغشار تەڭرىقۇتقا ئەل بولغان. دەرۋەقە، قوغشار تەڭرىقۇت ھۇن ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپ ۋەزىيەتنى ۋاقتىنچە كونترول قىلغان. لېكىن، بۇ خىل ھالەت ئۇزاق داۋاملاشمايلا، ھۇن ئېلىدە يەنە بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ، تۇغ تەڭرىقۇتنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى شۇشۇنخان ئۆزىنى رۇنجىن تەڭرىقۇت دەپ ئاتاپ، قوغشار تەڭرىقۇتقا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. ئارقىدىنلا قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ئاكىسى سول قول بىلىكخان قۇتۇس ئۆزىنى چىچى قۇتبەگ تەڭرىقۇت دەپ ئاتاپ، قوغشار تەڭرىقۇتتىن بۆلۈنگەنلىكىنى جاكارلىغان. كېيىن رۇنجىن تەڭرىقۇت زور قوشۇننى باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ چىچى تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلغان. بىراق، ئۇرۇشتا چىچى تەڭرىقۇت غالىب كېلىپ، رۇنجىن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرگەن. ئۇزاق ئۆتمەي چىچى تەڭرىقۇت نۇرغۇن قوشۇن بىلەن قوغشار تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قوزغاپ، ھۇن ئوردىسىنى ئىشغال قىلغان. قوغشار تەڭرىقۇت

ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى ئەمەلدار ئىجىزقانىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن خەن سۇلالىسى بىلەن يارىشىپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلماقچى بولغان ھەمدە خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزئارا قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 52 ـ يىلى قوغشار تەڭرىقۇت جەنۇبقا كېلىپ گەنچۈەن ئوردىسىدا خەن سۇلالىسى پادىشاھى خەن شۈەندى بىلەن تەنتەنىلىك كۆرۈشكەن. خەن شۈەندىدىن كېيىن تەختكە چىققان خەن يۈەندىمۇ قوغشار تەڭرىقۇت بىلەن بىر بىرىگە ھۇجۇم قىلماسلىق، بىر ـ بىرىنى ئالدىماسلىق، ئۆزئارا ياردەم قىلىشىش توغرىسىدىكى كېلىشىم تۈزگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 36 ـ يىلى خەن سۇلالىسى يەنە قوغشار تەڭرىقۇتقا ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ رەقىبى بولغان چىچى تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا خېلى بىر مەزگىلگىچە تىنچلىق ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ ھال ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەرگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 31 ـ يىلى قوغشار تەڭرىقۇت ۋاپات بولغان.

## 15. پۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت

پۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت — قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 31 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 21 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھۇن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ بەزى مەنبەلەردە يەنە «دېۋتاۋبۇقا» دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنغان. پۇجۇلجۇت تەختكە چىقىشى بىلەنلا، ئاتىسىنىڭ يولىدا مېڭىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ئىناق ئۆتكەن ھەمدە ئوغلى شىشتۇنۇقنى خەن ئوردىسىغا تۇرغاقلىققا

ئەۋەتكەن. يېڭىلا تەختكە چىققان پادىشاھ خەن چېڭدىمۇ خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونلىرىنىڭ ئەمىنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتقا سوۋغا ـ سالام، ئاشلىق ۋە تاۋار ـ دۇردۇنلارنى بېرىپ تۇرغان. نەتىجىدە، ھۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت ھۆكۈم سۈرگەن 10 يىل ئىچىدە ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدا ئاساسەن جەڭگى ـ جېدەل بولمىغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 21 ـ يىلى ھۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت ۋاپات بولغان.

## 16. سۇشجۇت تەڭرىقۇت

سۇشجۇت تەڭرىقۇت — ھۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 20 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 12 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھۇن تەختىگە چىققان. ئۇ بەزى مەنبەلەردە «جۇمىش» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان. سۇشجۇت تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئوغلى چۇلۇسقۇنى خەن ئوردىسىغا تۇرغاقلىققا ئەۋەتكەن. بىراق، ئۇ تەختكە چىقىپ سەككىز يىلدىن كېيىن، يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 12 ـ يىلى كېسەل سەۋەبىدىن تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان.

## 17. چەياجۇت تەڭرىقۇت

چەياجۇت تەڭرىقۇت — سۇشجۇت تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 12 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 8 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھۇن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ بەزى مەنبەلەردە يەنە «جۇمۇچ» دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنغان. چەياجۇت تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئوغلى ئۇيىتاننى خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا

تۇرغاقلىقتا ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 8 ـ يىلى ئۇ ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولغان.

## 18. ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت

ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت — چەياجۇت تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 8 ـ يىلىدىن مىلادىيە13 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھۇن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «نانكىياس» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان. ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئوغلى ئوقىياس بىلەن جىلقۇننى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ خەن ئوردىسىغا تۇرغاقىقتا ئەۋەتكەن. بۇنىڭغا جاۋابەن خەن سۇلالىسىمۇ شياخوۋفەن، خەن رۇڭ قاتارلىقلارنى ھۇنلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتقا بولغان دوستلىقىنى بىلدۈرگەن. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يەنىلا نىسبىي تىنچلىق ھۆكۈم سۈرگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 ـ يىلىغا كەلگەندە، ھۇنلارنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاسىيۇ كۇنبېيىنىڭ كىچىك ئالچىسىدىن بولغان بالىسى يابغۇ بىيانجىنىڭ ئادەملىرى ھۇنلارنىڭ غەربىي تەرىپىگە باستۇرۇپ كىرىپ، نۇرغۇن ئادەم ۋە مال ـ چارۋىلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت بەش مىڭ چەۋەنداز ئەۋەتىپ ئاسىيۇغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن مال ـ چارۋىلىرىنى بۇلاپ كەتكەن. بۇنىڭدىن قورققان بىيانج ئوغلى چۇلۇنى نائىلاج ھۇنلارغا تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ھۇنلارنىڭ غەربىي چېگرىسى ناھايىتى تېزلا تىنچلانغان.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ يىلى ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت خەن

سۇلالىسى پادىشاھى خەن ئەيدىگە مەكتۇپ يوللاپ، كېلەر يىلى زىيارەتكە بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بىراق، خەن ئوردىسىدىكى بىر قىسىم ۋەزىرلەر «ھۇنلار يوقىرىدىن كەلسە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، خەن ئەيدىگە تەڭرىقۇتنىڭ زىيارىتىنى توسۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلغان. بۇ چاغدا ئىشىكئاغىسى ياڭ شيۇڭ خەن ئەيدىگە جىددىي مەكتۇپ سۇنۇپ، ھۇنلار بىلەن چىن، خەن سۇلالىلىرىنىڭ قەدىمكى مۇناسىۋەت تارىخىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ئارقىلىق، ئىككى تەرەپنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھۇن تەڭرىقۇتنىڭ زىيارىتىنى توسۇشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. خەن ئەيدى ياڭ شيۇڭنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن قايىل بولۇپ، ھۇن ئەلچىسىنى دەرھال چاقىرتقان ھەمدە ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتقا جاۋاب مەكتۇپ يېزىپ، ئۇنىڭ زىيارەتكە كېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. دەرۋەقە، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 - يىلى ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە زىيارەتكە كەلگەن. خەن ئەيدى تەڭرىقۇتنى ناھايىتى ئىززەت - ئىكراملار بىلەن كۈتۈۋالغان ھەمدە ئۇنىڭغا يەنە 370 قۇر كىيىم - كېچەك، 30 مىڭ توپ كىمخاب ۋە تاۋار - دۇردۇن، 30 مىڭ جىڭ سەرنەخ تەقدىم قىلغان. بۇ ئىشتىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلاشقان. لېكىن، ۋاڭ ماڭ خەن سۇلالىسىنىڭ تەختىنى تارتىۋالغان (مىلادىيە 8 - يىلى) دىن كېيىن، ھۇنلارغا قارىتا مىللىي كەمسىتىش سىياسىتى يولغا قويغاچقا، ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى خېلى بىر مەزگىل داۋاملاشقان ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتكە دەز كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ۋاڭ ماڭنىڭ پوزىتسىيىسىدىن ئۈمىتسىزلەنگەن ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت سول ۋە ئوڭ قىسمىدىكى

كاھبەگلەر ھەم چېگرىدىكى خانلارغا خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرا-قورۇللىرىغا كىرىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقارغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونلىرىغا ئۈزۈلدۈرمەي تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەن، ئەسىر ئالغان ۋە ھەددى-ھېسابسىز مال-دۇنيانى بۇلاپ كەتكەن. مىلادىيە 13-يىلى ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت ۋاپات بولغان.

## 19. ئۇلجۇت تەڭرىقۇت

ئۇلجۇت تەڭرىقۇت — ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى، مىلادىيە 13-يىلىدىن مىلادىيە 18-يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھۇن تەختىگە چىققان. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، يۈن، شۇبۇتان قاتارلىق ئەمەلدارلىرىنى خەن ئوردىسىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ۋاڭ ماڭ بىلەن يارىشىپ قېلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولغان ۋاڭ ماڭ ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇلجۇت تەڭرىقۇتنىڭ تەختكە چىققانلىقىنى ئالاھىدە تەبرىكلىگەن ھەمدە ئۇنىڭغا ئالتۇن، كىيىم-كېچەك، يوتقان-كۆرپە، تاۋار-دۇردۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىنئام قىلغان. لېكىن، ۋاڭ ماڭ ئۇلجۇت تەڭرىقۇتنىڭ خەن ئوردىسىغا ئەۋەتكەن تۇرغاق ئوغلى دېڭنى تېخى ھايات دەپ ئالداپ، دېڭنى قايتۇرۇپ بېرىش بەدىلىگە ھۇنلارغا تەسلىم بولغان چېن لياڭ، جوۋ دەي قاتارلىق كىشىلەرنى سېتىۋالماقچى بولغان. دەرۋەقە، ئۇلجۇت تەڭرىقۇت چېن لياڭ، جوۋ دەي قاتارلىق 27 كىشىنى ۋاڭ ماڭنىڭ ئەلچىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. بىراق، ئۆزاق ئۆتمەيلا خەن ئوردىسىدىن قايتقان ھۇن ئەلچىلىرى تەڭرىقۇتقا دېڭنىڭ ئاللىبۇرۇن

ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتقان. ۋاڭ ماڭنىڭ ئالدامچىلىقىدىن قاتتىق غەزەبلەنگەن ئۈلجۈت تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىلىرىغا كەڭ ـ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. نەتىجىدە مىلادىيە 15 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ۋاڭ ماڭ ۋاڭ شې، ۋاڭ شيەن قاتارلىق ئەمەلدارلارنى مەخسۇس ئەلچىلىككە تەيىنلەپ، ئۈلجۈت تەڭرىقۇتنىڭ تۇرغاق ئوغلى دېڭنىڭ جەسىتىنى ھۇن ئوردىسىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. بۇ قېتىم ۋاڭ ماڭ يەنە ئەلچىلەر ئارقىلىق ئۈلجۈت تەڭرىقۇتقا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە باشقا بۇيۇملارنى تەقدىم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەت ئاستا ـ ئاستا يۇمشاشقا باشلىغان. مىلادىيە 18 ـ يىلى ئۈلجۈت تەڭرىقۇت ۋاپات بولغان.

## 20. قۇتئەرىش تالانوتى تەڭرىقۇت

قۇتئەرىش تالانوتى تەڭرىقۇت — ئۈلجۈت تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى، مىلادىيە 18 ـ يىلىدىن مىلادىيە 46 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھۇن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ بەزى مەنبەلەردە يەنە «سول قول بىلىكخان يۇ» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان. قۇتئەرىش تالانوتى تەڭرىقۇت تەختكە چىقىشى بىلەنلا چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ۋاڭ ماڭدىن مال ـ دۇنيا تەلەپ قىلغان. لېكىن، ۋاڭ ماڭ ھۇنلارغا بۆلگۈنچىلىك سىياسىتى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، ھۇن ئەلچىسى شۇبۇتاننى تەرىقۇتلۇققا تەيىنلەپ، ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تەڭرىقۇت قاتتىق دەرغەزەپ بولۇپ زور قوشۇن بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا ـ قورۇللىرىنى دەھشەتلىك تۈردە تالان ـ تاراج قىلغان. دەل شۇ پەيتتە، خەن سۇلالىسى خان جەمەتىنىڭ ئەزالىرى قوزغىلىپ ۋاڭ

ماگىنى ئۆلتۈرگەن. مىلادىيە 24 ـ يىلى قىشتا خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھۇنلارغا يېڭىدىن بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ئۆزئارا يارىشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە تەڭرىقۇتقا نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى تارتۇق قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يېڭىۋاشتىن ياخشىلىنىشقا باشلىغان. مىلادىيە 30 ـ يىلىغا كەلگەندە، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھ گۇاڭ ۋۇدى ھۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، قۇتئەرىش تالانوتى تەڭرىقۇتقا ئالتۇن، يىپەك ـ تاۋار تەقدىم قىلىپ ئىلگىرىكى دوستانە مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. بىراق، قۇتئەرىش تالانوتى تەڭرىقۇت ئۆزىنى باتۇر تەڭرىقۇتقا سېلىشتۇرۇپ، شەرقىي خەن ئەلچىلىرىگە تەكەببۇرلۇق قىلغان ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەيلا يېڭى قۇرۇلغان شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا ـ قورۇللىرىغا قارىتا كەڭ ـ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغاپ، ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيانى بۇلاپ كەتكەن. شەرقىي خەن سۇلالىسى نەچچە رەت ئەسكەر چىقارغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تېخى ئوڭشىۋالالمىغاچقا ناھايىتى زور ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ھۇنلاردىن مۇداپىئەلىنىشكە مەجبۇر بولغان. مىلادىيە 46 ـ يىلى قۇتئەرىش تالانوتى تەڭرىقۇت ۋاپات بولغان.

## 21. ئوتاتخۇ تەڭرىقۇت

ئوتاتخۇ تەڭرىقۇت — قۇتئەرىش تالانوتى تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، مىلادىيە 46 ـ يىلى تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھۇن تەختىگە چىققان. ئۇ بەزى مەنبەلەردە «سول قول بىلىكخان ئوتاتخۇ تەڭرىقۇت» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان. لېكىن، ئوتاتخۇ تەڭرىقۇت تەختكە چىقىپ بىر يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ۋاپات بولغان.

## 22. پانۇ تەڭرىقۇت

پانۇ تەڭرىقۇت — ئوتاتخۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى، مىلادىيە 46 ـ يىلىدىن مىلادىيە 86 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن هۇن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «چەپ قول بىلىكخان پانۇ تەڭرىقۇت» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان. پانۇ تەڭرىقۇت تەختكە چىققان مەزگىلدە، هۇنلار ئېلىدە ئۇدا بىر نەچچە يىل قۇرغاقچىلىق ۋە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم يەردە بىر تالمۇ گىياھ ئۈنمىگەن، دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەر قۇرۇپ كەتكەن. ئادەم ۋە چارۋىلار ئاچ قېلىپ ۋە كېسەل بولۇپ تەڭدىن تولىسى ئۆلۈپ كەتكەن. بۇنداق ئەھۋالدا، پانۇ تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ هۇنلارنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ هۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. شەرقىي خەن سۇلالىسىمۇ جاۋابەن ئەلچى ئەۋەتىپ، تىنچ ـ ئىتتىپاق ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن، ئەينى چاغدا هۇن ئېلىدە يەنە قالايمىقان تەخت تالىشىش كۆرىشى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىپ، هۇنلار ئېغىر زىددىيەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغان. بۇ قېتىملىق هوقۇق تالىشىش كۆرىشىدە هۇنلارنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا تۇرۇشلۇق باتىسقان بېي مىلادىيە 48 ـ يىلى باهاردا، باشقا سەككىز قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن كېڭىشىپ ئۆزىنى بوۋىسىنىڭ نامى بىلەن «قوغشار تەڭرىقۇت» دەپ ئاتىغان ھەمدە بوۋىسى قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ يولىدا مېڭىپ خەن سۇلالىسى بىلەن ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى گۇاڭ ۋۇدىغا مەڭگۈ خەن سۇلالىسىنىڭ قالقىنى بولۇپ، شىمالىي هۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. گۇاڭ ۋۇدىمۇ مەخسۇس ئەلچى

ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر پۈتۈن ھۇن خانىدانلىقى شىمالىي ھۇن خانىدانلىقى ۋە جەنۇبىي ھۇن خانىدانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن.

## 2. شىمالىي ھۇن خانىدانلىقىنىڭ خاقانلىرى

### 1. پانۇ تەڭرىقۇت

خانلىق پارچىلانغاندىن كېيىن، پانۇ تەڭرىقۇت ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ، جەنۇبىي ھۇن خانىدانلىقىنىڭ تەڭرىقۇتى قوغشار بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى بولۇپ قالغان. مىلادىيە 49 ـ يىلى قوغشار تەڭرىقۇت ئىنىسى سول قول بىلىكخان مورنى 10 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئەۋەتىپ، پانۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى ئۇكەن سول قول بىلىكخانىنى تىرىك قولغا چۈشۈرگەن. بۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە پانۇ تەڭرىقۇتقا بىۋاسىتە قاراشلىق قوشۇنلارنىمۇ مەغلۇپ قىلىپ، شىمالىي ھۇن خانىدانلىقىنىڭ تەڭرىقۇتى پانۇنى مىڭ چاقىرىملاپ يەرنى تاشلاپ شىمالغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان. بۇنداق ئەھۋالدا شىمالىي ھۇن خانىدانلىقىدا پارچىلىنىش يۈز بېرىپ، پانۇ تەڭرىقۇتنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇكەن قۇتبېگى ۋە ئۇلۇڭ قۇتبېگى 30 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنى باشلاپ كېلىپ جەنۇبىي ھۇن خانىدانلىقىنىڭ تەڭرىقۇتى قوغشارغا تەسلىم بولغان. نەتىجىدە شىمالىي ھۇن خانىدانلىقىنىڭ تەڭرىقۇتى پايدىسىز ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، مىلادىيە 51 ـ يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆز ئارا يارىشىشنى تەلەپ قىلغان. خەن سۇلالىسى پادىشاھى گۇاڭ ۋۇدى

جەنۇبىي ھۇن خانىدانلىقىدىن ئەنسىرەپ، پانۇ تەڭرىقۇتقا ئېنىق جاۋاب قايتۇرمىغان. مىلادىيە 52 ـ يىلى پانۇ تەڭرىقۇت يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن يارىشىش قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ قېتىم گۇاڭ ۋۇدى ناھايىتى كۆپ تالاش ـ تارتىشلار ھەم بەس ـ مۇنازىرە ئارقىلىق، شىمالىي ھۇن خانىدانلىقىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار بىلەن يارىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بىراق، جەنۇبىي ھۇن خانىدانلىقىنىڭ تەڭرىقۇتى خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي ھۇنلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن نارازى بولۇپ، شىمالىي تەڭرىقۇت ئېلىگە داۋاملىق تۇردە تېگىش قىلىپ تۇرغان. مىلادىيە 84 ـ يىلىغا كەلگەندە، پانۇ تەڭرىقۇت شەرقىي خەن ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆز ئارا سودا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. خەن سۇلالىسى پادىشاھ خەن جاڭدى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، شىمالىي ھۇنلار بىلەن يېقىن سودا مۇناسىۋىتى ئورناتقان. لېكىن، بۇنىڭدىن خەۋپسىرىگەن جەنۇبىي ھۇن خانىدانلىقىنىڭ تەڭرىقۇتى شىمالىي ھۇنلار بىلەن شەرقىي خەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق توسقۇنلۇق قىلغان، ھەتتا شىمالىي ھۇن سودىگەرلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. تەخمىنەن مىلادىيە 86 ـ يىلى پانۇ تەڭرىقۇت ۋاپات بولغان.

### 2. ئۇلۇغ تەڭرىقۇت

ئۇلۇغ تەڭرىقۇت پانۇ تەڭرىقۇتتىن كېيىن شىمالىي ھۇن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. نۆۋەتتە، ئۇلۇغ تەڭرىقۇت بىلەن پانۇ تەڭرىقۇت ئوتتۇرىسىدىكى نەسەبىي مۇناسىۋەت ئېنىق ئەمەس. ئۇلۇغ تەڭرىقۇت تەختكە چىقىشى بىلەنلا جەنۇبىي ھۇن خانىدانلىق تەڭرىقۇتىنىڭ تەكرار ھۇجۇملىرىغا دۇچ كېلىپ، ئېغىر دەرىجىدە

ھالسىرىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم شىمالىي ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى ئۈزۈلدۈرمەي جەنۇبىي ھۇنلار تەرەپكە ئۆتۈپ تۇرغان. دەل شۇ پەيتتە، يەنى مىلادىيە 87 - يىلى سىيانپىيلار شەرق تەرەپتىن بېسىپ كىرىپ، شىمالىي ھۇنلارغا تېگىش قىلغان ھەمدە ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلۇغ تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ تېرىسىنى شىلىۋېلىپ قايتىپ كەتكەن.

### 3. شىمالىي تەڭرىقۇت

شىمالىي تەڭرىقۇت — ئۇلۇغ تەڭرىقۇتنىڭ ئانا باشقا ئاكىسى. ئۇ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، قۇتبەگلىرىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن شىمالىي ھۇن تەختىگە چىققان. ئۇ بەزى مەنبەلەردە «ئۇڭ قول بىلىكخان» دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىنغان. شىمالىي تەڭرىقۇت تەختكە چىققان مەزگىلدە، شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، ۋەزىيەت ناھايىتى كەسكىنلىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەھەتچىلىك، چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ، جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى قاتارلىق خەن سۇلالىسىغا ئەل بولغۇچىلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ بارغان. بۇنداق ئەھۋالدا جەنۇبىي ھۇن خانىدانلىقىنىڭ تەڭرىقۇتى شۇلان شىسۇقۇتى تۈندۈق شەرقىي خەن سۇلالىسىغا شىمالىي ھۇنلارنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، شىمالىي تەڭرىقۇتقا بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا مەكتۇپ يوللىغان. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان شەرقىي خەن سۇلالىسى مىلادىيە 89 - يىلى گېڭ بىڭ، دېڭ خۇڭ باشچىلىقىدىكى زور قوشۇننى ئەۋەتىپ، جەنۇبىي ھۇن قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە شىمالىي ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ ئۇرۇشتا شىمالىي تەڭرىقۇت قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى تاشلاپ شىمالغا قېچىپ كەتكەن.

مىلادىيە 90 ـ يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى شىمالىي ھۇنلارغا قارشى يەنە بىر قېتىم چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ، جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى شولان شىسۇقوتنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا شىمالدا تا ھۇن دەرياسى (ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا)، خېيۇەن (ھۇن ئېلىدىكى بىر جاي، ئورنى نامەلۇم) ۋە تەڭرىتاغ (بۇ يەردىكى «تەڭرىتاغ» ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى خاڭغاي تاغلىرىنى كۆرسىتىدۇ) لىرىغىچە بېسىپ كەلگەن. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا شىمالىي تەڭرىقۇت قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتكەن. نەتىجىدە شەرقىي خەن سۇلالىسى ۋە جەنۇبىي ھۇن قوشۇنلىرى شىمالىي تەڭرىقۇتنىڭ ئانىسى ۋە بەش قېرىندىشىنى ئەسىر ئېلىپ، سەككىز مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالغان ۋە نۇرغۇن مال ـ دۇنيانى قولغا چۇشۇرۇپ غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن. مىلادىيە 91 ـ يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى يەنە ئەسكەر چىقىرىپ، شىمالىي تەڭرىقۇتنى قاتتىق تارمار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن يېڭىلگەن شىمالىي تەڭرىقۇت قاياقلارغىدۇر قېچىپ كەتكەن.

### 4. يۇرتجان تەڭرىقۇت

يۇرتجان تەڭرىقۇت — شىمالىي تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى، مىلادىيە 91 ـ يىلىدىن مىلادىيە 93 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاكىسى غايىپ بولغاندىن كېيىن ھۇن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. يۇرتجان تەڭرىقۇت تەختكە چىقىشى بىلەنلا شەرقىي خەن سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزئارا يارىشىپ قېلىش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن ھەمدە ئۆز ئاھالىلىرىنى باشلاپ باركۆلگىچە يېتىپ كەلگەن. خەن سۇلالىسى پادىشاھى خەن خېدى مىلادىيە 92 ـ يىلى گېڭ كۈي قاتارلىقلارنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، شىمالىي ھۇنلار

بىلەن يارىشىپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە يۈرتجان تەڭرىقۇتقا قاشتېشى بىلەن بېزەلگەن تۆت دانە خەنجەر ۋە پەي قادالغان تۆت ئاتلىق مەپە تەقدىم قىلغان. لېكىن، مىلادىيە 93 ـ يىلى يۈرتجان تەڭرىقۇت ئىسيان كۆتۈرۈپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى سەركەردىسى دۇشيەننى ئۆلتۈرگەن ھەمدە قوشۇنلىرىنى باشلاپ شىمالىي ھۇن ئوردىسىغا قايتىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ خەن خېدى ۋاڭ فۇ، رېن شاڭ قاتارلىق داڭلىق سانغۇنلىرىنى ئەۋەتىپ، يۈرتجان تەڭرىقۇتنى ئالداپ قايتۇرۇپ كېلىپ ئۆلتۈرگەن.

## 5. فېڭخۇ تەڭرىقۇت

فېڭخۇ تەڭرىقۇت — شولان شىسۇقوتى تەڭرىقۇت تۇندۇقنىڭ ئوغلى، مىلادىيە 94 ـ يىلىدىن مىلادىيە 118 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ مىلادىيە 94 ـ يىلى جەنۇبىي ھۇنلارغا ئەل بولغان شىمالىي ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن ھۇن تەختىگە چىقىرىلغان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «ئۇكەن باتىسقان» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان. فېڭخۇنى تەختكە چىقارغان شىمالىي ھۇنلارنىڭ 15 قەبىلىسىدىن 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يېڭىدىن جەنۇبىي ھۇن تەختىگە چىققان تىيىندورىشۇتى تەڭرىقۇت شىرغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئەمەلدار ـ پۇقرالارنى بۇلاپ ۋە ئۆلتۈرۈپ، چېگرا ـ قورۇللارغا ئوت قويۇۋەتكەن ھەمدە قۇملۇقنىڭ شىمالىغا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان. بۇ ئەھۋالدا شەرقىي خەن سۇلالىسى نۇرغۇن قوشۇن ئەۋەتىپ، تىيىندورىشۇتى تەڭرىقۇت شىرنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە فېڭخۇ تەڭرىقۇتقا قوغلاپ زەربە بەرگەن. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كۆپ ئۇرۇشلار بولۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا فېڭخۇ تەڭرىقۇت چېگرا ـ قورۇلدىن ساق ـ سالامەت چىقىپ كەتكەن. مىلادىيە 95 ـ يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى

ۋە جەنۇبىي ھۇن قوشۇنلىرى قوغلاشنى توختىتىپ پۈتۈنلەي قايتىپ كەلگەن.

فېڭخۇ تەڭرىقۇت شىمالغا چېكىنگەندىن كېيىن، ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە ناھايىتى مۈشكۈل ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن. ئىچكى جەھەتتە بىر قىسىم ئەمەلدارلار ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالماي ئىسيان كۆتۈرۈپ، جەنۇبقا قايتىپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىمالىي ھۇن ئېلىدە ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز بەرگەچكە، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان. تاشقى جەھەتتە بولسا، سىيانپېيلار ۋە جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى شىمالىي ھۇن ئېلىگە تەكرار ـ تەكرار ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ خارابلاشتۇرۇۋەتكەن. بۇ خىل ئەھۋالدا، فېڭخۇ تەڭرىقۇت ۋەزىيەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن شەرقىي خەن سۇلالىسىگە نەچچە رەت ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزئارا يارىشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى فېڭخۇ تەڭرىقۇتقا ئاشكارە ئىپادە بىلدۈرمىگەن بولسىمۇ، بىراق شىمالىي ھۇن ئەلچىلىرىنى ئۆز لايىقىدا يولغا سېلىپ تۇرغان. مىلادىيە 117 ـ يىلىغا كەلگەندە فېڭخۇ تەڭرىقۇت سىيانپېيلارنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭ قوۋمى ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالدا قالغان. بۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 118 ـ يىلى باھاردا، فېڭخۇ تەڭرىقۇت يۈزدىن ئارتۇق چەۋەنداز بىلەن قايتىپ كېلىپ، شۇفاڭ قورۇلىدا شەرقىي خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان.

فېڭخۇ تەڭرىقۇت شەرقىي خەن سۇلالىسىغا ئەل بولغاندىن كېيىن، شىمالىي چۆللۈكتە قېپقالغان ھۇن ئاھالىلىرى ئىچكى ـ تاشقى بېسىملار تۈپەيلىدىن، ئۆز زېمىنىنى تاشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قاڭلى (قاڭقىل) رايونىغا كۆچكەن. نەتىجىدە شىمالىي

هۇنلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىمۇ ئاخىرلاشقان. قاڭقىل رايونىغا كۆچكەن هۇنلار كېيىنكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەريا ۋادىلىرىنى ئاساس قىلىپ، بۇ جايدا «غەربىي هۇن دۆلىتى»نى قۇرۇپ چىققان. مىلادىيە 375 ـ يىلى غەربىي هۇنلار بالامىر دېگەن كىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە غەربكە يۈرۈش قىلىپ، شەرقىي ياۋروپاغا باستۇرۇپ كىرگەن. بۇ قېتىم هۇن قوشۇنلىرى تا ئىسپانىيىگىچە هۇجۇم قىلىپ كىرگەن. مىلادىيە 400 ـ يىلى هۇنلار مەشهۇر سەركەردە ئاتتىلانىڭ باشچىلىقىدا ياۋروپادىكى كۈچلۈك ئىمپېرىيە — رىم ئىمپېرىيىسىگە هۇجۇم قىلىپ، مىلادىيە 405 ـ يىلى رىم ئىمپېرىيىسىنى تولۇق مۇنقەرز قىلغان هەمدە شەرقتە هازىرقى ئورال تاغلىرىنىڭ غەربىدىن تاكى ياۋروپانىڭ غەربىي جەنۇبىگىچە سوزۇلغان زور ئىمپېرىيە — ياۋروپا هۇن ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ چىققان. لېكىن، مىلادىيە 453 ـ يىلى ئاتتىلانىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن، ياۋروپا هۇن ئىمپېرىيىسى پارچىلىنىشقا يۈزلىنىپ، كۆپچىلىك هۇن ئاهالىلىرى هازىرقى ۋېنگىرىيە زېمىنىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان هەمدە يەرلىك مىللەتلەر بىلەن ئۆزئارا سىڭىشىپ هازىرقى ۋېنگىر (هۇنگار) مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

# 3. جەنۇبىي ھۇن خانىدانلىقىنىڭ خاقانلىرى

## 1. قوغشار تەڭرىقۇت

قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ئەسلى ئىسمى باتىسقان بىي بولۇپ، ئۇ ھۇن خانىدانلىقىنىڭ 14 ـ خاقانى قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ نەۋرىسى، پۇجۇلجۇت تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، مىلادىيە 48 ـ يىلىدىن مىلادىيە 56 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ مىلادىيە 48 ـ يىلى ھۇنلارنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا تۇرۇشلۇق سەككىز قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزىنى بوۋىسىنىڭ نامى بىلەن «قوغشار تەڭرىقۇت» دەپ ئاتىغان ھەمدە پانۇ تەڭرىقۇتتىن رەسمىي ئايرىلغانلىقىنى جاكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن ھۇن خانىدانلىقى شىمال ۋە جەنۇب دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. قوغشار تەڭرىقۇت بەزى ماتېرىياللاردا «شىلوشجۇت تەڭرىقۇت»، «بىي»، «بى» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. ئۇ جەنۇبىي ھۇن تەختىنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، ئاۋۋال شەرقىي خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بوۋىسى قوغشار تەڭرىقۇت تۇتقان يولنى تۇتىدىغانلىقىنى، مەڭگۈ خەن سۇلالىسىنىڭ قالقىنى بولۇپ، شىمالىي ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. خەن سۇلالىسى پادىشاھ گۇاڭ ۋۇدىمۇ ۋۇگوەن ئەمىر نۆكىرى گېلىڭ گونىڭ مەسلىھەتى بويىچە قوغشارنى «تەڭرىقۇت» دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قوغشار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي

چېگرا رايونلىرىدا تۇرۇپ، شىمالىي ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلەنگەن. ئارقىدىنلا يەنە شىمالىي ھۇن خاقانى پانۇ تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا قوغشار تەڭرىقۇت شىمالىي ھۇنلارغا يەنە داۋاملىق تۇردە تېگىش قىلىپ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا - قورۇللىرىنى مۇھاپىزەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشلار ئارقىلىق، شىمالىي ھۇنلارنىڭ نۇرغۇن مال - چارۋا ۋە باشقا بايلىقلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. لېكىن، شەرقىي خەن سۇلالىسى قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ئاسىيلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، پانۇ تەڭرىقۇت بىلەن بولغان ئالاقىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋەتمەي، شىمالىي ھۇنلار بىلەنمۇ مۇئەييەن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. مىلادىيە 56 - يىلى قوغشار تەڭرىقۇت ۋاپات بولغان.

## 2. كىئۇفۇيۇتى تەڭرىقۇت

كىئۇفۇيۇتى تەڭرىقۇت — قوغشار تەڭرىقۇت بىينىڭ ئىنىسى، مىلادىيە 56 - يىلىدىن مىلادىيە 57 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن جەنۇبىي ھۇن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ بەزى مەنبەلەردە «سول قول بىلىكخان مور» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان. لېكىن، مەزكۇر خاقان تەختكە چىقىپ بىر يىلدىن كېيىنلا ۋاپات بولغان.

## 3. ئىفايلۇت تەڭرىقۇت

ئىفايلۇت تەڭرىقۇت — كىئۇفۇيۇتى تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى، مىلادىيە57 - يىلىدىن مىلادىيە 59 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھۇن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان.

ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «قان» ، «ئىفايلۇت تەڭرىقۇت قان» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. ئىفايلۇت تەڭرىقۇت تەختكە چىققان مەزگىلدە، شىمالىي هۇنلاردىن قويچۇ ئۆز قوۋمىدىن مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، جەنۇبىي هۇنلارغا ئەل بولغان. مىلادىيە 59 ـ يىلى ئىفايلۇت تەڭرىقۇت ۋاپات بولغان.

## 4 . شىتۇڭشىجۇ قۇت تەڭرىقۇت

شىتۇڭشىجۇ قۇت تەڭرىقۇت — قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، مىلادىيە 59 ـ يىلىدىن مىلادىيە 63 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئىفايلۇت تەڭرىقۇتنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن هۇن تەختىگە چىققان. ئۇ بەزى مەنبەلەردە «شى» ، «شىتۇڭشىجۇ قۇت تەڭرىقۇت شى» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. شىتۇڭشىجۇ قۇت تەڭرىقۇت تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا شىمالىي هۇنلار ئالتە ـ يەتتە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ۋۇيۈەن قورۇلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. بۇ قېتىم شىمالىي هۇنلار تاكى يۈەنياڭ (هازىرقى خوخوت شەهىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) ناهىيىسىگىچە بېسىپ كىرگەن. بۇنىڭ بىلەن شىتۇڭشىجۇ قۇت تەڭرىقۇت قوشۇن چىقىرىپ ئۇلارنى چېكىندۈرگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسىمۇ ئەسكەر چىقىرىپ شىتۇڭشىجۇ قۇت تەڭرىقۇتقا يېقىندىن ماسلاشقان. مىلادىيە 63 ـ يىلى شىتۇڭشىجۇ قۇت تەڭرىقۇت ۋاپات بولغان.

## 5. كىئۇچۇ گۇيلىنت تەڭرىقۇت

كىئۇچۇ گۇيلىنت تەڭرىقۇت — كىئۇفۇيۇتى تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، مىلادىيە 63 ـ يىلى تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ شىتۇڭشىجۇ قۇت تەڭرىقۇتتىن كېيىن هۇن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ بەزى مەنبەلەردە «سۇ» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان. لېكىن، كىئۇچۇ

گۇيلىنت تەڭرىقۇت تەختكە چىقىپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىنلا ئۆلۈپ كەتكەن.

### 6. غۇيەشى سۇقۇتى تەڭرىقۇت

غۇيەشى سۇقۇتى تەڭرىقۇت — شىتۇڭشىجۇ قۇت تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى، مىلادىيە 63 ـ يىلىدىن مىلادىيە 85 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ كىئۇچۇ گۇيلىنت تەڭرىقۇتتىن كېيىن هۇن تەختىگە چىققان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «چان»، «غۇيەشى سۇقۇتى تەڭرىقۇت چان» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. غۇيەشى سۇقۇتى تەڭرىقۇت تەختكە چىققان چاغدا شىمالىي هۇنلار خېلى كۈچەيگەن بولۇپ، شىمالىي چېگرا ـ قورۇللارغا داۋاملىق تۇردە تېگىش قىلىپ تۇرغان ھەمدە ئەلچى ئەۋەتىپ خەن سۇلالىسى بىلەن سودا ـ ئالاقە قىلىشنى تەلەپ قىلغان. پادىشاھ خەن مىڭدىمۇ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا يول قويغان. لېكىن، غۇيەشى سۇقۇتى تەڭرىقۇت پادىشاھ خەن مىڭدىنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسىدىن نارازى بولۇپ، شىمالىي هۇنلارغا نىسبەتەن قاتتىق بولۇشنى تەلەپ قىلغان. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي شىمالىي هۇنلار يەنە تولۇم قېيىق ياساپ، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خەن سۇلالىسىگە قارشى چىققان جەنۇبىي هۇن ئىسيانچىلىرىنى قارشى ئالماقچى بولغان، لېكىن خەن سۇلالىسىنىڭ ئالدىن تەييارلىق كۆرۈپ قويغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ دەرھال چېكىنىپ كەتكەن. بۇنىڭغا ئۇلاپلا خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىي چېگرىلىرىغا كەڭ ـ كۆلەمدە باستۇرۇپ كىرىپ، شەھەرلەرنى كۆيدۈرۈپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاپ كەتكەن. خېشى رايونىنىڭ شەھەر قوۋۇقلىرى كۈندۈزىمۇ ئېتىك تۇرىدىغان بولغان. بۇنىڭدىن قاتتىق تەشۋىشلەنگەن خەن مىڭدى جىددىي

قوشۇن يۆتكەپ، مىلادىيە 73 ـ يىلى غۇيەشى سۇقۇتى تەڭرىقۇتنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە شىمالىي ھۇنلارغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن. ئۇرۇشتا شىمالىي ھۇن قوشۇنلىرى قاتتىق مەغلۇب بولۇپ، قوملۇقتىن ئۆتۈپ قېچىپ كەتكەن. بۇ ۋاقىتتا شىمالىي ھۇنلار خېلىلا ھالسىرىغان بولۇپ، ئالدى تەرەپتە جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ، ئارقا تەرەپتە تۇرالارنىڭ، سول تەرەپتە سىيانپىيلارنىڭ، ئوڭ تەرەپتە غەربىي يۇرتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، خەلقى تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن. مىلادىيە 85 ـ يىلى غۇيەشى سۇقۇتى تەڭرىقۇت كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

## 7. ئىلىتونوغال تەڭرىقۇت

ئىلىتونوغال تەڭرىقۇت — ئىفايلۇت تەڭرىقۇت قاننىڭ ئوغلى، مىلادىيە 85 ـ يىلىدىن مىلادىيە 88 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ غۇيەشى سۇقۇتى تەڭرىقۇتتىن كېيىن ھۇن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «شۇەن»، «ئىلىتونوغال تەڭرىقۇت شۇەن» دېگەنناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. ئىلىتونوغال تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، شىمالىي ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغاپ ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلىغان. بۇ خىل ئەھۋالدا، شەرقىي خەن سۇلالىسى ۋۇۋېي ۋالىيسى مىڭ يۈننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىمالىي ھۇنلارنىڭ چېگرىلارغا يەنە تېگىش قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، جەنۇبىي ھۇنلار بۇلاپ كەتكەن ئادەملەرنى ھەسسىلەپ پۇل بېرىپ سېتىۋېلىپ شىمالىي ھۇنلارغا قايتۇرۇپ بەرگەن. جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ جەڭدە شىمالىي ھۇنلارنى ئۆلتۈرگىنى ۋە ئەسىر ئالغىنىنى ئۇلارنىڭ تۆھپىسى ھېسابلاپ مۇكاپاتلىغان. لېكىن، ئىلىتونوغال تەڭرىقۇت ئەسكەر چىقىرىپ شىمالىي ھۇنلارغا داۋاملىق تۇردە ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان. دەل

مۇشۇ ۋاقىتتا، يەنى مىلادىيە 87 ـ يىلى سىيانپىيلار ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلۇغ تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرگەن. مىلادىيە 88 ـ يىلى ئىلتونوغال تەڭرىقۇت ۋاپات بولغان.

## 8. شولان شىسۇقوتى تەڭرىقۇت

شولان شىسۇقوتى تەڭرىقۇت — غۇيەشى سۇقۇتى تەڭرىقۇت چاننىڭ ئىنىسى، مىلادىيە 88 ـ يىلىدىن مىلادىيە 93 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئىلتونوغال تەڭرىقۇتتىن كېيىن ھۇن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «تۇندۇق»، «شولان شىسۇقوتى تەڭرىقۇت تۇندۇق» دېگەن ناملار بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنغان. شولان شىسۇقوتى تەڭرىقۇت تەختكە چىققان مەزگىلدە، شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، قەھەتچىلىك ۋە چېكەتكە ئاپىتى بولۇپ، نۇرغۇن مال ـ چارۋا ۋە ئادەملەر قىرىلىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن تەشۋىشلەنگەن بىر قىسىم ئەمەلدارلار ئۆز قوۋمىنى باشلاپ جەنۇبىي ھۇنلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇنداق ئەھۋالدا شولان شىسۇقوتى تەڭرىقۇت شەرقىي خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا مەكتۇپ يوللاپ، شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلگۈنچىلىك يۈز بېرىۋاتقان مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ مەكتۇپتىن خۇشال بولغان شەرقىي خەن سۇلالىسى مىلادىيە 89 ـ يىلى شولان شىسۇقوتى تەڭرىقۇت بىلەن 30 مىڭ كىشىلىك بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللەپ، شىمالىي ھۇنلارغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتكەن. مىلادىيە 90 ـ يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى يەنە ئەسكەر چىقىرىپ جەنۇبىي ھۇن قوشۇنلىرى بىلەن بىللە شىمالىي ھۇن ئېلىگە ئىچكىرلەپ كىرگەن ھەمدە شىمالىي تەڭرىقۇتنى قاتتىق تارمار قىلغان. ئۇزاق ئۆتمەي شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى ئىز ـ

دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن. جەنۇبىي ھۇنلار بۇ قېتىملىق ئۇرۇش ئارقىلىق تېزلا قۇدرەت تېپىپ، ئاھالىسى 34 مىڭ تۈتۈن، 237 مىڭ 300 نوپۇسقا يەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەسكەرلىككە يارايدىغىنى 50 مىڭ 170 كىشى بولغان. مىلادىيە 93 - يىلى شولان شىسۇقۇتى تەڭرىقۇت ۋاپات بولغان.

## 9. ئەنگور تەڭرىقۇت

ئەنگو تەڭرىقۇت — ئىلتونوغال تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى، مىلادىيە 93 - يىلىدىن مىلادىيە 94 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ شولان شىسۇقۇتى تەڭرىقۇتتىن كېيىن جەنۇبىي ھۇن تەختىگە چىققان. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، بۇرۇنقى خاقانلاردىن ئىلتونوغال تەڭرىقۇت شۈەن ۋە تۈندۇقلار تەرىپىدىن ئالاھىدە ئەتىۋارلانغان ھەم ئەل ئارىسىدا زور شان - شۆھرەتكە ئىگە بولغان سول قول قان شىرغا ھەسەتخورلۇق قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلىغان ھەمدە ھەر ۋاقىت پۇرسەت كۈتۈپ، ئۇنى قەستلەش كويىدا بولغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سول قول قان شىرمۇ دائىم ھوشيار تۇرغان. كېيىن زىددىيەت ئاستا - ئاستا ئاشكارلىنىپ، ئەنگور تەڭرىقۇت شىرغا ئالدى بىلەن ھۇجۇم قوزغىغان. بىراق، شىر پۈتۈن قوۋمىنى باشلاپ ئۆزىنى دالدىغا ئالغان. خەن سۇلالىسى بۇ ئىككىسىنى ياراشتۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەنگور بۇنى رەت قىلغان. نەتىجىدە خەن سۇلالىسى ئەنگورغا جازا يۈرۈش قىلىپ ئۇنى قوغلىغاندا، ئۇ ئانا تەرەپ تاغىسى قۇتبەگ شىۋىر قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## 10. تىيىندورىشۇتى تەڭرىقۇت

تىيىندورىشۇتى تەڭرىقۇت — شىتۇڭشىجۇ قۇت تەڭرىقۇتنىڭ

ئوغلى، مىلادىيە 94 ـ يىلىدىن مىلادىيە 98 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئەنگور تەڭرىقۇتتىن كېيىن جەنۇبىي ھۇن تەختىگە چىققان. ئۇ بەزىي مەنبەلەردە «شىر»، «تىيىندورشۇتى تەڭرىقۇت شىر» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. تىيىندورشۇتى تەڭرىقۇت تەختكە چىقىشى بىلەنلا جەنۇبىي ھۇنلارغا ئەل بولغان شىمالىي ھۇنلاردىن بەش ـ ئالتە يۈز ئادەم شىرغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. بىراق، شەرقىي خەن سۇلالىسى ئەسكەر چىقىرىپ ئىسيانچىلارنى تىنچىتقان. نەتىجىدە يېڭى ئەل بولغان شىمالىي ھۇنلارنىڭ 15 قەبىلىسىدىن 200مىڭدىن ئارتۇق ئادەم دەرھال قوزغىلىپ، مەرھۇم شۇلان شىسۇقوتى تەڭرىقۇت تۇندۇقنىڭ ئوغلى ئۇكەن باتىسقان فىڭخۇنى ئۆزلىرىگە تەڭرىقۇت قىلغان ھەمدە قوملۇقنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەتمەكچى بولغان. بۇنىڭ بىلەن تىيىندورشۇتى تەڭرىقۇت شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن بىرلىكتە قوشۇن چىقىرىپ، فېڭخۇغا قارشى ئۇرۇش قىلغان ۋە ئۇنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈۋەتمەكچى بولغان. لېكىن، فېڭخۇ تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا ـ قورۇللىرىنى قاتتىق ۋەيران قىلىپ، ئۆز ئاھالىلىرى بىلەن ساق ـ سالامەت قورۇلدىن چىقىپ كەتكەن. تىيىندورشۇتى تەڭرىقۇت بولسا شىمالىي ھۇنلارنىڭ قالدۇق ئاھالىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان ھەمدە شىمالىي تەڭرىقۇتنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن. مىلادىيە 98 ـ يىلى تىيىندورشۇتى تەڭرىقۇت شىر كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

## 11. ۋەنسى شىسۇتى تەڭرىقۇت

ۋەنسى شىسۇتى تەڭرىقۇت — غۇيەشى سۇقۇتى تەڭرىقۇت چاڭنىڭ ئوغلى، مىلادىيە 98 ـ يىلىدىن مىلادىيە 124 ـ يىلىغىچە

تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ تېيىندورىشۇتى تەڭرىقۇتتىن كېيىن ھۇن تەختىگە چىققان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «تەن»، «ۋەنسى شىسۇتى تەڭرىقۇت تەن» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. ۋەنسى شىسۇتى تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھەر يىلى دېگۈدەك ئەسكەر چىقىرىپ، فىڭخۇ تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان ۋە ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ شىمالىي ھۇنلارنىڭ نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆزىگە ئەل قىلغان. بۇ ھال شىمالىي ھۇنلارنى ناھايىتى قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان.

مىلادىيە 109 - يىلى يازدا، ۋەنشى شىسۇتى تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىدىن كەلگەن خەنزۇڭ بىلەن بىرلىكتە پايتەختكە بېرىپ خەن سۇلالىسى خانىنى زىيارەت قىلغان. زىيارەت تۈگىگەندىن كېيىن، خەنزۇڭ ۋەنسى شىسۇتى تەڭرىقۇتقا: «گۇەندۇڭ رايونى سۇ ئاپىتىگە ئۇچراپ، پۇقرالار ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتقان مۇشۇ پۇرسەتتە خەن سۇلالىسىگە تېگىش قىلساقمىكىن» دەپ مەسلىھەت بەرگەن. ۋەنسى شىسۇتى تەڭرىقۇت ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە جىددىي قوزغىلىپ شەرقىي خەن سۇلالىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ھەمدە خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىلىرىغا كەڭ - كۆلەمدە ھۇجۇم قىلغان. مىلادىيە 110 - يىلى خەن ئەندى زور قوشۇن چىقىرىپ، ۋەنسى شىسۇتى تەڭرىقۇت قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. ۋەنشى شىسۇتى تەڭرىقۇت نائىلاج شەرقىي خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولغان ھەمدە بۇ ئىشنى خەنزۇڭنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قىلغانلىقىنى ئېيتقان. خەن ئەندىمۇ تەڭرىقۇتقا كەڭچىلىك قىلىپ، ئۇنى كەچۈرۈم قىلغان. ۋەنسى شىسۇتى تەڭرىقۇت بولاپ كەتكەن ۋە چىياڭلار بولاپ ھۇنلارغا ساتقان خەن سۇلالىسىنىڭ جەمئىي بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئادىمىنى خەن سۇلالىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن. مىلادىيە 124 - يىلى ۋەنسى

شىسۇتى تەڭرىقۇت كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

## 12. ئۇجىغۇ شىسۇتى تەڭرىقۇت

ئۇجىغۇ شىسۇتى تەڭرىقۇت — ۋەنسى شىسۇتى تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى، مىلادىيە 124 ـ يىلىدىن مىلادىيە 128 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن جەنۇبىي ھۇن تەختىگە چىققان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «با»، «ئۇجىغۇ شىسۇتى تەڭرىقۇت با» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. ئۇجىغۇ شىسۇتى تەڭرىقۇت تەختكە چىققان يىلى باھاردا، يېڭى ئەل بولغان بىر قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى ئاسۇر قاتارلىقلار جەنۇبىي ھۇنلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ھەمدە ئۆز قوۋمىنى باشلاپ قېچىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇجىغۇ شىسۇتى تەڭرىقۇت ئەسكەر ئەۋەتىپ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمىر نۆكىرى مايى بىلەن بىرلىكتە ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بېرىپ يەڭگەن. ئۇرۇشتا ئۇجىغۇ شىسۇتى تەڭرىقۇت بىر تۈمەندىن ئارتۇق چارۋا مال ئولجا ئالغان. ئۇجىغۇ شىسۇتى تەڭرىقۇت ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە سيانپىيلارنىڭ تەكرار تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ خېلىلا ھالسىرىغان. سيانپىيلار جەنۇبىي ھۇنلار ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرا ـ قورۇللىرىغا دائىم دېگۈدەك تېگىش قىلىپ تۇرغان. ئۇجىغۇ شىسۇتى تەڭرىقۇت بۇنىڭدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن بىرلىكتە شىمالىي چېگرا ـ قورۇللارنىڭ مۇداپىئەسىنى قايتىدىن كۈچەيتىشكە باشلىغان. مىلادىيە 128 ـ يىلى ئۇجىغۇ شىسۇتى تەڭرىقۇت كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

## 13. چۈتروشجۇت تەڭرىقۇت

چۈتروشجۇت تەڭرىقۇت — ئۇجىغۇ شىسۇتى تەڭرىقۇتنىڭ

ئىنىسى، مىلادىيە 128 ـ يىلىدىن مىلادىيە 140 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن جەنۇبىي خۇن تەختىگە چىققان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «شۇرى»، «چۇتروشجۇت تەڭرىقۇت شۇرى» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. چۇتروشجۇت تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتكەن. لېكىن، مىلادىيە 140 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلاردىن سول ئوق قۇلۇن قانى ئۇس، جۇنيۇ قاتارلىقلار شەرقىي خەن سۇلالىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، نۇرغۇن قوشۇن بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي ۋىلايەتلىرىگە بېسىپ كىرگەن ھەمدە بۇ جايلاردا قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ ئېلىپ بارغان. خەن سۇلالىسى پادىشاھى شۇندى بۇنى چۇتروشجۇت خۇن تەڭرىقۇتىنى كۈرۈپ، ئەلچى ئەۋەتىپ چۇتروشجۇت تەڭرىقۇتنى ئەيىبلىگەن ۋە ئىلتىپات، قائىدە ـ يوسۇنلار بىلەن ئىسيانچى قوشۇنلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە بۇيرىغان. خەن سۇلالىسى سانغۇنى چېنگۇيمۇ چۇتروشجۇت تەڭرىقۇتنى قول ئاستىدىكىلەرنى باشقۇرالمىدى دەپ ئاغرىنغان. شۇنىڭ بىلەن چۇتروشجۇت تەڭرىقۇت ئىنىسى سول قول بىلىكخان بىللە ئۆزىنى ئۆلتۈرۇۋالغان.

## 14. جۇنيۇ تەڭرىقۇت

جۇنيۇ تەڭرىقۇت چۇتروشجۇت تەڭرىقۇتتىن كېيىن قۇلۇن خان ئۇس قاتارلىقلارنىڭ قوللىشى بىلەن جەنۇبىي خۇن تەختىگە چىققان، مىلادىيە 140 ـ يىلىدىن مىلادىيە 143 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇنىڭ چۇتروشجۇت تەڭرىقۇت بىلەن بولغان نەسەبىي مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. جۇنيۇ تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، شەرقتىكى ئوغانلارغا باش بولۇپ، غەربتىكى چياڭ، رۇڭ

ۋە ھەرقايسى غوزلاردىن نەچچە تۈمەن ئەسكەر توپلاپ، شەرقىي خەننىڭ شىمالدىكى ۋىلايەت ـ ئايماقلىرىغا كەڭ ـ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلغان ھەمدە بۇ جايلاردا قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ ئېلىپ بارغان. مىلادىيە 140 ـ يىلى قىشتا، خەن شۇندى زور قوشۇن ئەۋەتىپ جۇنيۇ تەڭرىقۇتقا قارشى قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىغان ھەمدە مايى دېگەن جايدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا ئۇنى قاتتىق مەغلۇب قىلغان. شۇنىڭ بىلەن جۇنيۇ تەڭرىقۇت بىر قىسىم سەركەردە ۋە قۇتبەگلىرى بىلەن خەن سۇلالىسىغا تەسلىم بولغان. لېكىن، جۇنيۇنى تەختكە چىقارغان قۇلۇن خان ئۇس ئوغلانلار بىلەن بىرلىشىپ خەن سۇلالىسىگە داۋاملىق ھۇجۇم قوزغاپ تۇرغان.

## 15. قۇلانىنۇش سۇجۇپ تەڭرىقۇت

قۇلانىنۇش سۇجۇپ تەڭرىقۇت جۇنيۇ تەڭرىقۇتتىن كېيىن جەنۇبىي ھۇن تەختىگە چىققان، مىلادىيە 143 ـ يىلىدىن مىلادىيە147 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇنىڭ جۇنيۇ تەڭرىقۇت بىلەن بولغان نەسەبىي مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. ئۇ تەختكە چىقىشى بىلەنلا شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن شۇندىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەن. خەن شۇندى ئۇنى ئوردىغا باشلاپ ئالاھىدە مۇبارەكلىگەن ھەمدە ئۇنىڭغا تۆت ئاتلىق كۆك سايىۋەنلىك مەپە، دۇمباقلىق ھارۋا، زىننەتلىك ھارۋا، زاپاس ھارۋا ئاتلىرى، مىنىك ئات، قاشتېشىدا بېزەلگەن خەنجەر ۋە باشقا كۈندىلىك لازىمەتلىكلەر، شۇنداقلا ئىككى مىڭ توپ رەڭدار رەخت تارتۇق قىلغان. كېيىن خەن شۇندى يەنە قۇلانىنۇش سۇجۇپ تەڭرىقۇتنى جەنۇبىي ھۇن ئوردىسىغا قوغداپ ئاپىرىپ قويغان. قۇلانىنۇش سۇجۇپ تەڭرىقۇت دەۋرىدە شەرقىي خەن سۇلالىسى ئەسكەر چىقىرىپ قۇلۇن قان ئۇسنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا

ئەگەشكەن نۇرغۇن ئوغانلارنى ئۆزىگە ئەل قىلغان. مىلادىيە 147 ـ يىلى قۇلاننۇش سۇجۇپ تەڭرىقۇت ۋاپات بولغان.

## 16. ئىلىڭشى سۇجۇپ تەڭرىقۇت

ئىلىڭشى سۇجۇپ تەڭرىقۇت قۇلاننۇش سۇجۇپ تەڭرىقۇتتىن كېيىن ھۇن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان، مىلادىيە 147ـ يىلىدىن مىلادىيە 172ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان . ئۇنىڭ قۇلاننۇش سۇجۇپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. ئىلىڭشى سۇجۇپ تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قوۋملار ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلىپ شەرقىي خەنگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. مىلادىيە 155 ـ يىلى سول قول ئۇكەن خان تەيجى، قۇتقۇبەگ بود قاتارلىقلار ئالدى بىلەن قوزغىلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ مېيجى ناھىيىسى ۋە ئەندىڭ ۋىلايىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. مىلادىيە 158 ـ يىلى ئىلىڭشى سۇجۇپ تەڭرىقۇتنىڭ قول ئاستىدىكى بارلىق قەبىلىلەر تەڭلا ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئوغان ۋە سىيانپېيلار بىلەن بىرلىشىپ شەرقىي خەننىڭ شىمالىي چېگرا ياقىسىدىكى توققۇز ۋىلايەتكە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. خەن سۇلالىسى پادىشاھى خەن خۇەندى سانغۇن جاڭ خۇەن باشچىلىقىدىكى زور قوشۇننى ئەۋەتىپ، ئىسيانچىلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلغان. ئۇرۇشتىن كېيىن، جاڭ خۇەن ئىلىڭشى سۇجۇپ تەڭرىقۇتنى ئىقتىدارسىز دەپ قاراپ، ئۇنى نەزەربەند ئاستىغا ئالغان. بىراق، خەن خۇەندى ئۇنىڭغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئىلىڭشى سۇجۇپ تەڭرىقۇتنى ھۇن ئوردىسىغا قايتۇرغان ۋە ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلغان. مىلادىيە 172 ـ يىلى ئىلىڭشى سۇجۇپ تەڭرىقۇت كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

## 17. تۈتروش سۇجۇپ تەڭرىقۇت

تۈتروش سۇجۇپ تەڭرىقۇت — ئىلىكشى سۇجۇپ تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، مىلادىيە 172 - يىلىدىن مىلادىيە 178 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن جەنۇبىي هۇن تەختىگە چىققان. ئۇ تەختكە چىقىپ مىلادىيە177 - يىلىغا كەلگەندە، شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن جەنۇبىي هۇن ئېلىگە ئەلچىلىككە كەلگەن ئەمىر نۆكەر زاڭمىن بىلەن بىللە سىيانپىيلارنىڭ ئاقساقىلى تانشىخۇەيگە هۇجۇم قوزغاپ يېڭىلىپ قالغان. تۈتروش سۇجۇپ تەڭرىقۇت مىلادىيە 178 - يىلى كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

## 18. غوجىن تەڭرىقۇت

غوجىن تەڭرىقۇت — تۈتروش سۇجۇپ تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، مىلادىيە 178 - يىلىدىن مىلادىيە 179 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن هۇن تەختىگە چىققان. ئۇ تەختكە چىقىپ بىر يىلدىن كېيىن شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن جەنۇبىي هۇن ئېلىگە ئەلچى سۈپىتىدە كەلگەن ئەمىر نۆكەر جاڭ شيۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. جاڭ شيۇ خاننىڭ رۇخسىتىسىز ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن غوجىن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، شەرقىي خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن سوراققا تارتىلغان.

## 19. قانقوي تەڭرىقۇت

قانقوي تەڭرىقۇت — غوجىن تەڭرىقۇتتىن كېيىن جەنۇبىي هۇن تەختىگە چىققان، مىلادىيە 179 - يىلىدىن مىلادىيە 188 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇنىڭ غوجىن تەڭرىقۇت بىلەن بولغان نەسەبىي مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن ناهايىتى ئىناق ئۆتكەن. مىلادىيە

187 ـ يىلى جۇڭشەن ۋالىيسى ئىسيان كۆتۈرۈپ، سىيانپىيلار بىلەن بىرلىكتە شىمالىي چېگرىلارغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. بۇ قېتىم قانقۇي تەڭرىقۇت شەرقىي خەن سۇلالىسى پادىشاھى جەن لىڭدىنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن ئىسيانچىلارغا قارشى ئەسكەر چىقارغان. بىراق، جەنۇبىي ھۇن پۇقرالىرى تەڭرىقۇتنىڭ ئۆزلۈكسىز ئەسكەر چىقىرىشىدىن ئەنسىرەپ، مىلادىيە 188 ـ يىلى ئۇلار ئوفتىكى شىلو قەبىلىسى ۋە بەيماتۇلۇ قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ قانقۇي تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرگەن.

## 20. چىجىشىجۇخۇ تەڭرىقۇت

چىجىشىجۇخۇ تەڭرىقۇت — قانقۇي تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، مىلادىيە 188 ـ يىلىدىن مىلادىيە 195 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھۇن تەختىگە چىققان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «يۇفولو»، «چىجىشىجۇ قۇت تەڭرىقۇت يۇفولو» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. چىجىشىجۇخۇ تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىلگىرى ئۇنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەنلەر قايتا ئىسيان كۆتۈرۈپ، شۇبۇ قۇتبەگنى تەڭرىقۇتقا كۆتۈرگەن. بۇ دەل خەن لىڭدى ئۆلگەن ۋاقىت بولغاچقا، شەرقىي خەن سۇلالىسى چىجىشىجۇخۇ تەڭرىقۇتقا ياردەم بېرەلمىگەن. چىجىشىجۇخۇ تەڭرىقۇت نەچچە مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ، شەرقىي خەننىڭ خېنى قاتارلىق ۋىلايەتلىرىگە تېگىش قىلغان. لېكىن، خەلقنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭدا كۆپ نەپكە ئېرىشەلمىگەن. كېيىن، ئۇ ئۆز ئوردىسىغا قايتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، خەلق ئۇنى قارشى ئالمىغان. شۇڭا، ئۇ خېدۇڭ ۋىلايىتى پىڭياڭ ناھىيىسىدە تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان. مىلادىيە 195 ـ يىلى چىجىشىجۇخۇ تەڭرىقۇت ۋاپات بولغان.

## 21. خوجۇچېئان تەڭرىقۇت

خوجۇچېئان تەڭرىقۇت — چىجىشىجۇخۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى، مىلادىيە 195 ـ يىلىدىن مىلادىيە 216 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن جەنۇبىي هۇن تەختىگە چىققان. ئۇ تەختكە چىققان مەزگىلدە، خۇددى ئاكىسىغا ئوخشاشلا ئۆز ئېلىگە قايتالماي، خېدۇڭ ۋىلايىتىنىڭ پىڭياڭ ناهىيىسىدە تۇرۇپ قالغان هەمدە بۇ جايدا سىيانپىيلارنىڭ دائىم بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرغان. مىلادىيە 196 ـ يىلى خوجۇچېئان تەڭرىقۇتنىڭ قول ئاستىدىكى ئوڭ سول بىلىكخان چۆپ شەرقىي خەن قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى خەن شيەندىنى لى جۆ، گوسىلارنىڭ تونپلاڭچى قوشۇنلىرىدىن مۇداپىئە قىلىپ لوياڭغا ئاپىرىپ قويغان هەمدە كېيىن يەنە ئۇنى شۇچاڭغا يۆتكەپ قويۇپ، خېدۇڭ ۋىلايىتىنىڭ پىڭياڭ ناهىيىسىگە قايتىپ كەتكەن. مىلادىيە 216 ـ يىلى خوجۇچېئان تەڭرىقۇت خەن شيەندىنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەندە، ساۋساۋ ئۇنى يېشيەن (هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ لىنجاڭ ناهىيىسى تەۋەسىدە) ناهىيىسىدە تۇرغۇزۇپ قېلىپ، ئوڭ ـ سول بىلىكخان چۆپنى پىڭياڭغا قايتىپ ئۇنىڭ بەش قەبىلىسى (خوجۇچېئان تەڭرىقۇت يېشيەن ناهىيىسىدە قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاهالىسى بەش چوڭ قەبىلىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن) نى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جەنۇبىي هۇن خاندانلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلگەن.

جەنۇبىي هۇن خاندانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، جەنۇبىي هۇن ئاهالىلىرى شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە شەكىللەنگەن تەپرىقىچىلىق ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئۇيۇشتۇرۇشقا باشلىغان هەمدە كېيىنكى چاغلاردا

ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئالدىنقى جاۋ (مىلادىيە 304 — 329 ـ يىللار)، شىمالىي لياڭ (مىلادىيە 397 — 460 ـ يىللار)، شيا (مىلادىيە 407 ـ 431 ـ يىللار) قاتارلىق خاندانلىقلارنى قۇرۇپ چىققان. بۇ جەرياندا ئۇلار ئاساسەن تۈرك، سىيانپىي، جۇجان ۋە خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرگە سىڭىشىپ كەتكەن.

---

## مۇھىم مەنبەلەر:


1. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.

2. «ئۇچ پادشاھلىق ھەققىدە قىسسە» (جىننامە. سۇڭنامە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.

3. «ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى.

4. «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.

5. «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

6. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1 ـ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.

7. شياڭ يىڭجې: «ئوتتۇرا ئاسىيا: ئات ئۈستىدىكى مەدەنىيەت»، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

8. «خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

9. «كېيىنكى خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى.

10. «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

# II قاڭقىل خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

قاڭقىللار ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى بولۇپ، ئۇلار ئەڭ دەسلەپ بايقال كۆلى ئەتراپىدىن ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇغلا، سېلېنگا، ئورخۇن دەريا ۋادىلىرى ھەمدە ئالتاي، تارباغاتاي ۋە تەڭرىتاغلىرى ئەتراپىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردا ياشىغان. مىلادىيە 4 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇلار ناھايىتى كۆچىيىپ، ئورخۇن، سېلېنگا دەريا ۋادىلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا «تۆلەس قەبىلە ئىتتىپاقى»[1] نى تەشكىل قىلغان ھەمدە ئۆز تەسىرىنى شەرقتە خىنگان تاغلىرىدىن غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، شىمالدا سىبىرىيە تاغلىرىدىن جەنۇبتا سەددىچىنگىچە يەتكۈزگەن. مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاڭقىللار يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان سىيانپىيلار، جۇجانلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېفتالىتلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراشقا باشلاپ، ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا باشلىغان. مىلادىيە 402 ـ يىلىغا كەلگەندە، قاڭقىللار جۇجانلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. بىراق، مىلادىيە 487 ـ يىلى قاڭقىللارنىڭ پۇۋۇرغۇر قەبىلىسى جۇجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، تۇرپان ئويمانلىقىنى ئاساس قىلغان ھالدا قاڭقىل خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان.

## 1. ئاپۇرغۇر

ئاپۇرغۇر قاڭقىللارنىڭ يۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى، شۇنداقلا قاڭقىل خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى،[2] مىلادىيە 487 ـ يىلىدىن مىلادىيە 507 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. مىلادىيە 487 ـ يىلى جۇجان خاقانى دولۇن (تولۇن) قاڭقىللارنى شىمالىي ۋېي خانلىقى (386 ـ 534) غا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇرلىغاندا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، خاقان دولۇنغا سەمىمىي نەسىھەت قىلغان. بىراق، دولۇن نەسىھەتكە قولاق سالماي قاڭقىللارغا بولغان بېسىمىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. نەتىجىدە، شۇ يىلى ئاپۇرغۇر ئۆز خەلقىنى بىر مەيدان ئۇرۇشتىن ساقلاپ قېلىش ۋە جۇجانلارنىڭ شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، بىر نەۋرە ئىنىسى چۇڭچى بىلەن بىرلىشىپ جۇجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ھەمدە 100 نەچچە مىڭ تۈتۈنلۈك قاڭقىل ئاھالىسىنى باشلاپ ئىككى يۆنىلىش بويىچە غەربكە قاراپ كۆچكەن. بىر يۆنىلىشتىكىلەرگە ئاپۇرغۇر باشچىلىق قىلغان بولۇپ، ئۇ موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جۇنجى تېغىدىن ئۆتۈپ غەربكە قاراپ يول ئالغان ھەمدە ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن جۇجان خاقانى دولۇننىڭ ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلگەن قوشۇنلىرىنى قاتتىق تارمار قىلىپ، تۇرپان ئويمانلىقىغا ساق ـ سالامەت يېتىپ كەلگەن. يەنە بىر يۆنىلىشتىكىلەرگە چۇڭچى قوماندانلىق قىلغان بولۇپ، ئۇ موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىكى ئالتاي تېغىدىن كېسىپ ئۆتۈپ غەربكە يۈرۈش قىلغان. بۇ يۆنىلىشتىكى قاڭقىل ئاھالىلىرى دولۇننىڭ تاغىسى ناغاينىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ ئاخىر تۇرپان ئويمانلىقىغا يېتىپ

كەلگەن. قاڭقىللار تۈرپان ئويمانلىقىغا كېلىشى بىلەنلا، ئاپۇرغۇر جامبالىق (هازىرقى سانجى) قەلئەسىنى قۇرۇپ، ئۇنى ئاستانە قىلغان ھەمدە قاڭقىل خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان. [9] ئاپۇرغۇر تارىختا «كۆل بىلگە» (ئۇلۇغ تەڭرىقۇت)، «كۆل بويلا» دېگەنناملار بىلەن، ئۇنىڭ ئىنىسى چۇڭچى «بەگلەر بېگى»، «كۆل بېي» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان.

ئاپۇرغۇر قاڭقىل خانلىقىنى قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، خانلىقنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئاۋۋال نۇرغۇن قوشۇن تەشكىللەپ جۇجانلار كونترولۇقىدىكى كىنگىت، كۇسەن، ئۇدۇن قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلغان ھەمدە سولىدا ئېفتالىت خانلىقى (484 ـ 563) بىلەن ئۆزئارا تىركىشىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ھال جۇجان خاقانى دولۇننى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. دەرۋەقە، دولۇن ھېچقانداق قوللاشقا ئېرىشەلمەي، خانلىقتىكى ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئاپۇرغۇر جۇجانلارغا ئۇنۇملۇك تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، جۇجانلارنىڭ كۈشلۈك رەقىبى بولغان شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە يېقىنلىشىپ، مىلادىيە 490 ـ يىلى ئۆز ئەلچىلىرىنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا ئەۋەتكەن ھەمدە ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ جۇجانلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى ۋېنچېڭ دەسلىپىدە قاڭقىللارنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە ئانچە ئىشەنمەي بىر مەھەل ئېسەنگىرەپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىن ئۆز ئەلچىسىنى قاڭقىل خانلىقىغا ئەھۋال ئىگىلەشكە ئەۋەتمىش ئارقىلىق قاڭقىللارنىڭ زور كۈچ ـ قۇدرىتىگە قايىل بولغان. شۇنىڭ بىلەن

ئىككى تەرەپ ئەلچىلەر ئارقىلىق ئۆز ئارا سوۋغا ـ سالاملارنى تارتۇق قىلىشىپ، جۇجانلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسىدە چۈشىنىش هاسىل قىلىشقان. بۇ هال ئاپۇرغۇردا زور ئىشەنچ پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ جۇجانلارغا داۋاملىق تۇردە زەربە بېرىش ئىرادىسىنى كۈچەيتكەن. نەتىجىدە ئۇ مىلادىيە 491 ـ يىلى چۈگچىنى جۇجانلار كونتروللۇقىدىكى قوچۇ شەھىرىگە هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، قوچۇنىڭ هۆكۈمرانى كەنشۇگۇينى ئۆلتۈرۈپ، دۇنخۇاڭلىق جاڭ مىڭمىڭنى قوچۇغا خاقان قىلىپ تىكلىگەن. ئۇزاق ئۆتمەي جاڭ مىڭمىڭ قوچۇدىكى جۇجانپەرەس ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەچكە، ئاپۇرغۇر يەنە مارۇنى قوچۇ خانى قىلىپ تەيىنلىگەن هەمدە بۇنىڭغا ئۇلاپلا پىشامشاننىمۇ ئۆز هۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان.[4]

دېمەك، ئاپۇرغۇر ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى، باتۇرلۇقى ۋە ھەربىي ئىشلاردىكى ئالاھىدە تالانتى بىلەن جۇجانلارغا قارشى غەلىبىلىك جەڭلەرنى ئېلىپ بېرىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا زېمىنىنى شەرقتە قۇمۇلنىڭ بارسكۆلدىن غەربتە تا كۇسەنگىچە؛ شىمالدا ئالتاي، تەڭرىتاغلىرىدىن جەنۇبتا چەرچەن، چارقىلىق ۋە لوپنۇر رايونلىرىغىچە يەتكۈزگەن هەمدە ئۆز تېررىتورىيىسىدە قوش خانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئۆزى چوڭ خان نامىدا تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى رايونلارنى كىنگىتنى مەركەز قىلغان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى باشقۇرۇشقا قويغان.[5] بۇنىڭ بىلەن قاڭقىل خانلىقى غەربىي يۇرتتىكى قۇدرەتلىك بىر سىياسىي كۈچكە ئايلانغان.

لېكىن، مىلادىيە 507 ـ يىلىغا كەلگەندە قاڭقىل خانلىقى تاشقى جەھەتتە ئېغىر خەۋپكە دۇچ كېلىپ، غەربتە ئېفتالىتلار، شەرقتە جۇجانلار، جەنۇبتا تۇيغۇنلارنىڭ بىرلىشىپ هۇجۇم

قىلىشىغا ئۇچرىغان. كۈچلۈك دۈشمەن ئۈچ تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا قىستاپ كەلگەن بۇنداق ئەھۋالدا، خاقان ئاپۇرغۇر ئەسكىرىي كۈچىنى ئۈچ سەپكە بۆلۈپ تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ ئۆزى سەرخىل قوشۇنلارنى باشلاپ بارسكۆل ئەتراپىدا جۇجان قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى توسقان. بىراق، جەنۇبىي سەپتىكى قاڭقىل قوشۇنلىرى مەغلۇب بولۇپ، پىشامشاننى تۇيغۇنلارغا تارتقۇزۇپ قويغان. غەربىي سەپتىمۇ چۇڭچى ئىتتىپاقداش قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇب قىلىنىپ، كۇسەن ۋە ئۇدۇن شەھەرلىرىنى قولدىن بېرىپ قويغان. ئارقىدىنلا يەنە ئىتتىپاقداشلار كىنىڭتىكىمۇ باستۇرۇپ كىرىپ، چۇڭچىنى ئۆلتۈرگەن ھەمدە ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئوغلى مىئوتو بىلەن ئىلبەگنى ئەسىرگە ئالغان. ئاپۇرغۇر تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆپ قىسىم زېمىنلىرىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قول ئاستىدىكىلەرگە شەپقەتسىزلىك قىلغان. نەتىجىدە ئۇ خەلقىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىپ، قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.[6]

## 2 . بالنىيان

بالنىيان ئاپۇرغۇرنىڭ تۇغقىنىسى. ئۇ ئاپۇرغۇر ئۆلگەندىن كېيىن خەلقىنىڭ قوللىشى بىلەن قاڭقىل تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان، مىلادىيە 507 ـ يىلىدىن مىلادىيە 508 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. بالنىيان تەختكە چىقىشى بىلەنلا خانلىقنىڭ ۋەزىيىتىنى ۋاقىتلىق تىزگىنلەپ تۇرغان. بىراق، بىر يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئىتتىپاقداشلار قاڭقىل خانلىقىنى ئۆز ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە قايتىدىن ھۇجۇم باشلاپ، بالنىياننى تەختتىن چۈشۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان. قاڭقىل خەلقى ئىتتىپاقداشلارنىڭ قاتمۇ ـ قات بېسىمى تۈپەيلىدىن، نائىلاج ئۆز خاقانى بالنىياننى

ئۆلتۈرۈپ، ئېفتالىتلار كۆرسەتكەن مىئوتونى خانلىق تەختىگە چىقارغان. ئېفتالىتلار بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنى: «بالىنبىياننى تەختتىن چۈشۈرۈپ چۆكچىنىڭ ئوغلى مىئوتونى دۆلىتىگە قايتىپ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشقا ئۇزىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان» دەپ پەردازلىغان. ⑦

## 3. مىئوتو

مىئوتو (باغاتۇر شات) ئاپۇرغۇرنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى چۆكچىنىڭ چوڭ ئوغلى. ئۇ بالىنبىيان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئېلفتالىتلارنىڭ قوللىشى بىلەن قاڭقىل تەختىگە چىققان، مىلادىيە 508 ـ يىلىدىن مىلادىيە 516 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئالاقىدار مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مىئوتو ناھايىتى يىراقنى كۆرەر ۋە تەدبىرلىك خاقان بولۇپ، تەختكە چىقىشى بىلەنلا جانلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق قاڭقىل خانلىقىنىڭ بۇرۇنقى سەلتەنىتىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ⑧ ئۇ ئاۋۋال ھەرخىل چارە ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق ئېفتالىتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، كىنگىت بىلەن كۆسەننى قايتۇرۇۋالغان. ئارقىدىنلا يەنە جەنۇبتىن كېلىدىغان تەھدىتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تۇيغۇنلارغا قارىتا ئاكتىپ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ پىشامشاننى بازا قىلغان ھالدا پەيدىنپەي تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى شەرقىي يولغا قاراپ داۋاملىق كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، شىمالىي ۋېي ئوردىسىغا ئۇزۇلدۇمەي ئەلچى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ داۋاملىق دوستانە ئۆتۈش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھ شۈەن ۋۇدىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئات، تۆگە

قاتارلىقلارنى تارتۇق قىلغان. شۇەن ۋۇدىمۇ بۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆز ئەلچىسى ئارقىلىق خاقان مىئۇتوغا سوۋغاتلارنى بەرگەن.

مىئۇتو يۇقىرىقى تەدبىرلىرى ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن قاڭقىللار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، توبغۇنلارنىڭ بىر مەزگىل ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتكەن مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، خانلىقنى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مۇھاسىرىسىدە قېلىشتەك قىيىن ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇپ قالغان، يەنە بىر تەرەپتىن قوشنا خانلىقلار بىلەن ئۆزئارا نورمال مۇناسىۋەتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، كۈچلۈك رەقىبى بولغان جۇجانلارنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ زۆرۈر تەييارلىقىنى ئىشلىۋالغان. نەتىجىدە، ئۇ مىلادىيە 508 ـ يىلى نۇرغۇن قاڭقىل قوشۇنلىرىنى باشلاپ، بېشبالىق ۋە بارسكۆل ئەتراپىدا جۇجان قوغۇنلىرىغا قارشى كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىغان. بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا جۇجانلار قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، جۇجان خاقانى فۇتۇ (پۇد) ئۆلتۈرۈلگەن.[9] فۇتۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى بىلەن جۇجانلارغا قارام بولغان قوچۇ خانى كۇجىيا قايتىدىن قاڭقىل خانلىقىغا بەيئەت قىلغان. بۇ ئىشتىن كېيىن جۇجانلار تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، خېلى بىر مەزگىلگىچە ئەسلىگە كېلەلمىگەن. قاڭقىل خانلىقى بولسا كۈندىن ـ كۈنگە روناق تېپىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى بارلىق رايونلارنى كونترول قىلىشقا باشلىغان ھەمدە بىر ئاز ئارام ئېلىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. بىراق، مىلادىيە 516 ـ يىلىغا كەلگەندە جۇجان خاقانى چۇنۇ (فۇتۇنىڭ ئوغلى) قايتىدىن كۈچ توپلاپ، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قاڭقىل قەبىلىلىرىگە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىغان. ئۇرۇشتا مىئۇتو قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن.

### 4 . ئېلبەگ

ئېلبەگ مىئوتونىڭ ئىنىسى. ئۇ مىئوتو ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئېفتالىتلارنىڭ قوللىشى بىلەن قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان، مىلادىيە 516 ـ يىلىدىن مىلادىيە 530 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ بەزى مەنبەلەردە «يىپۇ»، «ئېيىبىك»، «يىفۇ» دېگەندەكناملار بىلەن ئاتالغان.[10] ئېلبەگ تەختكە چىققاندىن كېيىن، قاغانلىق خانلىقىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك چارە ـ تەدبىرلەرنى يولغا قويغان:

بىرىنچى، ئۇ ئالدى بىلەن ئېفتالىتلارغا قارىتا ئىتتىپاق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى يولغا قويۇپ، ئېفتالىت خانلىقىنىڭ زور ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ئارقىدىنلا يەنە شىمالىي ۋېي سۇلالىسىمۇ بۇنى ئالاھىدە قوللاپ، ئۇنىڭغا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن»، «قاغانلىق خانى»[11] دېگەندەك نامالارنى بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا دوستانە ئالاقە ئورنىتىلىپ، ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىش ئارقىلىق ھەرخىل سوۋغا ـ سالاملارنى تارتۇق قىلىشىپ تۇرغان. بۇ ھال قاغانلىق خانلىقىنىڭ تېزلا ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرت ـ شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن.

ئىككىنچى، ئېلبەگ جۇجانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقلاردىن پايدىلىنىپ، بۇرۇنقى زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن جۇجانلارغا قارشى بىر قاتار جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. مىلادىيە 520 ـ يىلى ئۇ نۇرغۇن قاغانلىق قوشۇنلىرىنى باشلاپ، جۇجانلارغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىغان ھەمدە جۇجان قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇب قىلىپ، بۇرۇن قولدىن بېرىپ قويغان زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋالغان. بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا

ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان جۇجان خاقانى چۇنۇ ئوردىغا بارغاندىن كېيىن، ئانىسى ۋە ۋەزىرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ⑫ مىلادىيە 521 ـ يىلى ئىلبەگ يەنە قاڭقىللارنىڭ زور قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ، جۇجانلارنىڭ زېمىنىغا ئىچكىرلەپ كىرىپ ھۇجۇم باشلىغان. بۇ ئۇرۇشتا جۇجان قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىسى بىراھمان قاتتىق مەغلۇب بولۇپ، نائىلاج لياڭجۇ (ھازىرقى ۋۇۋېي) غا چېكىنىپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا تەسلىم بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قاڭقىللارنىڭ كۆچى پۈتكۈل غەربىي يۇرت ۋە سەددىچىنىنىڭ شىمالىنى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرگەن.

ئىلبەگنىڭ يۇقىرىقى تەدبىرلىرى قاڭقىل خانلىقىنىڭ بۇرۇنقى سەلتەنىتىنى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قاڭقىللارنى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇرغان. بىراق، كېيىنكى چاغلاردا ئىلبەگ جۇجانلار ئۈستىدىن قازانغان بىر قاتار غەلىبىلىرىدىن مەست بولۇپ كېتىپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالىقى بولغان خەتەرلىك ئەھۋاللارغا قارىتا سەل قاراش پوزىتسىيىسىدە بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئوردىسىغا بېسىم ئىشلىتىپ: «بىر توپ تاۋار ـ دۇردۇن، بىر دانە ئۈستى يېپىقلىق ھارۋا، كۆنلۈك بىلەن يەلپۈگۈچتىن ھەر بىرىدىن بىر دانە، يۇمىلاق كۆك چېدىردىن بەشنى، قىزىل يەلپۈگۈچتىن بەش دانە، ئون دانە بۇرغا» بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ⑬ نەتىجىدە قاڭقىل خانلىقى بىلەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يامانلىشىشقا باشلاپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى جۇجانلارنى قوللاش يولىغا ماڭغان ھەمدە جۇجانلارغا ئەمەلىي ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ سەردارلىرىنى مۇھىم ئۆتكەللەرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قويغان. لېكىن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە،

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولغان جۇجان ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئاناغاي ئىسيان كۆتۈرۈپ، سەددىچىنىنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن جۇجانلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قايتىدىن قۇدرەت تېپىشقا باشلاپ، ئىلگىرى چېچىلىپ كەتكەن 300 مىڭغا يېقىن ئاھالە ئاناغاينىڭ ئەتراپىغا توپلانغان. ئاناغاي ئۆزىنى دەرھال خاقان دەپ جاكارلاپ، جۇجانلارنى تېزلىكتە قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن بەزى سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىققان ھەمدە قاڭقىللاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن زور قوشۇن تەشكىللەپ، مىلادىيە 530 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قاڭقىل خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىغان. بۇ ئۇرۇشتا خاقان ئېلبەگ قاتتىق مەغلۇب بولۇپ، ئاخىرى ئىنىسى يۆجۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## 5. يۆجۇ

يۆجۇ ئېلبەگدىن كېيىن قاڭقىل خانلىقىنىڭ تەختىگە چىققان، مىلادىيە 530 ـ يىلىدىن مىلادىيە 536 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ تەختكە چىقىشى بىلەنلا ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كېلىپ، بىر تەرەپتىن زەئىپلىشىشكە باشلىغان ئېفتالىت خانلىقىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالغان، چۈنكى ئەينى چاغدا ئېفتالىتلار ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش نۇقتىسىدىن جۇجانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشكە باشلىغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن مىلادىيە 534 ـ يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تۇرلۇك ئىچكى يىغىلىقلار سەۋەبىدىن يوقىلىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شەرقىي ۋېي (535 ـ 550) ۋە غەربىي ۋېي (535 ـ 557) دىن ئىبارەت ئىككى سۇلالىگە بۆلۈنۈپ كەتكەچكە، قاڭقىل خانلىقىنىڭ جۇجانلارغا قارشى ئىتتىپاقچى ئىزدەش مۇمكىنچىلىكى قالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇجانلار يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن شەرقىي ۋە

غەربىي ۋېي سۇلالىلىرى ئۈستىدىن زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ، ئۇلارنى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. بۇنداق ئەھۋالدا، خاقان يۆجۈ قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ مىلادىيە 535 —536 ـ يىللىرى جۇجانلار بىلەن كەسكىن ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان. بىراق، ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا غايەت زور پەرق بولغاچقا، يۆجۈ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ھەمدە ئوغلى بىشى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## 6. بىشى

بىشى يۆجۈدىن كېيىن قاغقىل تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان، مىلادىيە 536 ـ يىلىدىن مىلادىيە 541 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ بەزى مەنبەلەردە ئېلبەگىنىڭ ئوغلى دەپمۇ تىلغا ئېلىنغان.[1] بىشى تەختكە چىققاندىن كېيىن، خانلىقنى قۇدرەت تاپقۇزۇش مەقسىتىدە قوشۇنلارنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ، جۇجانلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرغان ھەمدە يېڭى قۇرۇلغان شەرقىي ۋېي ۋە غەربىي ۋېي سۇلالىلىرىنىڭ ئۆزئارا تەپرىقچىلىك ئۇرۇشلىرىغا بىۋاسىتە ئارىلىشىپ، قاغقىل قوشۇنلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى نامايەن قىلغان. بىراق، بۇ مەزگىل قاغقىل خانلىقىنىڭ زەئىپلىشىشكە يۈزلەنگەن ۋاقتى بولغاچقا، ئازدۇر ـ كۆپتۇر جەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى قاغقىل خانلىقىنىڭ ئەھۋالىنى تۈپتىن ياخشىلاپ كېتەلمىگەن. شۇ ۋەجىدىن مىلادىيە 541 ـ يىلىدىكى جۇجانلارنىڭ زور ھۇجۇمىدا خاقان بىشى ئوخشاشلا قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، جۇجانلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

## 7. چۇبىن

چۇبىن يۆجۈنىڭ ئوغلى. ئۇ بىشىدىن كېيىن قاغقىل تەختىگە

چىققان، مىلادىيە 541 ـ يىلىدىن مىلادىيە 546 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. چۇبىن تەختكە چىققىشى بىلەنلا بىر قاتار چارە ـ تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، قاڭقىل خانلىقىنىڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرغان ھەمدە جۇجانلارنىڭ تەكرار ھۇجۇملىرىنى ۋاقتىدا چېكىندۈرۈپ تۇرغان. بۇ ۋاقىتتا ئالتاي تاغلىرىدا يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان تۈركلەر جۇجانلارغا قارشى ئوتتۇرىغا چىققاچقا، قاڭقىللار جۇجانلارنىڭ زور كۆلەملىك ھۇجۇمىدىن ۋاقتىنچە مۇستەسنا بولغان. مىلادىيە 546 ـ يىلى خاقان چۇبىن نۇرغۇن قوشۇننى باشلاپ شەرققە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ جۇجانلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، تۈركلەرنىڭ ئاتامانى تۇمەن قاڭقىل قوشۇنلىرىغا يوشۇرۇن زەربە بېرىپ، چۇبىننى قاتتىق مەغلۇب قىلغان ھەمدە 50 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق قاڭقىل ئاھالىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغان. شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 487 ـ يىلى قۇرۇلغان قاڭقىل خانلىقى جەمئىي 59 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، ئاخىر مىلادىيە 546 ـ يىلىغا كەلگەندە تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

---

## ئىزاھاتلار:

① «تۆلىس قەبىلە ئىتتىپاقى» — «قاڭقىل قەبىلە ئىتتىپاقى» دېگەن مەنىنى بىرىدۇ. كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاشلاردا «قاڭقىل» نامى «تۆلىس» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇ قاڭقىللارنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى ئىدى. ئالاقىدار مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، قەدىمدە قاڭقىللار ئۆز ئىچىدە ئالتە قەبىلە، 12 ئۇرۇققا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارقالغان جايلىرى ناھايىتى كەڭ بولغان.

② ئاپۇرغۇر بەزى مەنبەلەردە «ئاۋۇزلۇ» دەپمۇ ئاتالغان.

③ قاڭقىل خانلىقى بەزى ماتېرىياللاردا «ئاپۇرغۇر ئېلى»، «ئاۋۇزلۇ دۆلىتى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان.

④⑥ شىنجاڭ تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزگەن «شىنجاڭدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 130 ~ 132 ـ بەتلەر.

⑤ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى، 270 ـ بەت.

⑦⑧⑫⑬ دۇەن ليەنچىن: «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالار» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى (ئۇيغۇرچە)، 494 ~ 510 ـ بەتلەر.

⑨ ليۇزىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (بىرىنچى قىسىم)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 16 ـ بەت.

⑩ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 113 ـ بەت؛ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، 115 ـ بەت.

⑪⑭ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، 116 ـ بەت.

# Ⅲ كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

كۆكتۈرك خانلىقى — تۈركلەرنىڭ «ئاشىنا» ئۇرۇقى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، شەرقتە لياۋخې دەرياسىدىن غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىدىن جەنۇبتا سەددىچىنگىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ خانلىق مىلادىيە 3 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمىدا داۋام قىلىپ كەلگەن ئۇزاق مۇددەتلىك تارقاقچىلىق - بۆلۈنمىچىلىك ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىپ، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن 10 مىڭ چاقىرىملىق مۇساپىدە بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك رايون گەۋدىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇ دەۋردە شىمالىي ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى نۇرغۇن قەبىلە ۋە مىللەتلەر مەزكۇر خانلىق ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئىككىنچى قېتىملىق تۈركلىشىش دەۋرىگە، شۇنداقلا يېڭىچە «كۆكتۈرك مەدەنىيىتى» دەۋرىگە قەدەم قويغان.[①]

# 1. خانلىق پارچىلىنىشتىن بۇرۇنقى خاقانلار

## 1. ئاشىنا تۇمەن

ئاشىنا تۇمەن كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، 551 ــ يىلىدىن 552 ــ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «بۇمىن قاغان»، «ئىلىگ قاغان»، «ئېل قاغان»، «تۇمەن قاغان» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. ئاشىنا تۇمەن خانلىقنى قۇرۇپ چىقىشتىن بۇرۇن، تۈركلەر يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدىن تەڭرىتېغى ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىپ (5 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرى)، بۇ جايدا چارۋىچىلىق، كۆمۈرچىلىك، تۆمۈرچىلىك ۋە باشقا ھەر خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بىراق، 5 ــ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، گوبى چۆللۈكىنىڭ شىمالىي قىسمىدا قەد كۆتۈرگەن جۇجان خانلىقى ئۆز تەسىر دائىرىسىنى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىغىچە يەتكۈزۈپ، تۈرك ئاھالىلىرىنى ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە كۆچۈشكە مەجبۇرلىغان ھەمدە ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن تۆمۈر قوراللارنى ياسايدىغان «بازغانچى قۇللار»[2] غا ئايلاندۇرغان. 5 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، جۇجان خانلىقىغا قارام بولغان قاڭقىللارنىڭ پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاپۇرغۇرنىڭ جۇجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشى ۋە 487 ــ يىلى تۇرپان ئويمانلىقىنى مەركەز قىلغان ھالدا مۇستەقىل خانلىق قۇرۇپ چىقىشى بىلەن، ئاشىنا ئۇرۇقى باشچىلىقىدىكى تۈرك ئاھالىلىرى بىر مەزگىل جۇجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ

*زۇلۇمىدىن قۇتۇلغان. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا جۇجانلار تۈركلەرنى* يەنە بىر قېتىم ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارغا بولغان زۇلۇمنى يىلمۇ ـ يىل كۈچەيتىپ بارغان. بۇنداق ئەھۋالدا، ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى ئاشىنا تۇمەن جۇجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل قۇتۇلۇش ئۈچۈن، غەربىي ۋېي سۇلالىسى (535 ـ 556) بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئۆز ئورنىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇستەھكەملىگەن ھەمدە تېلى قەبىلىلىرىنىڭ جۇجانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشىغا ئارىلىشىپ، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان قەبىلىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرغان. 546 ـ يىلىغا كەلگەندە، قاڭقىل خانلىقىنىڭ جۇجانلارغا قارىتا ئۇرۇش قوزغىغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قاڭقىللارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قاڭقىل خانلىقىنى يوقاتقان ۋە خانلىقنىڭ 50 نەچچە مىڭ ئۆيلۈك ئاھالىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.[3] 551 ـ يىلى غەربىي ۋېي سۇلالىسى ئۇنىڭغا چاڭلې مەلىكىنى ياتلىق قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئاشىنا تۇمەن ھۇجۇم تىغ ئۇچىنى جۇجانلارغا قارىتىپ، ئاۋۋال جۇجان خاقانى ئاناغايغا قۇدىلىشىش مەقسىتىدە ئەلچى ئەۋەتكەن. ئاناغاي ناھايىتى دەرغەزەپ بولۇپ: «سەن مېنىڭ تۆمۈرچى قۇلۇم تۇرۇقلۇق شۇ گەپنى قىلىشقا نېمە ھەددىڭ!» دەپ ئەلچى ئارقىلىق ئۇنى ھاقارەتلىگەن.[4] قۇدىلىشىش تەلىپى ھۆرمەتسىزلىك بىلەن رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئاشىنا تۇمەن رەسمىي ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ، 551 ـ يىلى باھاردا خۇەيخۇاڭ (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جاڭبېي ناھىيىسى) نىڭ شىمالىي قىسمىدا جۇجان قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. ئاناغاي مەغلۇبىيەت ئىزاسىدىن نائىلاج ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. شۇ يىلى ئاشىنا تۇمەن ئۆتۈكەن تېغى (ھازىرقى ھانگاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي تارمىقى) دا ئۆزىنى «ئېل قاغان» دەپ ئاتاپ، كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ

قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان.[5] ياندۇرقى يىلى ئۇ ۋاپات بولغان.

ئاشىنا تۇمەن رەقىبلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يېڭىپ، بارلىق تۈرك قەبىلىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىر تۇغ ئاستىغا يىغقان ھەمدە تۈرك خەلقلىرى تارىخىدا شانلىق سەھىپە قالدۇرغان. شۇڭا، ئۇ كېيىنكى تۈرك خاقانلىرى تەرىپىدىن ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، 1889 ـ يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خۇشۇ ـ سايدامدىن تېپىلغان «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دا بۇ ھەقتە: «ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپتۇ. ئىنسان بالىسى ئۈستىدە ئاتا ـ بوۋام بۇمىن خاقان، ئىستەمىي خاقان ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار تەختتە ئولتۇرۇپ، تۈرك خەلقىنىڭ ئېلىنى قۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنى تۈزۈپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا تۆت ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئىكەن. قوشۇن چىقىرىپ، تۆت ئەتراپتىكى خەلقنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ، ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپتۇ. بېشى بارلىرىنى باش ئۇردۇرۇپتۇ، تىزى بارلىرىنى تىزلاندۇرۇپتۇ. ئۇلارنى شەرقتىن تاكى قادىرقان تاغلىرى، غەربتىن تا تۆمۈر قاپىقىغىچە بولغان جايلارغا ئولتۇراقلاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار دانا خاقان ئىكەن، باتۇر خاقان ئىكەن. بەگلىرى ۋە خەلقىمۇ سادىق ئىكەن...»[6] دېگەن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

## 2. قارا قاغان

قارا قاغان ئاشىنا تۇمەننىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كۆكتۈرك خانلىقى تەختىگە چىققان، 552 ـ يىلىدىن 553 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. قارا قاغان بەزى مەنبەلەردە «قالا»، «ئەل ئىشىگ قاغان» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. ئۇ

تەختكە چىققاندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، جوجانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى بىلەن بولغان كۆرەشنى داۋاملاشتۇرغان ھەمدە جوجان قوشۇنلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەن. بىراق، ئۇ تەختكە چىقىپ بىر يىلدىن كېيىن (553 ـ يىلى) كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

## 3. ياندۇ ئېركىن

ياندۇ ئېركىن ئاشىنا تۇمەننىڭ يەنە بىر ئوغلى. ئۇ ئاكىسى قارا قاغاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خاقانلىق تەختىگە چىققان، 553 ـ يىلىدىن 572 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ تارىختا «موقان قاغان» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ياندۇ ئېركىن ناھايىتى باتۇر ھەم ئىستىداتلىق كىشى بولۇپ، تۈرك خانلىقىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان:

1. ئۇ خانلىققا كېلىدىغان يوشۇرۇن تەھدىتنى يوقىتىش ئۈچۈن، جوجان خانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە قارىتا جازا ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، 555 ـ يىلى جوجانلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقاتقان ھەمدە قوملۇقنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، نۇرغۇن تۈرك ئاھالىلىرى پايانسىز موڭغۇل يايلاقلىرىغا قاراپ كۆچۈشكە باشلىغان.⑦

2. بىر قاتار كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ موڭغۇل قەبىلىلىرىنى ۋە مانجۇرىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قىتانلارنى، يېنسەي دەرياسى بويىدىكى قىرغىزلارنى، گەنسۇنىڭ غەربىي شىمالى ۋە چىڭخەي ئۆلكىسى ئەتراپىدىكى تۇيغۇن قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، بۇ رايونلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان.

3. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى شىمالىي جۇ (557 — 581) ۋە شىمالىي چى (550 — 577) سۇلالىلىرىگە قارىتا ھەربىي ھۇجۇم

سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۇلار بىلەن بەزى جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان، لېكىن ئۇلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، داۋاملىق ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشقا مۇمكىن بولمىغان. شۇڭا، ئۇ جانلىق تەدبىر تۈزۈپ، ئۆز قىزىنى شىمالىي جۇ خاقانى ۋۇدىغا ياتلىق قىلىش ئارقىلىق، شىمالىي جۇ سۇلالىسىنى ئۆزىگە تارتىپ، شىمالىي چى سۇلالىسىنى يالغۇز قالدۇرغان.[8]

4. تاغىسى ئىستەمى قاغاننى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندان قىلىپ، خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىغا ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئىستەمى قاغان ناھايىتى دەبدەبە بىلەن يولغا چىقىپ، ئالدى بىلەن ئىلى ۋە تالاس دەرياسى ۋادىلىرىدىكى بۇرۇنقى ئۇيسۇنلار زېمىنىنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان. ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەريا ۋادىسى ۋە پامىر تاغلىرى ئەتراپىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ ھۇجۇم تىغ ئۇچىنى بەدەخشاننى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان (484 ـ يىلى) ئېفتالىت خانلىقىغا قاراتقان. ئەينى چاغدا ئېفتالىتلار ئىراندىكى ساسانىيلار سۇلالىسى (224 — 642) بىلەن دۈشمەنلىك ھالىتىدە بولغاچقا، ئىستەمى ئۆزگىچە دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۆز قىزىنى ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى خۇسراۋ ئانوشىرۋانغا ياتلىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان.[9] بۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇسراۋ ئانوشىرۋان بىلەن بىرلىكتە ئېفتالىتلارغا قارشى ھۇجۇم قوزغاپ، 567 ـ يىلى ئېفتالىت خانلىقىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقاتقان ھەمدە ئۇلارغا قاراشلىق ئامۇ دەرياسى ۋادىلىرىدىكى كەڭ زېمىنلارنى تۈرك خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە، ئىستەمى قاغان ساسانىيلار سۇلالىسى بىلەن شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى (395 — 453) ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر ئىختىلاپلاردىن پايدىلىنىپ، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ خاقانى جۇستىنۇس II گە ئەسىرگە چۈشكەن بىر قىرغىز مەلىكىسىنى

يانلىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا دوستلۇق ئالاقىسى ئورناتقان[illegible] ھەمدە 571 ـ يىلى ئىككىسى تەرەپ تەڭ قوشۇن چىقىرىپ ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى بېسىۋالغان. نەتىجىدە، كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ زېمىنى مىسلىسىز دەرىجىدە كېڭىيىپ، خانلىق ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئالتۇن دەۋرىگە قەدەم قويۇشقا باشلىغان. 572 ـ يىلى خاقان ياندۇ ئېركىن ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن.

## 4. تابار قاغان

تابار قاغان ياندۇ ئېركىننىڭ ئىنىسى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كۆكتۈرك خانلىقى تەختىگە چىققان، 572 ـ يىلىدىن 581 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «تاسپار قاغان»، «تابا قاغان»، «تابامى قاغان» دېگەندەك ناملار بىلەن تىلغا ئېلىنغان. تابار قاغان دەۋرىدە تۈرك خانلىقى تېخىمۇ قۇدرەت تېپىپ، شىمالىي ئاسىيا يايلىقىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلانغان.

## 5. ئىشبارا قاغان

ئىشبارا قاغان ئاشىنا تۇمەننىڭ ئوغلى.[illegible] ئۇ تارىختا «ئېل كۇلۇگ باغا ئىشبارا قاغان»، «ئېل كۇلۇگ شاد باغا ئىشبارا قاغان» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. ئىشبارا قاغان تابار قاغاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كۆكتۈرك خانلىقىدا پەيدا بولغان كەسكىن تەخت تالىشىش كۈرىشى جەريانىدا، ئوغلى ياللۇغ تېكىننىڭ قوللىشى بىلەن خاقانلىق تەختىگە چىققان، 581 ـ يىلىدىن 583 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ياللۇغ تېكىنگە تۇغلا دەرياسى ۋادىلىرىنى، ياندۇ ئېركىننىڭ ئوغلى تارمانغۇ قاغانغا ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي

شىمالىنى، ئىستەمى قاغاننىڭ ئوغلى تاردۇش قاغانغا ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىنى، ئىنىسى چۆرۆكۆلگە تاتار رايونلىرىنى بۆلۈپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن خانلىقنىڭ ئاساسىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان يېڭى مەمۇرىيەت تۈزۈمى — «سۇيۇرغاللىق سىستېمىسى» بارلىققا كېلىپ، مەركەزنىڭ ھوقۇقى ئاستا - ئاستا ئاجىزلىشىشقا باشلىغان. كېيىنكى ئەمەلىيەت بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلىغان. ئىشبارا قاغان خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا باش كۆتۈرۈۋاتقان ھەر خىل زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش ۋە خەلقنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى سىرتقا بۇراش ئۈچۈن، 582 - يىلى 400 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن سۈي سۇلالىسى (581 — 618) گە ھۇجۇم قوزغاپ، شىمالىي چېگرا رايونلارنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان.[13] ئۇرۇشتا ئىشبارا قاغان گەرچە زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆتكۈر ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىشقا قادىر بولالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ دەۋردە خانلىقتا قاتتىق ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن.[14] شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۈرك دالاسىدا يەنە ئېغىر جۇت بولۇپ، نۇرغۇن مال - ۋارانلار يەم - خەشەكنىڭ قىسلىقىدىن قىرىلىپ كەتكەن. خەلقنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ تۈگەپ، «ئاچلىق سۆڭەككە يېتىش»[15] تەك قورقۇنچلۇق ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. بۇ ھال خانلىقتىكى ھەرقايسى سۇيۇرغاللىقلارنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، 583 - يىلى 32 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بىر پۈتۈن كۆكتۈرك خانلىقى ئاخىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىشبارا قاغان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ياللۇغ تېكىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار «شەرقىي تۈرك خانلىقى»، تاردۇش قاغان ۋە تارمانغۇ قاغان باشقۇرۇشىدىكى رايونلار «غەربىي تۈرك خانلىقى» دەپ ئاتالغان. ئالتاي تاغلىرى ئىككى خانلىقنىڭ چېگرا پاسىلى قىلىنغان.[16]

## 2. شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

### 1. ئىشبارا قاغان

ئىشبارا قاغان كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى، شۇنداقلا شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ تۇنجى خاقانى، 583 ـ يىلىدىن 587 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. كۆكتۈرك خانلىقى تەبىئىي ئاپەت ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدىكى نىزالار تۈپەيلىدىن ئىككى خانلىققا بۆلۈنگەندىن كېيىن، ئىشبارا قاغان تۈرلۈك زىددىيەتلەر قايىنىمىغا چۆكۈپ، ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان. 583 ـ يىلى ئۇ زور قوشۇن بىلەن تارمانغۇ قاغانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن. بۇ ھال ئىشبارا قاغاننىڭ ئىنىسى تېكىن شادنى قاتتىق نارازى قىلىپ، ئۇنىڭ تارمانغۇ قاغان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنداق ئەھۋالدا، تارمانغۇ قاغان تاردۇش قاغان بىلەن بىرلىشىپ، ئىشبارا قاغانغا ھۇجۇم قىلغان. 584 ـ يىلى ئىشبارا قاغان ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تاردۇش قاغان ۋە تارمانغۇ قاغانلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى تۇرغۇزغان. 587 ـ يىلى ئىشبارا قاغان ئوۋ ئوۋلىغىلى سىرتقا چىقىپ قايتىپ كەلگىنىدە، بارگاھتىكى چېدىرلارنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاچچىق دەرت ـ ئەلەم ئىچىدە ۋاپات بولغان. [15]

### 2. چۈرۈكۈل

چۈرۈكۈل ئىشبارا قاغاننىڭ ئىنىسى. ئۇ ئاكىسىنىڭ

ۋاپاتىدىن كېيىن شەرقىي تۈرك خانلىقى تەختىگە چىققان، 587 ـ يىلىدىن 588 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ بەزى ماتېرىياللاردا «چۇلۇق»، «يابغۇ چۇلۇق»، «تۆلىش قاغان»، «باغا قاغان»[15] دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. خانلىقنىڭ ئەسلى قائىدىسى بويىچە، ئىشبارا قاغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى يارلۇقنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشى لازىم ئىدى. بىراق، يارلۇقنىڭ تېنى ئاجىز بولغاچقا، ئىشبارا قاغان كۆزىنى ئۆز ئىنىسى چۆرۆكۆلنى تەخت ۋارىسى قىلىشنى ئويلىغان. ئويلىمىغان يەردىن ئىش ئۆزگىچە تارتىپ، يارلۇقمۇ تاغىسى چۆرۆكۆلنىڭ خاقانلىق تەختىگە چىقىشىنى توغرا تاپقان. ئىشبارا قاغان ئۆلگەندىن كېيىن يارلۇق تاغىسى چۆرۆكۆلنىڭ يېنىغا نەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ خاقانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. لېكىن، چۆرۆكۆل جىيەنىنىڭ تەلىپىنى سىپايىلىق بىلەن رەت قىلىپ: «مۇقان قاغاندىن تارتىپ باشلانغان ئىنىنىڭ ئاكىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى ئەجدادلارنىڭ قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر»[16] دېگەن. شۇنداقتىمۇ نەچچە قېتىملىق ئۆتۈنۈشلەردىن كېيىن، چۆرۆكۆل جىيەنىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي، ئاخىر خاقانلىق تەختىگە چىققان ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا تارمانغۇ قاغانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى تۇتقۇن قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا تەۋە زېمىنلارنى شەرقىي تۈرك خانلىقىغا قاراتقان. 588 ـ يىلى ئۇ كۆكتۈرك خانلىقىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ناھايىتى ئۇرغۇن قوشۇن بىلەن تاردۇش قاغان باشقۇرۇۋاتقان غەربىي تۈرك خانلىقى تېررىتورىيىسىگە كىرگەن. ئۇ بۇ جايلاردا ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىغاچقا، غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، ئىران چېگرىسىغا يېتىپ كىرگەن. بىراق، ئىران قوشۇنلىرىنىڭ يېتىشىغا ئۇچراپ، جەڭدە ئوق تېگىپ ۋاپات بولغان.

### 3. يارلۇق

يارلۇق ئىشبارا قاغاننىڭ ئوغلى. ئۇ تاغىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خاقانلىق تەختىگە چىققان، 588 - يىلىدىن 599 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «دۇلان قاغان»، «ئۆرۈڭكۆل»، «تۇران قاغان» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. يارلۇق تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە شەرققە يۈرۈش قىلىپ، ئۇران قىيان (چۆرۆكۆلنىڭ ئوغلى) غا قارشى ھۇجۇم قوزغىغان.[20] ئۇران قىيان جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، سۈي سۇلالىسىگە بېقىنغان. سۈي سۇلالىسى پادىشاھى ۋېندى ئۇنى ئالاھىدە قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالغان ھەمدە ئۇنىڭغا يەنە «تىمەن ئىلىچىن بۇمىن قاغان» (كۈچلۈك، جاسارەتلىك قاغان)[21] دېگەن ھۆرمەت نامىنى بەرگەن. كېيىنچە يارلۇق داۋاملىق ھۇجۇم قىلغاچقا، ئۇران قىيان ئۆز ئاھالىلىرىنى باشلاپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا كۆچكەن. سۈي سۇلالىسى ئۇنى شياجۇ ۋە شېڭجۇدىن ئىبارەت ئىككى ئايماق (ھازىرقى شەنشىنىڭ جىڭجيەن ناھىيىسى ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ جۇڭغار سۇمۇنى ئەتراپىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ) ئارىلىقىدىكى جايلاردا چارۋىچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. 599 - يىلىنىڭ ئاخىرى يارلۇق قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

### 4. تىمەن قاغان

تىمەن قاغان يارلۇقنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شەرقىي تۈرك خانلىقى تەختىگە چىققان، 599 - يىلىدىن 608 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە خانلىق ئېغىر داۋالغۇشلارغا دۇچ كەلگەن. ئاۋۋال ئەينى چاغدىكى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانى تاردۇش كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىنى

ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، نەۋرىسى ئىلتەبىرنى زور قوشۇنغا قوماندان قىلىپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىغا قارشى ئۇمۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىغان. بۇنىڭ بىلەن تىمەن قاغان مەغلۇپ بولۇپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا چېكىنگەن. تاردۇش بولسا ئۆزىنى «بىلگە قاغان» دەپ ئاتاپ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىقلىرىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەن.[⑳] ئۇزاق ئۆتمەي تاردۇش قاغان ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جەنۇبقا ئۈچ قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونلىرىنى قاتتىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. بىراق، كېيىن سۈي سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تىمەن قاغان سۈي سۇلالىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە تاردۇش قاغانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن تۆلەس قاتارلىق ئون قەبىلىنىڭ ئۆزىگە قوشۇلۇشى ئارقىسىدا، تاردۇش قاغانغا قوغلاپ زەربە بېرىپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىنى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرگەن. بۇ ھال سۈي سۇلالىسىنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن بولغاچقا، پادىشاھ سۈي ياڭدى چاڭئەن شەھىرىدە تىمەن قاغاننى ئالاھىدە قوبۇل قىلىپ، داستىخان ئۈستىدە ئۇنى تۆرگە چىقىرىپ ئىززەتلىگەن[㉑] ھەمدە جېنخې (كۆكخوت شەھىرىنىڭ جەنۇبى)، دىڭشياڭ (داتۇڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبى) شەھەرلىرىنى ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشىغا بەرگەن. 608 - يىلى تىمەن قاغان ۋاپات بولغان.

## 5. شىبى قاغان

شىبى قاغان تىمەن قاغاننىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شەرقىي تۈرك خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان، 608 - يىلدىن 619 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «ئىككىنچى ئىشبارا قاغان» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان.

شىبى قاغان تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە، سۈي سۇلالىسى بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. لېكىن، پادىشاھ سۈي ياڭدى شەرقىي تۈرك خانلىقىنى پارچىلاش مەقسىتىدە، شىبى قاغاننىڭ ئىنىسى چىچەننى قوللاپ، ئۇنىڭغا خاقانلىق ئۇنۋانىنى بەرگەن ھەمدە ئۇنى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇشقا كۈشكۈرتكەن. بۇ ھال شىبى قاغاننىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغاپ، ئاخىر ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. 617 ـ يىلى جىنياڭ (تەيىيۈەن) نىڭ باقاۋۇلى لى يۈەن سۈي سۇلالىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ياردىمى بىلەن سۈي سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان. مۇشۇ مەقسەتتە، ئۇ شەرقىي تۈرك خانلىقىغا ئالاھىدە ئەلچى ئەۋەتىپ، شىبى قاغان بىلەن ئۆزئارا كېلىشىم ئىمزالىغان. كېلىشىم بويىچە، شەرقىي تۈرك خانلىقى لى يۈەننىڭ ئىسيانىنى قوللاپ، ئۇنىڭغا ھەربىي ياردەم بېرىدىغان؛ ئىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، زېمىن ۋە پۇقرا قۇرۇلماقچى بولغان تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولىدىغان؛ ھەربىي ياردەم بەدىلىگە شەرقىي تۈرك خانلىقى بارلىق ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن ۋە ئولجىغا چۈشكەنلەرگە ئىگە بولىدىغان بولغان.[㉔] كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن لى يۈەن دەرھال قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ (617 ـ 6 ـ ئاي)، نۇرغۇن ئۇرۇش غەنىمەتلىرىگە ئېرىشكەن ھەمدە قوزغىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان. شىبى قاغانمۇ كېلىشىم بويىچە لى يۈەنگە مىڭدىن ئارتۇق جەڭ ئېتى بېرىشتىن سىرت، يەنە ئىككى مىڭ كىشىلىك سەرخىل ئاتلىق قوشۇننى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ھەربىي يۈرۈشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان. 617 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، لى يۈەن قوشۇنلىرىنى باشلاپ چاڭئەن شەھىرىگە بېسىپ كىرگەن ھەمدە سۈي ياڭدىنىڭ ئوغلى ياڭ يۇنى خان قىلىپ تىكلەپ، ئۆزىنى باش ۋەزىر دەپ ئېلان قىلغان.

لېكىن، 618 ـ يىلى 3 ـ ئايغا كەلگەندە، جياڭدۇدا زىيارەت قىلىۋاتقان سۈي ياڭدى قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن لى يۈەن شۇ يىلى 5 ـ ئايدا قورچاق خان ياڭ يۇنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىغان ھەمدە چاڭئەن شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىققان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن شەرقىي تۈرك خانلىقىمۇ كېلىشمىنىڭ روھىغا ئاساسەن ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنياغا ئېرىشكەن. 619 ـ يىلى شىبى قاغان ۋاپات بولغان.

## 6. ئېلتەبىر

ئېلتەبىر تىمەن قاغاننىڭ ئوغلى، شىبى قاغاننىڭ ئىنىسى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شەرقىي تۈرك خانلىقى تەختىگە چىققان، 619 ـ يىلىدىن 620 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ بەزى مەنبەلەردە «قارا قاغان»، «چۇلۇق خاقان»، «چۆرە قاغان» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. ئېلتەبىر تەختكە چىققاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى لى يۈەن (تاڭ گاۋزۇ) كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى ئالاھىدە قۇتلۇقلىغان ھەمدە ئوردا ئەمەلدارى جېڭدې ئارقىلىق ئۇنىڭغا 30 مىڭ توپ تاۋار ـ دۇردۇن سوۋغا قىلغان. خاقان ئېلتەبىر دەۋرىدە شەرقىي تۈك خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى زور دەرىجىدە يۈكسىلىپ، سودا ـ سېتىق، چارۋىچىلىق، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ئۆتۈكەن تاغلىرى ئەتراپىدىن چىقىدىغان ئات، كالا، قوي، تۆگە قاتارلىق چارۋىلار؛ يۇڭ، تېرە قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى؛ ھەر خىل ئوۋچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بازارلىرىدا ئەتىۋارلىق بۇيۇمغا ئايلانغان. كۆپلىگەن تۈرك سودىگەرلىرى چاڭئەن شەھىرىگە كېلىپ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى تۆكمە

قىلىپ ساتقان. ئەينى دەۋردە، يالغۇز چاڭئەن شەھىرىدىكى تۈرك سودىگەرلىرىنىڭ سانىلا ئون نەچچە مىڭغا يەتكەن. ئۇلار تاڭ سۇلالىسىدىن ئالغان ھەر خىل يىپەك رەختلەرنى ئۆز دۆلىتىگە توشۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ھەتتا شەرقىي ياۋروپا بازارلىرىغىچە توشۇپ سېتىپ، ئارىلىقتا غايەت زور پايدىغا ئېرىشكەن. بۇ ھال شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى مۇئەييەن دەرىجىدە بېيىتقان. بىراق، ماددىي جەھەتتىكى تويۇنۇش بىر قىسىم تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ نەپسىنى ئېچىمۇ يوغىنىتىپ، ئۇلاردا تاڭ سۇلالىسىگە قارىتا بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش ئىستىكىنى پەيدا قىلغان. بۇنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، خاقان ئېلتەبىر ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونلىرىغا تېگىش قىلغان. 620 ـ يىلى خاقان ئېلتەبىر ۋاپات بولغان.

## 7. ئېل قاغان

ئېل قاغان تىمەن قاغاننىڭ ئوغلى، ئېلتەبىرنىڭ ئىنىسى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شەرقىي تۈرك خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان، 620 ـ يىلىدىن 630 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «ئالىپ ئېلتەبىر»، «ئېلىك قاغان» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. ئېل قاغان شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى بولۇپ، ئۇ تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتتە بولغان. پادىشاھ لى يۈەن شىبى قاغان بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنىڭ روھىغا ئاساسەن، شەرقىي تۈرك خانلىقىغا ھەر يىلى نۇرغۇن تاۋار ـ دۇردۇنلارنى ئىنئام قىلىپ تۇرغان. بىراق، 627 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇر، سىر تاردۇش، بايىرقۇ قاتارلىق ئون نەچچە قەبىلىنىڭ چوڭ قوزغىلىڭى يۈز بېرىپ، شەرقىي تۈرك خانلىقى ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كەلگەن. بۇنداق ئەھۋالدا ئېل قاغان

ئوغلى يۇقۇق شادنى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندان قىلىپ، قوزغىلاڭنى تىنچىتىشقا ئەۋەتكەن. نەتىجىدە مالىيشەن (مازۇڭسەن تېغى، يايلى تاغ دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ ـ ئا) تېغىدا كەسكىن جەڭ بولۇپ، بۇسات تېكىن باشچىلىقىدىكى 5000 كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنى تۈركلەرنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى پۈتۈنلەي تارمار قىلغان.[25] بۇ چاغدا خانلىقنىڭ شەرقىي تېررىتورىيىسىدىكى تاتابى، شى، قىتان قاتارلىق قەبىلىلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلىپ، ئېل قاغانغا قارشى تۇرغان. ئېل قاغان ئىنىسى تۆلىش شادنى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن. لېكىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچلۈك ياردىمى ئاستىدا كۆتۈرۈلگەن بۇ قوزغىلاڭنى تىنچىتالمىغان. تۆلىش شاد مەغلۇبىيەت ئىزاسىدىن ئاكىسىغا يۈز كېلەلمەي، ئاخىر 629 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان. بۇ ئىش ئېل قاغانغا قاتتىق ھار كەلگەچكە، ئۇ مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونلىرىغا قارىتا ئۈچ ئېلىش خاراكتېرلىك ھۇجۇم باشلىغان. تاڭ سۇلالىسىمۇ زۆرۈر تەييارلىقلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئېل قاغاننىڭ ھۇجۇمىنى ئۆز ۋاقتىدا چېكىندۈرۈپ تۇرغان. 630 ـ يىلىغا كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسى لى شىجى قوماندانلىقىدىكى 100 نەچچە مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى ئېل قاغانغا قارشى ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىۋاسىتە ھەربىي ياردىمى بىلەن شەرقىي تۈرك خانلىقى قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. ئېل قاغان ئامالسىزلىقتىن تۇيغۇنلارنىڭ ئارىسىغا قاچماقچى بولغاندا قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ،[26] پايتەخت چاڭئەنگە ئەۋەتىلگەن. بۇنىڭ بىلەن 47 يىل ھۆكۈم سۈرگەن شەرقىي تۈرك خانلىقى ئاخىر تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغان. 634 ـ يىلى ئېل قاغان چاڭئەن شەھىرىدە كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

# 3. غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

## 1. تاردۇش قاغان

تاردۇش قاغان ئاشىنا تۈمەننىڭ ئىنىسى ئىستەمى قاغان (باغاتۇر يابغۇ) نىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتى (576 ـ يىلى) دىن كېيىن كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ غەربىي قىسىم زېمىنلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلغان، 576 ـ يىلىدىن 603 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ بەزى ماتېرىياللاردا «چيەنكۆل» ، «بىلگە قاغان» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى ئىشبارا قاغان دەۋرىدە، بۆرۈنقى ئۈيسۇنلار رايونى ئۇنىڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. كۆكتۈرك خانلىقى پارچىلانغان (583 ـ يىلى) دىن كېيىن بولسا، ئۇ غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ تۇنجى خاقانى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھازىرقى قاراشەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يۇلتۇز دەرياسى ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا شەرقتە ئالتاي تاغلىرىدىن غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان جايلارنى باشقۇرغان.

تاردۇش قاغاننىڭ خاقانلىق تەختىگە چىقىشى بىلەن غەربىي تۈرك خانلىقى زېمىنى گويا بىر جەڭگاھقا ئايلىنىپ، شەرقىي تۈرك خاقانلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە تاجاۋۇز قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرغان. 584 ـ يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ تۇنجى خاقانى ئىشبارا قاغان نۇرغۇن قوشۇن بىلەن تاردۇش قاغانغا ھۇجۇم باشلىغان. تاردۇش قاغان ئىشبارا قاغاننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، غەربىي تۈرك خانلىقىغا يېڭىلا قېچىپ كەلگەن ياندۇ ئېركىننىڭ ئوغلى ئاپا قاغان (تارمانغۇ قاغان) نى 100 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن

ئىشبارا قاغانغا قارشى جەڭگە ئاتلاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشتا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. 587 ـ يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خاقانى چۆرۆكۆل (تۆلىش قاغان) ئاپا قاغانغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنى تۇتقۇن قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى كەڭ رايونلارنى ئىگىلىۋالغان. 588 ـ يىلى چۆرۆكۆل تاردۇش قاغانغا قارشى ئۇرۇش باشلىغان، بىراق ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ ۋاپات بولغان. چۆرۆكۆلدىن كېيىن خاقان بولغان يارلۇقمۇ تاردۇش قاغان بىلەن تەكرار ـ تەكرار ئۇرۇش قىلغان. لېكىن، 599 ـ يىلى يارلۇقنىڭ ئۆز ئادىمى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن شەرقىي تۈرك خانلىقىدا زور قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، خانلىق بىر قاتار كرىزىسلارغا دۇچ كەلگەن. بۇنداق ئەھۋالدا، تاردۇش قاغان كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، نۇرغۇن قوشۇننى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ شەرقىي تۈرك خانلىقىغا قاراشلىق شىمالىي چۆللۈكنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلغان. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىقلىرى ۋاقىتىنچە بىر تۇغ ئاستىغا يىغىلىپ، تاردۇش قاغان تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانىغا ئايلانغان. ئۇ بۈيۈك بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونلىرىغا نەچچە رەت تېگىش قىلغان. بىراق، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېڭى زىددىيەتلەر پەيدا بولۇپ، تۆلەس، ئىزگىل، ئاپا، خۇن، بارغۇت، قوغۇرسۇ قاتارلىق ئون قەبىلە تاردۇش قاغانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ھەمدە سۈي سۇلالىسىنىڭ كۈچلۈك ياردىمىگە ئېرىشكەن شەرقىي تۈرك خاقانى تىمەن قاغاننىڭ سېپىگە كېلىپ قوشۇلغان. نەتىجىدە، تاردۇش قاغاننىڭ سۈي سۇلالىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. ئۇزاق ئۆتمەي تىمەن قاغان سۈي سۇلالىسىنىڭ قوللىشى ۋە تاردۇش قاغانغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن

قەبىلىلەرنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تاردۇش قاغاننى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. تاردۇش قاغان ئامالسىزلىقتىن چىڭخەي تەۋەسىدىكى تۇيغۇنلارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ (603 ـ يىلى) كەتكەن. ئۇنىڭ كېيىنكى ئىش ـ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

## 2. نىزۇك قارا قاغان

نىزۇك قارا قاغان تاردۇش قاغاننىڭ نەۋرىسى.[*] ئۇ تاردۇش قاغان تۇيغۇنلارنىڭ ئىچىگە قېچىپ ئىزسىز يوقالغاندىن كېيىن، بىر قاتار سورۇقچىلىقلار ئارقىلىق غەربىي تۈرك خانلىقى تەختىگە چىققان، 603 ـ يىلىدىن 611 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «چۈرۈ قاغان»، «چۇلۇق خاقان»، «قارا قاغان»، «كۇناشلا قاغان»، «نىزۇك چۇلۇ قاغان» دېگەندەك ناملار بىلەن تىلغا ئېلىنغان. نىزۇك قارا قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە قول ئاستىدىكى قەبىلىلەرگە قارىتا ناھايىتى قاتتىق پوزىتسىيەدە بولۇپ، ئۇلارنى مۇستەبىتلىك بىلەن باشقۇرغان. تېلى ۋە سىر تاردۇش قەبىلىلىرى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ زۇلۇمى ھەم ئېغىر باج ـ سېلىق سىياسىتى تۈپەيلىدىن قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇنداق ۋەزىيەتتە، نىزۇك قارا قاغان قوزغىلاڭنى تىنچىتىش ئۈچۈن، تېلى ۋە سىر تاردۇش قەبىلىرىنىڭ 600 دىن ئارتۇق يولباشچىسىنى يىغىپ تىرىك كۆمۈۋەتكەن.[*] بۇ ھال دوستنى ئازايتىپ دۈشمەننى كۆپەيتىش رولىنى ئويناپ، كۆپلىگەن تېلى قەبىلىرىنىڭ، ھەتتا بىر قىسىم تۈرك قەبىلىرىنىڭمۇ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان. نەتىجىدە تېلىلار (ئۇيغۇرلار) بارغۇت، تۇڭرا، بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، غەربىي تۈرك خانلىقىدىن ئايرىلغانلىقىنى جاكارلىغان ھەمدە ئۆزلىرىنى «ئېركىن» دەپ ئاتاپ، سۈكۈن

ئېركىننى يېڭى ئىتتىپاقنىڭ ئاقساقاللىقىغا تەيىنلىگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي تۈرك خانلىقى پەيدىنپەي ئاجىزلىشىشقا باشلىغان.

نىزۇك قارا قاغاننىڭ تېلىلار قوزغىلىڭى سەۋەبىدىن زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ سۇي سۇلالىسىگە ئەل بولغان ۋە 611 - يىلى چاڭئەن شەھىرىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان. سۇي ياڭدى ئۇنى ناھايىتى داغدۇغىلىق قارشى ئېلىپ، ھەشەمەتلىك زىياپەتلەر بىلەن كۈتۈۋالغان ھەمدە خۇيىنىڭ (ھازىرقى شەنشىنىڭ جىڭبيەن ناھىيىسى)، لۇفەن (شەنشىدىكى يەنمېنگوەن ناھىيىسىنىڭ شىمالى) قاتارلىق جايلارنى ئۇنىڭ قەبىلىسىنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا بەرگەن. كېيىنچە سۇي ياڭدى مەلىكە شىڭيىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىغا شارائىت ھازىرلىغان. نىزۇك قارا قاغانمۇ سۇي سۇلالىسىنىڭ ئىلتىپاتىغا رازى بولۇپ، سۇي ياڭدىنىڭ كورىيىگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىدە ناھايىتى زور خىزمەت كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە سۇي سۇلالىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا شېكۈيگە قارشى نەچچە رەت ئۇرۇش ئېلىپ بارغان. لېكىن، بۇ مەزگىلدە سۇي سۇلالىسى ئاجىزلىشىشقا يۈزلەنگەچكە، ئۇنىڭ قولىدىن كەتكەن تەختىنى قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىغان. كېيىنكى مەزگىللەردە، نىزۇك قارا قاغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ قېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن.

## 3. شېكۈي قاغان

شېكۈي قاغان تاردۇش قاغاننىڭ نەۋرىسى. ئۇ 611 - يىلى نىزۇك قارا قاغاننى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ تەختىنى تارتىۋالغان، 611 - يىلىدىن 618 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، خانلىقنىڭ سەلتەنىتىنى

قايتىدىن تىكلەش ئۈچۈن بىر قاتار ھەربىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئالدى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونلىرىنى بىر تۇغ ئاستىغا يىغقان. ئارقىدىنلا يومپىنگوەن قوۋۇقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بارلىق جايلارنى (جۇملىدىن ئىۋىرغول رايونىنى) ئۆز قولىغا ئېلىپ، سۇي سۇلالىسىنىڭ بۇ جايلاردا تەسىس قىلغان ھەربىي، مەمۇرىي مۇئەسسەسەلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. كېيىنكى چاغلاردا سېكوي قاغان يەنە نەچچە تۈمەن ئوقياچى لەشكەرگە ئىگە بولۇپ، غەربىي تۈرك خانلىقىنى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىگە ئېلىپ كىرگەن. بۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئىستەمى ۋە تاردۇش قاغان دەۋرىدىكى شان ـ شۆھرىتى قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەن. 618 ـ يىلى شېكوي قاغان ۋاپات بولغان.

## 4. تۇن يابغۇ قاغان

تۇن يابغۇ قاغان شېكوي قاغاننىڭ ئىنىسى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن غەربىي تۈرك خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان، 618 ـ يىلدىن 628 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن شېكوي قاغاننىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەن ھەمدە ئوردىسىنى تاشكەنتنىڭ شىمالىدىكى مىڭبۇلاق دېگەن جايغا كۆچۈرۈپ، خانلىقنىڭ غەربىي قىسىم رايونلىرىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەن. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي خانلىقتا ئېغىر مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، قارلۇق قەبىلىلىرى غەربىي تۈرك خانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. بۇنداق ئەھۋالدا، تۇن يابغۇ قاغان ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا قادىر بولالماي، ئاخىر 628 ـ يىلى ئىنىسى باغادۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ⊛

## 5. باغادۇر قاغان

باغادۇر قاغان تون يابغۇ قاغاننىڭ ئىنىسى. ئۇ ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۆزىنى كۆل ئىبل بىلگە خاقان دەپ ئېلان قىلىپ، غەربىي تۈرك خانلىقى تەختىنى تارتىۋالغان، 628 ـ يىلىدىن 630 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. باغادۇر قاغاننىڭ تەختكە چىقىشى ئەينى چاغدىكى بىر قىسىم تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. ساداق قەبىلىسى ئالدى بىلەن قوزغىلىپ، تون يابغۇ قاغاننىڭ ئوغلى ئىس يابغۇنى قاغان قىلىپ تىكلەپ، باغادۇر قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئىككى خان ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۆرەشلەر يۈز بېرىپ، باغادۇر قاغان مەغلۇپ بولغان ۋە نائىلاج ئالتاي تاغلىرىغا قېچىپ كەتكەن ۋە ئۇزاق ئۆتمەي بۇ جايدىكى نىشۇر خاقان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.①

## 6. ئىس يابغۇ قاغان

ئىس يابغۇ قاغان باغادۇر قاغاندىن كېيىن غەربىي تۈرك خانلىقى تەختىگە چىققان، 630 ـ يىلىدىن 632 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ بەزى مەنبەلەردە «دىللى قاغان»، «ئىشبارا ئىس يابغۇ قاغان»، «سىل يابغۇ قاغان»، «ئىشبارا سىل يابغۇ قاغان» دېگەندەكناملار بىلەن ئاتالغان. ئۇ زالىم كىشى بولۇپ، قول ئاستىدىكى قەبىلىلەرگە ناھايىتى قاتتىق قوللۇق قىلغان. شۇ ۋەجىدىن نۇرغۇن قەبىلىلەر ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. 632 ـ يىلى ئۇ ئامالسىزلىقتىن كانگىيگە قېچىپ كەتكەن ۋە شۇ جايدا ۋاپات بولغان.

## 7. نىشۇر قاغان

نىشۇر قاغان باغادۇر قاغاننىڭ ئوغلى. ئۇ ئىس يابغۇ قاغاندىن كېيىن غەربىي تۈرك خانلىقى تەختىگە چىققان، 632 ـ يىلىدىن

634 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئايرىم مەنبەلەردە «تۇغلۇق خاقان»، «ئالىپ ئېل بىلگە قۇتلۇق قاغان» دېگەندەكناملار بىلەن ئاتالغان. نىشۇر قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، غەربىي تۈرك خانلىقى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتتە بولغان. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭ نىشۇر قاغاننىڭ خاقانلىق تەختىگە چىققانلىقىنى ئالاھىدە قۇتلۇقلىغان. 634 ـ يىلى نىشۇر قاغان كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

## 8. ئىشبارا ئېلتېرىش قاغان

ئىشبارا ئېلتېرىش قاغان (تۇڭا شاد) نىشۇر قاغاننىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن غەربىي تۈرك خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان، 634 ـ يىلىدىن 639 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بارلىق غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنى ئونغا ئايرىپ، ھەر بىر قەبىلىگە بىردىن قەبىلە ئاقساقىلى قويغان. قەبىلە ئاقساقاللىرى «ئون شاد» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، ھەربىر شادقا بىردىن ئوق بېرىلگەن. شۇڭا، ئون قەبىلە «ئون ئوق» دەپمۇ ئاتالغان. «ئون ئوق» ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئوڭ ـ سول قاناتقا ئايرىلغان بولۇپ، ئىككى قاناتتا بەشتىن ئوق بولغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى سول قانات «بەش تۇغلۇقلار قەبىلىسى» (تۇغلۇق)، ئوڭ قانات «ساداقلىقلار قەبىلىسى» (نۇشبى) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.[61] ئوڭ ـ سول قاناتتىكى قەبىلىلەر بىرلەشتۈرۈلۈپ، «ئون ئوق» ياكى «ئون جەمەت قەبىلە» دەپ ئاتالغان. «بەش تۇغلۇقلار» سۇياب دەرياسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، «ساداقلىقلار» غەربىي قىسمىغا ئولتۇراقلاشقان.

ئىشبارا ئېلتېرىش قاغاننىڭ دۆلەتنى بۆلۈپ باشقۇرۇش تەدبىرى خانلىقنى مۇستەھكەملەش ئەمەس، بەلكى پارچىلاش رولىنى ئويناپ، غەربىي تۈركلەرگە، جۈملىدىن پۈتكۈل غەربىي رايون

خەلقىگە ئېغىر بالايى ـ ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن غەربىي تۈرك خانلىقى رەسمىي تۈردە پارچىلىنىپ، قالايمىقان ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالغان. بىر قىسىم تۈرك قەبىلىلىرى باش تۇتۇقنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىسىيان كۆتۈرۈپ، ئىشبارا ئېلتېرىش قاغانغا ئاشكارە ھالدا قارشى چىققان. ئۇ ئامالسىزلىقتىن ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ قاراشەھەرگە چېكىنگەن. كېيىنچە باش تۇتۇق ئاسكىل ئېركىن بىلەن بىرلىشىپ، يۇقۇق شادنى چوڭ خاقان، ئىشبارا ئېلتېرىش قاغاننى كىچىك خاقان قىلىپ تىكلىگەن. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەيلا باش تۇتۇقنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە يۇقۇق شادنىڭ «ساداقلىقلار قەبىلىسى»نىڭ زەربىسىگە ئۇچرىشى بىلەن، ئىشبارا ئېلتېرىش قاغان بۇرۇنقى زېمىنلىرىنى قايتىدىن ئۆز قولىغا ئالغان. بۇ ھال غەربىي تۈركلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. 638 ـ يىلى غەربىي تۈركلەر يۇقۇق شادنى قاغان قىلىپ تىكلەپ، ئىشبارا ئېلتېرىش قاغانغا قارشى بىر قاتار جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە كېلىشىم ئىمزالىنىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمى يۇقۇق شادقا، شەرقىي قىسمى ئىشبارا ئېلتېرىش قاغانغا تەۋە بولغان. 639 ـ يىلىغا كەلگەندە، يۇقۇق شاد «ساداقلىقلار قەبىلىسى» ئىچىدىكى تۇتۇق ئېلتەبىر بىلەن بىرلىشىپ، ئىشبارا ئېلتېرىش قاغانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. ئىشبارا ئېلتېرىش قاغان ئىسياننى تىنچىتىشقا ئامالسىز قېلىپ، فەرغانىگە قاچقان ھەمدە شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

## 9. ئېلبەگ ئىشبارا يابغۇ قاغان

ئېلبەگ ئىشبارا يابغۇ قاغان ئىشبارا ئېلتېرىش قاغاننىڭ جىيەنى، قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغاننىڭ ئوغلى. ئۇ تاغىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن «ساداقلىقلار قەبىلىسى»دىكى ھەرقايسى ئاقساقاللارنىڭ قوللىشى بىلەن غەربىي تۈرك خانلىقى تەختىگە

چىققان، 639 ـ يىلىدىن 641 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ تەختكە چىقىپ ئاۋۋال تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان، تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن ياردەمچى ئەمىر جاڭ داشىنى ئالاھىدە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا مەنسەپ ـ ئۇنۋان ھەم دۇمباق، تۇغلارنى ئىنئام قىلغان.[②] ئىلبەگ ئىشبارا يابغۇ قاغان ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق يۇقۇق شادنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىغاچقا، خانلىقنىڭ ۋەزىيىتىنى ھېچبىر ئوڭشىيالمىغان. 641 ـ يىلىغا كەلگەندە، يۇقۇق شاد شاشتا تۇرۇشلۇق تۇتۇققا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئىلبەگ ئىشبارا يابغۇ قاغانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان ھەمدە ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆلتۈرگەن.

## 10. ئېل بىلگە شېكۈي قاغان

ئېل بىلگە شېكۈي قاغان ئىشبارا ئېلتېرىش قاغانىنىڭ نەۋرىسى، ئېل كوچلۇش ئىلىگ بەگ قاغانىنىڭ ئوغلى. ئۇ ئىلبەگ ئىشبارا يابغۇ قاغاندىن كېيىن غەربىي تۈرك خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان، 641 ـ يىلىدىن 650 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ تەختكە چىقىپ ئالدى بىلەن يۇقۇق شاد تەرىپىدىن قامالغان تاڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ، چاڭئەن شەھىرىگە يولغا سالغان ھەمدە بۇ تۆھپىسى ھېسابىغا تاڭ سۇلالىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ يۇقۇق شادقا قارشى قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. بىراق، يۇقۇق شاد ئۆز قەبىلىسىنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم بولۇپ پۈتۈنلەي يېتىم قالغاچقا، غەربىي تۈرك خانلىقىنى بىر مەھەل قايتىدىن بىر تۇغ ئاستىغا يىغقان. بۇ مەزگىلدە، يۇقۇق شاد تەرىپىدىن يابغۇلۇققا تەيىنلەنگەن ئاشىنا قۇلى (ئاسنا ئالىپ) مۇ ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ تاڭ

سۇلالىسىگە ئەل بولغاچقا، ئىبل بىلگە شىكۇي قاغان خېلىلا مۇقىم ئاساسقا ئىگە بولۇۋالغان. لېكىن، 650 ـ يىلىغا كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسىغا شەكلەن قارام بولغان ئاشىنا قۇلى قوشۇنلىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىبل بىلگە شىكۇي قاغانغا ھۇجۇم قىلغان ھەمدە ئۇنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق بارلىق زېمىن ۋە قەبىلىلەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە بىر قاتار ھەربىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق قاش دەرياسى بىلەن مىڭبۇلاق دېگەن جاينى مەركەز قىلغان ھالدا غەربىي تۈركلەرنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەن ھەمدە ئۆزىنى ئىشبارا قاغان دەپ ئاتىغان. نەتىجىدە، ئىبل بىلگە شىكۇي قاغان خاقانلىق تەختىدىن مەھرۇم بولغان.

## 11. ئىشبارا قاغان

ئىشبارا قاغان ئىشبارا ئېلتىرىش قاغاننىڭ جىيەنى، 650 ـ يىلىدىن 657 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ خاقانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھۇجۇم تىغ ئۇچىنى تاڭ سۇلالىسىغا قارىتىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېشبالىغ، ئۇرۇمتاي، باركۆل قاتارلىق جايلاردا تەسىس قىلغان ھەربىي، مەمۇرىي مۇئەسسەسەلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلغان. بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئىشبارا قاغانغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى قارار قىلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇننى غەربىي تۈرك خانلىقى زېمىنىغا ئەۋەتكەن. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ، 651 ـ يىلى «ساداقلىقلار قەبىلىسى»نى، 652 ـ 656 ـ يىللىرى قارلۇق، چىگىل، تۈركەش قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرغان. 657 ـ يىلىغا كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سۇدىڭفاڭ، رېن ياشياڭ، بايان (ئۇيغۇر) قاتارلىق داڭلىق سەركەردىلىرى ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىغا يۈرۈش قىلىپ، ئىشبارا قاغاننىڭ بۇ جايدىكى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تارمار قىلغان. ئىشبارا قاغان قالدۇق

قوشۇنلىرىنى باشلاپ سۇياب دەرياسى بويىغا چېكىنگەن. تالڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئىشبارا قاغاننى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلغان. نەتىجىدە ئىشبارا قاغان ئامالسىزلىقتىن تاشكەنتكە قېچىپ بارغاندا شۇ جايدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، تالڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن.[3] شۇنىڭ بىلەن 74 يىل ھۆكۈم سۈرگەن غەربىي تۈرك خانلىقى ئاخىر تالڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

## 4 . كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

كېيىنكى تۈرك خانلىقى (شىمالىي تۈرك خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ـ ئا) كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ داۋامى. مەزكۇر خانلىق شەرقىي تۈرك خانلىقى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلىپ 49 يىل ئۆتكەندىن كېيىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئۆتۈكەن تېغىنى مەركەز قىلغان ھالدا شەرقتە ھىنگان تاغلىرىدىن غەربتە كانگىيگىچە، [94] شىمالدا بايقال كۆلىدىن جەنۇبتا سەددىچىنگىچە بولغان كەڭ رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ دەۋردە، تۈرك خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، سىياسىي تۈزۈمى ۋە مەدەنىي ھاياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. شۇڭا، بۇ دەۋردىكى تۈرك خاقانلىرى ئۈستىدە توختىلىش ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 1. قۇتلۇق قاغان

قۇتلۇق قاغان كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ تۇنجى خاقانى، 679 ـ يىلىدىن 691 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ شەرقىي تۈرك خاقانلىرىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، 679 ـ يىلى چوغاي تېغى (ھازىرقى يىنشەن تېغى) دا 100 چە كىشى بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ھەمدە قاراقۇم شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئەتراپىغا 5 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلىغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلكىدىكى ئۆتۈكەن تېغىنى ئىگىلەپ، تۈرك خانلىقىنى قايتىدىن تىكلىگەن ھەمدە ئۆزىنى «ئىلتېرىش قاغان» (ئىلتەرس قاغان) دەپ

ئاتىغان. ئۇ قۇرغان خانلىق تارىختا «كېيىنكى تۈرك خانلىقى» ياكى «قۇتلۇق تۈرك خانلىقى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

كېيىنكى تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇتلۇق قاغان خانلىقنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان:

1. كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ بۇرۇنقى ئەنئەنىسى بويىچە قوش خانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، خانلىقنى «تۆلىش شاد» ۋە «تاردۇش شاد» دەپ ئىككىگە ئايرىپ باشقۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ بارلىق ھەربىي، مەمۇرىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلگەن سىستېمىلىق قانۇن بويىچە ئىدارە قىلغان. بۇ ھال خانلىقنىڭ ھەربىي جەھەتتە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن زۆرۈر شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن.

2. قۇتلۇق قاغان خانلىققا كېلىدىغان تاشقى تەھدىتنى يوقىتىش ئۈچۈن، دانىشمەن مەسلىھەتچىسى ۋە ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى تونيۇقۇقنىڭ ياردىمى ئاستىدا، ئاۋۋال ئۆتۈكەن تاغلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ، ئۇلارنى توغلا دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان. 682 - يىلى شەرقتىكى قىتان ۋە تاتابى قەبىلىلىرى، غەربتىكى تۈرك قەبىلىلىرى، شىمالدىكى ئۇيغۇر ۋە قىرغىز قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆز تۇغى ئاستىغا يىغقان. شۇ يىلى يەنە «تەڭرىقۇت قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى»[⑤] گە ھۇجۇم قىلىپ، قورۇقچىبەگ تۇرۇشلۇق جاينى مۇھاسىرىگە ئالغان ھەمدە تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقان.

دېمەك، قۇتلۇق قاغان يۇقىرىقىدەك پائالىيەتلىرى ئارقىلىق خانلىقنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇستەھكەملىگەن. بۇ جەرياندا، ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جەمئىي 47 قېتىم چوڭ جەڭ قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە 20 قېتىملىق جەڭگە ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق

قىلغان. مەسىلەن، بۇ ھەقتە «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دا:
«. . . ئاتام ئېلتېرىش خاقان 17 ئەر بىلەن سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ سىرتتا يۈرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شەھەردىكىلەر تاغقا چىقىپتۇ، تاغدىكىلەر تۆۋەنگە چۈشۈپتۇ. بۇلار يىغىلىپ 70 ئەر بوپتۇ؛ تەڭرى كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتام خاقاننىڭ ئەسكەرلىرى بۆرىدەك، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قويدەك ئىكەن. شەرقتىن غەربكىچە يۈرۈش قىلىپ توپلىغان كىشى 700 بوپتۇ. 700 كىشى بولغاندىن كېيىن، ئاتام خاقان ئاتا ـ بوۋامنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى بويىچە، دۆلىتىدىن، خاقانىدىن ئايرىلغان خەلقلەرنى، دېدەككە ئايلانغان، قۇل بولغان خەلقلەرنى تەشكىللەپتۇ ۋە تەربىيىلەپتۇ. ئۇ يەردە تۆلىش ۋە تاردۇش خەلقىنى تەشكىللەپتۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىغا يابغۇ ۋە شاد ئۇنۋانىنى بېرىپتۇ. ئوڭ تەرەپ (جەنۇب) تە تابغاچلار دۈشمىنى ئىكەن، سول تەرەپ (شىمال) تە باز خاقانى ۋە توققۇز ئوغۇزلار دۈشمىنى ئىكەن. قىرغىزلار، قۇرىقانلار، ئوتتۇز تاتارلار، قىتانلار، تاتابىلارنىڭ ھەممىسى دۈشمىنى ئىكەن. ئاتام خاقان 47 قېتىم ئەسكەر چىقىرىپتۇ، 20 قېتىم جەڭ قىپتۇ. تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن مەھرۇم قىپتۇ، خاقانلىرى بارلارنى خاقانىدىن مەھرۇم قىپتۇ، تىزى بارلىرىنى تىزلاندۇرۇپتۇ، بېشى بارلارنى باش ئۇردۇرۇپتۇ. . .» [®]
دېگەندەك قۇرلار خاتىرىلەنگەن. 691 ـ يىلى قۇتلۇق قاغان ۋاپات بولغان.

## 2. مويۇنچۇر

مويۇنچۇر قۇتلۇق قاغاننىڭ ئىنىسى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خاقانلىق تەختىگە چىققان، 691 ـ يىلىغىچە 716 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ بەزى مەنبەلەردە «قاپاغان قاغان»، «بەگچۇر» دېگەندەكناملار بىلەن ئاتالغان. مويۇنچۇر

دەۋرىدە، كېيىنكى تۈرك خانلىقى قۇدرەت تېپىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلانغان. مويۇنچۇر خانلىقىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن بىر قاتار ھەربىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاۋۋال 693 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونلىرىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىغان. 695 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇزېتيەن ئۇنىڭغا «ئىناق كۆچمەن قاغان» ئۇنۋانىنى بەرگەن.① 698 ـ يىلى مويۇنچۇر تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك ۋە ئادەملەرنى قولغا چۈشۈرگەن. بۇ ھال كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ داۋاملىق كېڭەيمىچىلىك قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر ماددىي ئاساس ھازىرلاپ بەرگەن. 706 — 707 ـ يىللىرى مويۇنچۇر شىمالغا قوشۇن تارتىپ، بايقال كۆلى ئەتراپىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بايىرقۇ قەبىلىسىنى بويسۇندۇرغان. 709 ـ يىلى شىمالدىكى چىكلار، ئاز، خاككاس قەبىلىلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن تىزپۈكتۈرگەن. 711 — 712 ـ يىللىرى ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، يەتتە سۇ رايونىغا ھۇجۇم قىلغان ھەمدە بۇ جايدىكى «ئون ئوق» قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان. 712 — 713 ـ يىللىرى سىر دەرياسىدىن ئىككى قېتىم ئۆتۈپ، توخرىلارنىڭ چېگرىسى — تۆمۈر قاپقىغا يېتىپ بارغان.②

ئۇمۇمەن، مويۇنچۇر يۈرگۈزگەن ھەربىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنى زور شان ـ شۆھرەتكە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ نامى ئەتراپقا پۇركەتكەن. بۇ ھەقتە «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» دىكى بىلگە خاقانىنىڭ مويۇنچۇرغا بېغىشلانغان بايانلىرىدا مۇنداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان: «. . . كېيىن قانۇن ـ تۈزۈمگە ئاساسەن، تاغام (مويۇنچۇر) خاقان بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. تاغام خاقان بولغاندىن كېيىن، تۈرك خەلقىنى قايتىدىن تەشكىللىدى ۋە يېقىپ تەربىيىلىدى. يوقسۇللارنى باي

قىلدى، ئازنى كۆپ قىلدى. تاغام خاقانلىققا ئولتۇرغاندا، مەن تاردۇش خەلق ئۈستىدىكى شاد ئىدىم. مەن تاغام خاقان بىلەن بىللە، ئالدى تەرەپ (شەرق) تىن تا تۆمۈر قاپىقىغىچە قوشۇن تارتتۇق ھەمدە كوگمەن تېغىدىن ئېشىپ، قىرغىزلار زېمىنىگە قوشۇن تارتىپ باردۇق. جەمئىي 25 قېتىم قوشۇن چىقاردۇق، 13 قېتىم ئۇرۇشتۇق. دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن مەھرۇم قىلدۇق. تۈركەش خاقان تۈركلىرىمىزدىن ئىدى، ئۆز خەلقىمىز ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ۋە بىزنىڭ ئالدىمىزدا خاتا ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ خاقانى ، بەگلىرىمۇ ئۆلدى. كوگمەن تېغى ئىگىسىز قالمىسۇن ئۈچۈن ۋە ئاز ساندىكى قىرغىز خەلقىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن باردۇق، ئۇرۇش قىلدۇق، شۇنداقلا دۆلىتىنى يەنە ئۆزىگە بەردۇق. شەرقتە قادىرقان تېغىدىن ئېشىپ، خەلقلەرنى ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇردۇق، ئاشۇنداق تەشكىللىدۇق. غەربتە تا كەنگۇ تارمانغىچە بېرىپ، تۈرك خەلقىنى ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇردۇق. . . »[39]

لېكىن، مويۇنچۇر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان توختاۋسىز ئۇرۇشلار تۈرك خەلقى ۋە باشقا قەبىلىلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. شۇڭا، بىر قىسىم قەبىلىلەر قوزغىلىپ مويۇنچۇرغا قارشى تۇرغان. 714 - يىلى قارلۇق قەبىلىسىنىڭ 12 ئاقساقىلى تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان. شۇ يىلى غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرقانچە ئۇرۇقلىرىمۇ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. 716 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى ئۇكتېبىر (تومىدىنىڭ 4 - ئەۋلاد نەۋرىسى) قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مويۇنچۇرنى ئۆلتۈرگەن.[40] شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى تۈرك خانلىقى بىر مەھەل ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كەلگەن.

### 3. بىلگە قاغان

بىلگە قاغان قۇتلۇق قاغاننىڭ ئوغلى. ئۇ تاغىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن بىر قاتار ئۇردا كۈرەشلىرى ئارقىلىق كېيىنكى تۈرك خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان، 716 ـ يىلىدىن 734 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «بۆگۈ»، «موجىلان»، «موگىلىيان»[41] دېگەندەكناملار بىلەن ئاتالغان. بىلگە قاغان تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە، كېيىنكى تۈرك خانلىقى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن. شۇڭا، بىلگە قاغان تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا دانىشمەن مەسلىھەتچىسى تونيۇقۇق ۋە باتۇر ئىنىسى كۆلتېكىننىڭ ياردىمى ئاستىدا تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان:

1. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى زور چىقىمغا ئۇچراتقان. بۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئاھالىلىرى جەنۇبقا كۆچۈپ، تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان.

2. تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولغان تۈرك قەبىلىلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن ھەمدە تاڭ سۇلالىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، كېيىن ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن شىمالغا قوغلانغان تۈرك ئاھالىلىرىنى ئۆتۈكەن تېغىدا داغدۇغىلىق قارشى ئالغان.

3. 718 ـ يىلى قۇمۇقلارغا زەربە بېرىپ، ھىنگان تاغلىرىغىچە يېتىپ بارغان. 718 — 719 ـ يىللىرى ئالتاي تېغىغا يۈرۈش قىلىپ، بۇ تاغنىڭ غەربىدىكى قارلۇقلار قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرغان. 720 ـ يىلى بېشبالىقتىكى باسمىل قەبىلىسىنى بويسۇندۇرغان. شۇ يىلى يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋاڭ جۈن باشچىلىقىدىكى 300 مىڭ كىشىلىك بىرلەشمە قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، تا گەنسۇغىچە يېتىپ كەلگەن. 722 ـ يىلى تاتابىلارنىڭ ئىسيانىنى تىنچىتقان.

دېمەك، بىلگە قاغان يۇقىرىقى پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، پارچىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن كېيىنكى تۈرك خانلىقىنى قۇتقۇزۇپ قالغان. شۇڭا، ئەينى دەۋردىكى تۈرك خەلقى ئۇنى ھەر دائىم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان. مەسىلەن، بۇ ھەقتە «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» دا: «تەڭرىدەك تەڭرى ياراتقان تۈرك بىلگە خاقان مېنىڭ سۆزۈم. مەن تەختكە ئولتۇرغىنىمدا، ئۆلگەندەك ھەسرەتتە قالغان تۈرك بەگلىرى ۋە خەلقى ئىنتايىن سۆيۈنۈپ ئۇلارنىڭ جانسىز كۆزلىرىگە جان كىردى. ئۆزۈم تەختكە ئولتۇرۇپ، تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەر ئۈچۈن نۇرغۇن مۇھىم قانۇنىي تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ بەردىم. ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم. ئۇلارنى قۇدرەتلىك دۆلىتى بار، كۈچلۈك خاقانلىقى بارلاردىن ياخشى ياشايدىغان قىلدىم. تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇردۇم. ئۇلارنى دۈشمەنسىز قىلدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا قارىدى، 17 يېشىمدا تاڭغۇتلارغا قوشۇن ئەۋەتتىم، تاڭغۇت خەلقىنى تارمار قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى ۋە مال ـ مۈلكىنى قولغا چۈشۈردۈم. 18 يېشىمدا ئالتە چۇپ سوغداققا قوشۇن ئەۋەتتىم، سوغداق خەلقىنى تارمار قىلدىم. تابغاچتىن ۋاڭ تۇتۇق بەش تۈمەن ئەسكەر باشلاپ كەلدى. مەن تاماغ ئىدۇق دېگەن بۇلاق بېشىدا سوقۇشتۇم. ئۇنىڭ قوشۇنىنى شۇ يەردە يوقاتتىم. 20 يېشىمدا باسمىل ئىدىقۇت ئۆز ئۇرۇقىمىزدىكى خەلق ئىدى. ئۇلار تارتۇقچىلارنى ئەۋەتمىدى دەپ ئۇلارغا يۈرۈش قىلدىم، ئۇلارنى بويسۇندۇردۇم، نۇرغۇنلىغان ئولجىلارنى ئۆيگە كەلتۈردۈم. 22 يېشىمدا تابغاچقا يۈرۈش قىلدىم. چاچا جىياڭجۇننىڭ سەككىز تۈمەن لەشكىرى بىلەن سوقۇشتۇم، قوشۇنىنى شۇ يەردە ئۆلتۈردۈم. 26 ياش ۋاقتىمدا چىك خەلقى قىرغىزلار بىلەن بىرلىكتە بىزگە دۈشمەن بولدى. كەم دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ چىكلارغا يۈرۈش قىلدىم، ئورپەندە سوقۇشتۇم، قوشۇنىنى نەيزىلىدىم. ئاز خەلقىنى قولغا چۈشۈردۈم. 27 يېشىمدا قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلدىم. نەيزە

بويى قارنى بوسۇپ كۆگمەن تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، قىرغىزلارنى ئۇيقۇدا باستىم. خاقانى بىلەن سۇڭا تېغىدا سوقۇشتۇم، خاقانىنى ئۆلتۈردۈم. ئېلىنى ئالدىم...»[42] دېگەندەك خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. 734 - يىلى بىلگە قاغان قول ئاستىدىكى ۋەزىرى بۇيرۇق چور تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

## 4. ئىرەن قاغان

ئىرەن قاغان بىلگە قاغانىنىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كېيىنكى تۈرك خانلىقى تەختىگە چىققان، 734 - يىلىدىن 742 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ شۇەنزۇڭ ئوردا ئىشلىرى بېگى لى چۇەننى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئوتۇغات نامى بەرگەن. ئىرەن قاغان سەككىز يىل تەختتە ئولتۇرۇپ، 742 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ كونكرېت ئىش - پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق يېتەرلىك مەلۇمات يوق.

## 5. تەڭرى قاغان

تەڭرى قاغان ئىرەن قاغانىنىڭ ئىنىسى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كېيىنكى تۈرك خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان، 742 - يىلى تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا خانلىقنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى تۇتقان. بىراق، تەختكە چىقىپلا ئانىسى سۇبىي قاتۇن (بىكە) نىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، خانلىقنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قالغان. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ سۇبىي قاتۇن بىلەن ئوردىدىكى قارا نىيەت ۋەزىرلەرنىڭ بىرلىشىپ سۇيىقەست قىلىشى ئارقىسىدا ئۆلتۈرۈلگەن.

## 6. قۇتلۇق يابغۇ

قۇتلۇق يابغۇ بىلگە قاغانىنىڭ يەنە بىر ئوغلى. ئۇ تەڭرى

قاغانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كېيىنكى تۈرك خانلىقى تەختىگە چىققان، 742 ـ يىلى تەختتە ئولتۇرغان. 742 ـ يىلى ئۇيغۇرلار باسمىل ۋە قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ھەمدە قۇتلۇق يابغۇنى ئۆلتۈرگەن.

### 7. ئۇزمىش قاغان

ئۇزمىش قاغان كۆل تېكىننىڭ ئوغلى. ئۇ قۇتلۇق يابغۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن كېيىنكى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا خاقانلىق تەختىگە چىققان، 742 ـ يىلىدىن 744 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئارقىدىنلا ئۇيغۇر، باسمىل ۋە قارلۇقلارغا قارشى كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىغان. لېكىن، 744 ـ يىلىغا كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن باسمىل قەبىلىسىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

### 8. بەيمېي قاغان

بەيمېي قاغان ئۇزمىش قاغاننىڭ ئىنىسى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن خاقانلىق تەختىگە چىقىرىلغان، 744 ـ يىلىدىن 745 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. 745 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى كۆل بىلگە (قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن 66 يىل ھۆكۈم سۈرگەن كېيىنكى تۈرك خانلىقى ئاخىر ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

---

ئىزاھاتلار:

① قۇربان نىياز: «شىمالىي ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئۇزلەڭلىككە تارقىلىشى ھەققىدە مۇھاكىمە»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىلى 3 ـ سان.

② ㉘ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، 126 ـ، 150 ـ بەت.

③ ㉜ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1 ـ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى، 146 ـ بەت، 170 ـ بەت.

④ چيەن بوچۈەن، ۋاڭ بىڭخۇا: «ئامىباب شىنجاڭ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 56 ـ بەت.

⑤ «كۆكتۈرك» ئاتالمىسىدىكى «كۆك» نامى تۈركلەرنىڭ كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى، كۆك بۆرىنى ئۇلۇغلايدىغانلىقى ۋە ئاسىيا تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ شەرقتە ياشىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

⑥ ㊱ ㊴ ㊷ ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئەييۇب، ئىسراپىل يۈسۈپ قاتارلىقلار تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 80 ـ، 82 ـ، 83 ـ، 84 ـ، 100 ـ، 101 ـ بەتلەر.

⑦ شياڭ يىڭجې قاتارلىقلار يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا: ئات ئۈستىدىكى مەدەنىيەت»، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى، 124 ـ بەت.

⑧ ⑭ ئۇيغۇر سايرانى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» (مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 143 ـ، 460 ـ بەت.

⑨ ⑬ ⑰ ⑲ ㉑ ㉔ ㉚ ليۇ شىگەن: «تۈرك خانلىقى تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى، 24 ـ، 49 ـ، 52 ـ، 55 ـ، 75 ـ بەتلەر.

⑩ ㉓ ㊲ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 290 ـ، 315 ـ بەتلەر.

⑪ ⑮ ㊳ س. گ. كلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 33 ـ، 34 ـ، 57 ـ بەتلەر.

⑫ بەزى مەنبەلەردە ئىشبارا قاغان تابار قاغاننىڭ جىيەنى دېيىلگەن.

⑯ ۋۇ فۇخۇەن، چېن شىمىڭ تۈزگەن «جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى، 211 ـ بەت.

⑱ «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 67 ـ بەت.

⑳ تۇران قىيان بەزى مەنبەلەردە «ئىككىنچى تۆلىش قاغان»، «تىمەن قاغان»، «چىمەن خاقان»، «بۇمىن خاقان»، «رامغان» دېگەندەكناملار بىلەن ئاتالغان.

㉒ تاردۇش قاغان 599 ـ يىلى شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىقلىرىنى قايتىدىن

بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۆكتۈرك خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. لېكىن، بۇ خىل بىرلىك ئاران تۆت يىللا داۋاملىشىپ، 603 ـ يىلى يەنە پارچىلانغان.

㉕ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى، 70 ـ بەت.

㉖ ئېل قاغان قول ئاستىدىكى سۈنىش خان ناملىق بىر كىچىك خان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ قىلىنىپ، تاڭ سۇلالىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. بۇ يەردىكى سۈنىش خان شىبى قاغاننىڭ ئوغلى سۇبىيە (تولشاد قاغان) نى كۆرسىتىدۇ.

㉗ تاردۇش قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، غەربىي تۈرك تەختىگە ئۇنىڭ ئوغلى تۇغلۇق خاقان چىققان. بىراق، تۇغلۇق خاقان ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى نىلى خاقان تەخت ۋارىسى بولغان. نىلى خاقانمۇ كېسەل بىلەن تېزلا ۋاپات بولغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى تارمان چىققان. بۇ يەردىكى تارمان نىزۇك قارا قاغاننى كۆرسىتىدۇ.

㉙ ㉛ ۋاڭ شىن: «غەربىي تۈركلەردىكى ئىچكى نىزا ۋە تاڭ سۇلالىسى تەسىس قىلغان توخرى تۇتۇق مەھكىمىسى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىلى 2 ـ سان.

㉝ ئىشبارا قاغان ئەسىرگە ئېلىنغاندىن كېيىن، چاڭئەن شەھىرىگە يالاپ كېلىنگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ گاۋزۇڭ كەڭچىلىك قىلىپ ئۇنى ئۆلۈمدىن خالاس قىلغان. كېيىن ئىشبارا قاغان چاڭئەندە ئولتۇراقلىشىپ قېلىپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ جەسىتى ئېلىك قاغاننىڭ قەبرىسى يېنىغا قويۇلۇپ، قىسقىچە تارىخى تاش ئابىدىگە ئويۇلغان.

㉞ س. گ. كلياشتورنىيىنىڭ مۇلاھىزىسىگە ئاساسلانغاندا، كانگىيە تاربان سىر دەرياسى بىلەن گانگىرۇس دەرياسى ۋادىسىنىڭ غەربى ۋە ياشارتىش دەرياسىنىڭ شەرقى (سوغدىيانا چېگرىسى) دىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ.

㉟ «تەڭرىقۇت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» — تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركلەر رايونىدا قۇرغان (664 ـ يىلى) ھەربىي، مەمۇرىي ئورگىنى.

㊵ چېڭ سۇلو: «تاڭ، سۇڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى، 62 ـ بەت.

㊶ د. ئى. تىخونوف: «10 — 14 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى»، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى «پەنلەر» نەشرىياتى، 1966 ـ يىلى موسكۋا ـ لېنىنگراد نەشرى.

# Ⅳ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇزاق تارىخ، شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمىي مىللەت. ئۇلار ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى ھىنگان تاغلىرىدىن غەربتە ئارال دېڭىزىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىدىن جەنۇبتا سەددىچىنگىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە ياشىغان ھۇنلار، توخرىلار، ئۇيسۇنلار، جۇجانلار، سىيانپىيلار، تۈركلەر ۋە باشقا چوڭ ـ كىچىك قەبىلىلەرگە ئوخشاشلا، تارىخ سەھنىسىدە پارلاق سەھىپىلەرنى قالدۇرغان. ئۇلار مۇستەقىل خانلىق قۇرۇپ چىقىشتىن بۇرۇن گەرچە «چىدى»، «دىڭلىڭ»، «غوز»، «ئوغۇز»، «ۋۇجيې»، «ۋۇخۇ»، «يىۋۇ»، «يىۋۇلۇ»، «گاۋچې». «يۈەنخې»، «ۋېيخې»، «تېلى»، «سېلى» دېگەندەكناملار بىلەن ئاتالغان[1] بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئاتاشلارنىڭ ھەممىسى «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ تارىختىكى ھەر خىل ئاھاڭ تەرجىمىلىرى ئىدى. ئۇيغۇرلار خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا زىكرى قىلىنغىنىدەك، ھونلار دەۋرىدىن باشلاپلا سۈيى مول، ئوت ـ چۆپى ياخشى موڭغۇل دالاسى، جۇڭغار ئويمانلىقى، ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق ئىگىلىكلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن[2] بولۇپ، بۇ رايونلار ئۇلارنى ئۆستۈرگەن، زورايتقان ۋە قۇدرەت تاپقۇزغانىدى. ئۇلار مانا مۇشۇ زېمىنلاردا ئاپىرىدە بولۇپ، ھۇن خانىدانلىقى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلىدىن 376 ـ يىلىغىچە) دە ھۇنلارنىڭ، جۇجان خانلىقى دەۋرى (402 ـ 552) دە جۇجانلارنىڭ، كۆكتۈرك خانلىقى دەۋرى (552 ـ 745) دە تۈركلەرنىڭ پۇقراسى بولۇپ، مىلادىيە 605 ـ

يىلىغا كەلگەندە مۇستەقىل سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققانىدى.

## 1. سۇكۇن ئېركىن

سۇكۇن ئېركىن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ ياغلاقار قەبىلىسىدىن بولۇپ،[3] بەزى مەنبەلەردە «تېركىن ئېركىن»، «تېكىن ئېركىن»[4] دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. مىلادىيە 605 ـ يىلى غەربىي تۈرك خانلىقى (583 ـ 657) نىڭ ئىككىنچى خاقانى نىزۇك قارا قاغان تېلى قەبىلىلىرى (ئۇيغۇرلار، سىر ـ تاردۇشلار، بارغۇتلار، توڭرالار ۋە باشقىلار) نىڭ ئىسيانىنى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرغاندا، ئۇ غەربىي تۈرك خانلىقىغا قارشى يېڭىدىن تەشكىللەنگەن «تېلى قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى» نىڭ ئاقساقىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇيغۇرلارنى تۇنجى بولۇپ بىر تۇغ ئاستىغا ئۇيۇشتۇرغان ھەمدە غەربىي تۈرك خانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىغان. سۇكۇن ئېركىن ئۇيغۇرلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، غەربىي تۈرك خانلىقىغا قارشى داۋاملىق تۈردە ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئۇز تەسىر دائىرىسىنى جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونلىرى ۋە دۇنخۇاڭنىڭ غەربىگىچە يەتكۈزگەن.[5] ئالاقىدار مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، سۇكۇن ئېركىن ئىنتايىن باتۇر ھەم پەم ـ پاراسەتلىك كىشى بولۇپ، تۈركلەرگە قارشى ئۇرغۇن قېتىم غەلىبىلىك جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ ئايالى ئورقۇن قاتۇنمۇ كەسكىنلىك ۋە پەم ـ پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، قوۋملار ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى قەتئىيلىك بىلەن تىنچىتىپ،[6] تۈركلەرگە قارشى يېڭى ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىنى چىڭىتقان. بىراق، 618 ـ يىلىغا كەلگەندە غەربىي تۈرك خانلىقى تەختىگە تۇن يابغۇ قاغاننىڭ چىقىشى بىلەن، غەربىي تۈرك خانلىقى ناھايىتى تېزلىكتە قۇدرەت تېپىپ، «تېلى قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى» نىڭ ئىسيانىنى تىنچىتقان. بۇنىڭ بىلەن سۇكۇن ئېركىن باشچىلىقىدىكى «تېلى قەبىلىلىرى

ئىتتىپاقى» 627 ـ يىلىغىچە غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان. نۆۋەتتە، سۈكۈن ئېركىننىڭ باشقا ئىش ـ پائالىيەتلىرى ۋە ئاخىرقى سەلتەنەت دەۋرى توغرىسىدا يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

## 2. بۇسات تېكىن

بۇسات تېكىن سۈكۈن ئېركىننىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى بولغان. «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، بۇسات تېكىن جاسارەتلىك، تەدبىرلىك، ئۇستا مەرگەن بولۇپ، جەڭگە ھەمىشە باشلامچىلىق بىلەن كىرگەن. ھۇجۇم قىلغاندا يەڭمەي قالمىغان، يېڭىلگەنلەرنى بولسا قەتئىي بويسۇندۇرغان. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ناھايىتى تېزلىكتە قۇدرەت تېپىپ، 627 ـ يىلىغا كەلگەندە سىر ـ تاردۇش، بارغۇت، توڭرا، بايىرقۇ قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شەرقىي تۈرك خانلىقى (583 — 630) نىڭ شىمالىي چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلغان.[7] قوزغىلاڭچىلار بۇسات تېكىننى ئۆزلىرىگە ئاقساقال قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇنداق ئەھۋالدا، شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى ئېلىك ئوغلى يۇقۇق شادنى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندان قىلىپ، قوزغىلاڭنى تىنچىتىشقا ئەۋەتكەن. دەرۋەقە باليىشەن تېغى (مازۇڭشەن تېغى، يايلى تاغ دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان ـ ئا) دا كەسكىن جەڭ بولۇپ، بۇسات تېكىن باشچىلىقىدىكى 5000 كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنى تۈركلەرنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى پۈتۈنلەي تارمار قىلغان.[8]

بۇ قېتىمقى جەڭ غەلىبىسى ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەيۋىسى شىمالىي ئاسىيا يايلاقلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. شۇ يىلى بۇسات تېكىن تۇغلا دەرياسى بويىدا «ئۇيغۇر خانلىقى» (تۇغلا ئۇيغۇر

خانلىقى، توققۇز ئۇيغۇر خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ـ ئا) نى قۇرۇپ چىقىپ، ئۆزىنى «ئىلتەبىر» (بەزى مەنبەلەردە ئالىپ ئۇر ئىلتەبىر دەپ ئېلىنغان ـ ئا) دەپ ئاتىغان. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن، تاتابى، قىتان ۋە شەرقىي تۈرك خانلىقىغا بېقىنغان ئوتتۇرا ئاسىيا سوغدىلىرى بۇسات تېكىنگە قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. 628 ـ يىلى ئالتاي تاغلىرىدىكى سىر ـ تاردۇش قەبىلىلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ قارارگاھى — ئۆتۈكەن تېغىنى ئىگىلىگەن ھەمدە «سىر ـ تاردۇش خانلىقى» نى قۇرغان. 630 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇسات تېكىن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىنى يوقاتقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلار بۇ خانلىقنىڭ زېمىنلىرىغا پەيدىنپەي ئىگىدارچىلىق قىلىشقا باشلىغان.

## 3. تۇمىد

تۇمىد بۇسات تېكىننىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. بەزى مەنبەلەردە، ئۇ «تۇرۇمتاي»، «ئۇلۇغ ئىلتەبىر»، «قۇتلۇق ئىلتەبىر تۇمەت»، «قۇتلۇق تۇمىد»[9] دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. تۇمىد تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا شىمالىي چۆللۈكتىكى كۈچلۈك رەقىبى — سىر ـ تاردۇشلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، 646 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن سىر ـ تاردۇش خانلىقىنى يوقاتقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ تېلىلارنىڭ 13 قەبىلىسىگە باشچىلىق قىلىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان ھەمدە ئۆز تەسىر دائىرىسىنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرىغىچە يەتكۈزگەن. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭ (627 ـ 650) ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى قۇتلۇقلاپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئادىتى بويىچە

ئۇنى «مەرىپەت قۇچقان ئۇلۇغ سانغۇن»، «دەشتى ماكان تۇتۇق بېگى»[10] دېگەن مەنسەپلەر بىلەن تارتۇقلىغان. تۇمىد ئىككى تەرەپنىڭ سودا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە، تاڭ تەيزوڭدىن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بارىدىغان سودا يولى — «تەڭرى قاغان يولى» نى ياساشنى تەلەپ قىلغان. تاڭ تەيزوڭ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، يېڭى سودا يولىنى ياساتقان ھەمدە يول بويىدا 68 ئۆتەڭ تەسىس قىلىپ، سودا يولىنى راۋانلاشتۇرغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا قويۇق سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىپ، ئىككى تەرەپ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىدا زور يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلگەن. 648 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇيغۇرلار ئىچىدە يېغىلىق يۈز بېرىپ، تۇمىد ئۆزىنىڭ جيەن ئوغلى ئۆگە (ئۇگۇر، ئوغۇز) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.[11]

## 4. بايان

بايان تۇمىدنىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە چىققان. تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «دەشتى ماكان تۇتۇق بېگى»، «سول قانات قەيسەر مۇھاپىزەتچى سانغۇن»، «ئوڭ قول ھىماتچى ئۇلۇغ سانغۇن»[12] دېگەندەك ھۆرمەتناملىرىنى بەرگەن. بايان ئۆز ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. 651 ـ يىلى 7 ـ ئايدا غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانى ئىشبارا بېشبالىق شەھىرىنى بېسىۋالغاندا، ئۇ 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ بۇ شەھەرنى قايتۇرۇۋالغان. 656 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىشبارا قاغانغا قارشى جازا يۈرۈشى باشلىغاندا، ئۇ ئۆزى شەخسەن قوشۇن باشلاپ چىقىپ، چوغاي ۋە جىنياشەن

تاغلىرىدىكى جەڭدە تۈرك قوشۇنلىرىنى قاتتىق تارمار قىلغان. بۇ ھال غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ تېزلىكتە گۇمران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. 661 ـ يىلى ئۇ نۇرغۇن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كورىيىگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشىگە قاتناشقان ۋە شۇ يىلى ۋاپات بولغان.

## 5. بەگ سوغۇردۇ

بەگ سوغۇردۇ بايانىنىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ تەختكە چىقىشى بىلەنلا زور قوشۇننى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونلىرىغا تېگىش قىلغان ھەمدە ھەددى ـ ھېسابسىز جەڭ ئولجىلىرىغا ئېرىشكەن. تاڭ سۇلالىسى جېڭ رېنتەي، ليۇ شېلى، شۆرېنگۇي قاتارلىق سانغۇنلار باشچىلىقىدىكى 100 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇننى ئۇيغۇرلارغا قارشى تۇرۇشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق جەڭدە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن مەسىلىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن، 663 ـ يىلى قىبىئار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى قايىش ئالىپنى ياراشتۇرغۇچى ئەلچى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنى بەگ سوغۇردۇنىڭ ھوزۇرىغا ئۆز ئارا يارىشىپ قېلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇرۇشقا ئەۋەتكەن. نەتىجىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ تەدبىرى بىر مەھەل ئۇنۇم بېرىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا نىسپىي تىنچلىق ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن. نۆۋەتتە، بەگ سوغۇردۇنىڭ باشقا ئىش ـ پائالىيەتلىرى ھەم ۋاپات بولغان يىل دەۋرى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

## 6. تۇغۇچۇق

تۇغۇچۇق بەگ سوغۇردۇنىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە چىققان. تۇغۇچۇق دەۋرىدە ئۇيغۇر

خانلىقى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن. 679 - يىلى قۇتلۇق قاغاننىڭ كېيىنكى تۈرك خانلىقىنى قۇرۇپ چىقىشى بىلەن، توغلا، سېلىنگا ۋە ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىدىكى ئۇيغۇرلار تۈركلەرنىڭ تەكرار - تەكرار ھۇجۇمىغا ئۇچراشقا باشلىغان. بولۇپمۇ كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خاقانى قاپاغان دەۋرى (691 — 716) دە ئۇيغۇر خانلىقى قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئامالسىزلىقتىن خېشى كارىدورى رايونىدىكى گەنسۇ، لياڭجۇ قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى تونجى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشى ئىدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، توغۇچۇق خانلىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئەسلى ئورنىدىن كۆچكەچ تۈرك قوشۇنلىرىغا قارشى قانلىق جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. 715 - يىلى ۋاپات بولغان.

## 7. ۋۇدىبىربەگ

ۋۇدىبىربەگ توغۇچۇقنىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ۋۇدىبىربەگ دەۋرى (715 - 719) دە ئۇيغۇر خانلىقى بىر مەھەل قۇدرەت تېپىپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقى بىلەن رىقابەتلەشكۈدەك كۈچكە ئىگە بولغان. 716 - يىلى ۋۇدىبىربەگ نۇرغۇن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ كېيىنكى تۈرك خانلىقى قوشۇنلىرىنى قاتتىق تارمار قىلغان ھەمدە خاقان قاپاغاننى ئۆلتۈرگەن. بىراق، قاپاغاننىڭ ئورنىغا چىققان بىلگە قاغان ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇيغۇر خانلىقىنى قاتتىق زىيانغا ئۇچراتقان. بۇنىڭ بىلەن، بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى سەددىچىن ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىپ تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولغان. تاڭ سۇلالىسى بۇ تارماق ئۇيغۇرلارنى شەنشى چېگرىسى يېنىدىكى جىن ۋۇجۇن لاگېرىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرغان.[13] بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ

مەزگىلدىكى ئىككىنچى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشى ئىدى. 719 ـ يىلى خاقان ۋودىبېربەگ ۋاپات بولغان.

## 8. ئۆگتېنان

ئۆگتېنان ۋودىبېربەگنىڭ ئوغلى.[49] ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە چىققان. ئۆگتېناننىڭ ئاساسلىق پائالىيەت سورۇنى خېشى كارىدورى بولۇپ، ئۇ بۇ جايدا بىر مەزگىل تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىدا بولغان. بىراق 722 ـ يىلى ئۇيغۇرلارغا رەھبەرلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ھەمدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايون بىلەن بولغان سودا يولىنى ئۈزۈۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇننى ئىشقا سېلىپ ئۇيغۇرلارغا تېگىش قىلغان. نەتىجىدە خېشى كارىدورىنىڭ گەنجۇ ۋە لياڭجۇ قاتارلىق جايلىرىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆز جايلىرىنى تاشلاپ ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىغا قايتىپ كەتكەن، يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاھالىلىرى بولسا ئۆز ئورنىدا قېلىپ قالغان. ئۆگتېنان خاقان بولۇش سۈپىتى بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە قارشى بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ كۆچۈش ئىشىغا باشتىن ـ ئاخىر رەھبەرلىك قىلغان. شۇڭا، ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئۇنى ھەر دائىم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان. نۆۋەتتە، ئۆگتېناننىڭ باشقا ئىش ـ پائالىيەتلىرى ۋە ۋاپات بولغان يىل دەۋرى توغرىسىدا ئىشەنچلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

## 9. قوشۇخان

قوشۇخان ئۆگتېناننىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. بىراق، ھازىرغىچە قولىمىزدا مەزكۇر خاقان ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات يوق

## 10. كۆل بىلگە

كۆل بىلگە (قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان، قۇتلۇق بىلگە قاغان) قۇشۇخاننىڭ ئوغلى.[15] ئۇ ئاتىسىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەختىگە چىققان. كۆل بىلگە تەختكە چىقىشى بىلەنلا كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى ۋە قالايمىقان يېغىلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئىلگىرى چېچىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى قايتىدىن ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرغان ھەمدە باسمىل، قارلۇق قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، 742 - يىلى كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانى قۇتلۇق يابغۇنى ئۆلتۈرگەن. بۇ ئىشتىن كېيىن، نىسبەتەن كۈچلۈكرەك بولغان باسمىل قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى خاقانلىققا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇرلار بۇ خانلىقنىڭ سول تەرىپىنى (شەرقىي قىسمىنى)، قارلۇقلار ئوڭ تەرىپىنى (غەربىي قىسمىنى) ئىگىلىگەن. 745 - يىلىغا كەلگەندە كۆل بىلگە كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى بەيمېينى ئۆلتۈرۈپ، كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل يوقالغانلىقىنى جاكارلىغان ھەمدە شۇ يىلى يەنە بېشبالىقنىڭ يېنىدىكى باسمىل قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، باسمىل خانلىقىنى يوقاتقان. ئارقىدىنلا ئۇ ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئۆتۈكەن تىغى ئېتىكىدە بارگاھ تىكىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ داۋامى بولغان «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى»[16] نى قۇرۇپ چىققان. خانلىق ئوردۇبالىق (قارابالغاسۇن) نى پايتەخت قىلغان.

كۆل بىلگە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان:

1. ئۇ تاشقى تەھدىتنى يوقىتىپ خانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئوغلى مويۇنچۇر (قاراقاغان، بايانچۇر) بىلەن بىللە كەڭ

كۆلەملىك كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى بارغانلا يېرىدە غەلىبىگە ئېرىشىپ، شىمالدا بايقال كۆلى ئەتراپىدىكى تۇۋا، قورىقان قەبىلىلىرى رايونىغىچە؛ جەنۇبتا سەددىچىنگىچە؛ غەربتە يېنسەي دەرياسى بويى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قىرغىز، سارت قەبىلىلىرى رايونىغىچە؛ شەرقتە ھىنگان تاغلىرى ئەتراپىدىكى شىرۋى، تاتابى، قىتان قەبىلىلىرى رايونىغىچە يېتىپ بارغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار شىمالىي ئاسىيا يايلىقىدىكى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىپ، زېمىنى شىمالدا بايقال كۆلى ۋە سايان تاغلىرىدىن جەنۇبتا گوبى چۆللىرىگىچە، شەرقتە ئېرگۇنا دەرياسى ۋادىلىرى ۋە ھىنگان تاغلىرىدىن غەربتە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى ھەم ئالتاي تاغلىرىغىچە تۇتاشقان.[52]

2. كۆل بىلگە خانلىقىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بىر يۈرۈش مۇكەممەل ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ چىققان. خانلىقتا «خاقان» (قاغان) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرى بويىچە «تەڭرىنىڭ ئوغلى»، «ئەلنىڭ ئالىي باشقۇرغۇچىسى» دەپ ھېسابلىنىپ، دۆلەتنىڭ بارلىق سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ھوقۇقلىرىنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرگەن. خاقاندىن قالسا «قاتۇن» (خاقاننىڭ خوتۇنى) ئەڭ ئالىي ھوقۇق، ئىمتىيازغا ئىگە بولغان بولۇپ، بەزىدە ھەتتا خاقانغا ۋەكالىتەن ھوقۇق يۈرگۈزگەن. ئۇيغۇرلار «قاتۇن» نى خۇددى «خاقان»غا ئوخشاشلا ئىززەتلىگەن. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشى بويىچە، «قاتۇن» نى پۈتۈن دۆلەتنىڭ تەربىيىچىسى (ئۆگەتچىسى) دەپ قارىغان. «قاتۇن» دىن قالسا تېگىن (شاھزادە)، «يابغۇ» (ئىككىنچى دەرىجىلىك خاقان)، «شاد» (بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەرگە ئەۋەتىلگەن ھەربىي سانغۇن) قاتارلىق مەنسەپدارلار دۆلەتنىڭ مۇھىم ھوقۇقلىرىنى تۇتقان. «يابغۇ»، «شاد» لار ئادەتتە خاقاننىڭ تۇغقانلىرى ياكى تېگىنلەردىن

تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە «ئېلتەبىر» (بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەرنىڭ كىچىك خانلىرى)، «تارخان» (مەمۇرىي رايونلارنىڭ ھەربىي قوماندانلىرى)، «بۇيرۇق» (مەمۇرىي رايونلارنىڭ باشلىقلىرى)، «بەگ» (ۋىلايەتلەرنىڭ باشلىقلىرى)، «تۇتۇن» (قەبىلە باشلىقلىرى) قاتارلىق يەرلىك ئەمەلدارلارمۇ بولغان. ئۇلار يەرلىكتىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تۇتاش باشقۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆل بىلگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، «دۇدۇ» (تۇتۇق) قاتارلىق ئەمەللەرنى تەسىس قىلغان. ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەنسەپ تۈرى جەمئىي 28 دىن ئارتۇق بولغان.[18]

دېمەك، كۆل بىلگە يۇقىرىقى پائالىيەت ۋە تەدبىرلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر خانلىقىنى ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي جەھەتلەردە يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە ئېلىپ كىرگەن. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى قۇتلۇقلاپ، ئۇنى «ئادىل يول تۇتقان ۋاڭ»، «دىيانەتلىك قاغان»، «سول قول مەھرەملەر چوڭ سانغۇنى»، «قۇتلۇق بىلگە كۆل رەھىمدىل قاغان»[19] دېگەندەك ھۆرمەت ناملىرى بىلەن تارتۇقلىغان. 747 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇ ۋاپات بولغان.

## 11. مويۇنچۇر

مويۇنچۇر كۆل بىلگىنىڭ ئوغلى.[20] ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. مويۇنچۇر تەختكە چىققىشى بىلەنلا ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى تاي بىلگە تۇتۇق ئوغۇزلار، تاتارلار ۋە قارلۇقلارنىڭ قوللىشى بىلەن خانلىقتىن يۈز ئۆرۈپ،[21] ئۇنىڭغا قارشى قانلىق جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇنداق ئەھۋالدا، مويۇنچۇر

ناھايىتى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسيانىنى ئۇزۇل - كېسىل تىنچىتقان ھەمدە ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. بۇ ھال خانلىقنى ئىچكى نىزالاردىن بىر مەھەل خالاس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن مويۇنچۇر ئىسيانچىلارنى قوللاپ خانلىققا قارشى چىققان قەبىلىلەرنى قايتىدىن بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار شىددەتلىك ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇ ئاۋۋال شىمالغا يۈرۈش قىلىپ چىك، قىرغىز، قارلۇق ۋە تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلغان ھەمدە ئۇلارنى ئۇيغۇر خانلىقىغا باج - سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر قىلغان. ئىككىنچى قەدەمدە، ئۇ 755 - يىلى غەرب ۋە غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، بۇ جايلاردا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن باسمىل، قارلۇق، تۈركەش ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئىسيانىنى ئۇزۇل - كېسىل تىنچىتقان. ئۈچىنچى قەدەمدە، ئۇ تاڭ سۇلالىسى زېمىنىدا يۈز بەرگەن ئەن لۇشەن، شى سىمىڭ توپىلىڭى (755 - 762) نى باستۇرۇشقا قاتنىشىپ، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ سۇزۇڭ (756 - 762) نىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن. تاڭ سۇزۇڭ مويۇنچۇرنىڭ ھەربىي ياردىمى بەدىلىگە ئۇيغۇر خانلىقىغا ھەر يىلى 20 مىڭ توپ يىپەك رەخت بېرىشنى بەلگىلىگەن ھەمدە مويۇنچۇرغا ئۆزىنىڭ كىچىك قىزى نىڭگو مەلىكىنى ئالتۇن كۈمۈشتىن ياسالغان ئۇرغۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن بىللە ياتلىق قىلغان.[①]

مويۇنچۇر يۇقىرىقىدەك پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بۆلۈنۈش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىپ، خانلىقنى يېڭىۋاشتىن زور كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ كونكرېت ئىش - پائالىيەتلىرى ھەققىدە 1909 - يىلى فىنلاندىيىلىك ئالىم رامستېت تەرىپىدىن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سېلىنگا دەرياسى ۋە شىنى - ئۇسۇ كۆلى ئەتراپىدىن تېپىلغان «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان: «. . . ئاتام كۆل بىلگە خاقان. . . قوشۇن

ئەۋەتتى. . . مېنى مىڭبېشى قىلىپ ئەۋەتتى. ئالدى (شەرق) تەرەپكە بېرىپ، كەيرەننىڭ شەرقىدىن يانغۇچى··· بويسۇندۇرۇپ، يەنە يۈرۈش قىلدىم··· توخۇ يىلى (745 ـ يىلى) دا··· خەلق··· تويۇپ··· ئۈچ قارلۇق كۆڭلىدە يامانلىق ئويلاپ قېچىپ كەتتى. غەربتىكى ئون ئوق خەلقىگە (يەنى غەربىي تۈركلەرگە) قوشۇلدى. توڭگۇز يىلى (747 ـ يىلى) دا تارمار قىلدىم. . . تاي بىلگە تۇتۇقنى يابغۇ دەپ ئاتىدى، كېيىن ئاتام خاقان قازا تاپتى. ئاددىي خەلق قىلىنغان. . . سانچىدىم، تۇتتۇم. . . بىر. . . (ئۇ چاغدا) بۆكەگۆككە يېتىپ باردىم. كەچقۇرۇن كۈن پاتقاندا ئۇرۇش قىلدىم. ئۇ يەردە سانچىدىم. ئۇلار كۈندۈزى قېچىپ كېتىپ، كېچىسى توپلاندى. بۆكەگۆكتە سەككىز ئوغۇز، توققۇز تاتارلارنى قالدۇرمىدۇق. ئىككىنچى كۈنى كۈن چىققاندا سوقۇشتۇم. قول ـ دېدەكلىرىم، خەلقىمنى تەڭرى ۋە زېمىن ساقلىدى. ئۇ يەردە نەيزە سانچىدىم. . . مەن سېلىنگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، داۋاملىق قوغلىدىم. ئۇرۇشتا ئون ئەرنى قولغا چۈشۈردۈم. . . ئەۋەتتىم. تاي بىلگە تۇتۇقنىڭ رەزىللىكى تۈپەيلىدىن، بىر ـ ئىككى باشلىقنىڭ رەزىللىكى تۈپەيلىدىن، مېنىڭ ئاددىي خەلقىم، سىلەر هالاك بولدۇڭلار. ماڭا بېقىنساڭلار هالاك بولمايسىلەر، دېدىم. قايتىدىن ماڭا كۈچ بېرىڭلار دېدىم. . . يولۋاس يىلى (750 ـ يىلى) چىكلەرگە يۈرۈش قىلدىم. 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كەم دەرياسىدا ئۇلارنى تارمار قىلدىم. . . شۇ يىلى كۈزدە شەرققە يۈرۈش قىلدىم. تاتارلارنى سوراقتا تارتتىم (جازالىدىم) . . . توققۇز ئوغۇز. . . بەگلىرى كەلدى. . . دۈشمەنلىشىپتۇ. ئوگۈنبەگ ۋە قارا بۇلۇقتا ئولتۇراقلاشقان قىرغىزلارغا ئادەم ئەۋەتىپ: 〈 سىلەر قوشۇن تارتىپ چىقىرىڭلار، چىكلارنىمۇ چىقىرىڭلار〉 دەپتۇ. 〈دىققەت قىلىڭلار، ئورمانلىقتا ئۈچرىشايلى!〉 دەپتۇ. . . توققۇزىنچى كۈنى قوشۇن چىقاردىم··· تۇتۇق بېشى بىلەن چىكلارغا مىڭ ئادەم ئەۋەتتىم.

ئۇنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىنىڭ يۇرتىغا ئاز ساندىكى ئەرلەرنى ئەۋەتتىم... قىرغىز خانى كوگمەن تېغى ئىچىدىكى ئۆيىدە ئىكەن. ئاتلىق پايلاقچىلارنى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭكىگە ئەۋەتىپتۇ. ئاتلىق پايلاقچىلىرىنى مېنىڭ يىگىتلىرىم يېڭىپ، ئەسىر (تىل) قىلىپ تۇتۇپتۇ. تۇتۇلغان ئەسىر: «خانغا ئىتتىپاقداشچىلىرى ياردەمگە كەلدى، لېكىن قارلۇقلار ياردەمگە كەلمىدى» دەپتۇ. قارلۇق... كەم دەرياسى... ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئارقار باشى دېگەن يېرىنى مۇز قاپلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئارقامىشنىڭ تۆۋەن يېنىدىن سال سېلىپ ئۆتتۇم. 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۇلارغا ئۇچرىدىم. بولچۇ دەرياسىدا ئۈچ قارلۇقنى تارمار قىلدىم... مېنىڭ مىڭ ئادىمىم چىك خەلقىنى سۈرۈپ كەلدى... چىك خەلقىگە تۇتۇق ئەۋەتتىم ۋە ئىشبارا ھەم تارقانلارنى ئەۋەتتىم... قوي يىلى (755 - يىلى) ... يازلىدىم... تابغاچ خانى خاقان... بېرىپتۇ... بىر قىزى، سەككىز ئوغلىنى ئەسىرگە ئالدىم... يېنىپ كەلدىم... زەربە بەردىم. ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ، مىڭدەك ئەسكەرنى ئەۋەتتىم. بەخت يارىتىدىغان تۇغنى... ئۇ يەردە... خەلقنى... 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۆيۈمگە چۈشتۇم. توخۇ يىلى (757 - يىلى) دا ... بېرىپتۇ... سۆزىڭىزنى يىرماي، دېدى. خاتا ئىش قىلماي، دېدى... بويسۇنمىدى... سوغداق ۋە تابغاچلارغا سېلىنىڭا دەرياسىدا بايبالىقنى سالدۇردۇم...»[24] 759 - يىلى ئۇ ۋاپات بولغان.

## 12. بىلگە قاغان

بىلگە قاغان مويۇنچۇرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە چىققان. ئۇ بەزى مەنبەلەردە «بىلگە تارخان»، «قۇتلۇق تارخان سانغۇن»، «تەڭرى قاغان»، «تەڭرى ئەل تۇتمىش ئالىپ كۈلۈگ ئىنى بىلگە

قاغان» ، «ئىنگى ياغلاقار» ، «ئىدىكەن» ، «ئىدىكەن مۇيۇي قاغان» ، «بۆگۈ قاغان» ، «ئېلتېكىن بۇقا قاغان» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. بىلگە قاغان ئۇيغۇر خاقانلىرى ئىچىدىكى مەشھۇر قوماندان ھەم دۆلەت ئەربابى بولۇپ، ئۇ تەختتىكى مەزگىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە شان ـ شۆھرىتى ناھايىتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. بىلگە قاغان تەختكە چىققاندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان:

1. ئۇ تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ دەيزۇڭ (762 ـ 780) نىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، خىللانغان 4000 چەۋەندازنى باشلاپ لوياڭ شەھىرىگە كىرگەن ھەمدە بۇ شەھەرنى ئىگىلىۋالغان شى سىمىڭنىڭ ئوغلى شى چاۋيىنى تارمار قىلغان. بۇ ھەقتە ئالاقىدار مەنبەلەردە ئەينى چاغدىكى توپىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان ئاشىنا چېڭ چىڭنىڭ شى چاۋيىغا بەرگەن «ئەگەر تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئايرىم كەلسە، ئۇنىڭ بىلەن كۈچىمىزنى ئايىماي ئۇرۇش قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەردە ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە كەلسە، ئۇنىڭ جاسارەتلىك كۈچىنى توسۇش زادى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن خېياڭغا چېكىنىپ ئۆزىمىزنى دالدىغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ»[24] دېگەن مەزمۇندىكى تەكلىپى ئالاھىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن. شۇ سەۋەبتىنمۇ لوياڭ ئۇرۇشى ناھايىتى تېزلا ئاخىرلىشىپ، ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئۇلاپلا خېبېي تەۋەسىگە باستۇرۇپ كىرگەن ھەمدە بۇ جايدىكى توپىلاڭچىلار قوشۇنىنى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلغان. بۇ ئىشتىن كېيىن، پادىشاھ تاڭ دەيزۇڭ بىلگە قاغانغا بولغان تەشەككۈرىنى بىلدۇرۇش يۈزىسىدىن، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ قاتۇنىغا ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيالارنى سوۋغا قىلغان. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ يەنە بىلگە قاغانغا بۆكۈ خۇەيئېننىڭ قىزى نۇرانە سۈيۈنگىل قاتۇن ۋە چۈڭخۇي مەلىكىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ياتلىق قىلغان.[25]

2. بىلگە قاغان خانلىقنىڭ غەربىي جەنۇب رايونىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، 765 ـ يىلىدىن تارتىپ تىبەتلەرگە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش باشلىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تىبەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان سودا يولى ۋە غەربىي رايوننى تالىشىش كۈرىشى رەسمىي باشلانغان.

3. بىلگە قاغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قوشنا ئەللەر بىلەن ناھايىتى قويۇق سودا مۇناسىۋىتى ئورناتقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان «يىپەك رەخت ـ ئات سودىسى» ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. بۇ خىل سودىدا ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنى ھەر يىلى نەچچە ئون مىڭ تۇياق ئات بىلەن تەمىنلىگەن. ھەر بىر تۇياق ئاتنىڭ باھاسى 40 توپ يىپەك رەخت بولغان. كېيىنكى مەزگىللەردە تاڭ سۇلالىسى بۇنچىۋالا كۆپ يىپەك رەختلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، چېگرىدىن كىرىدىغان ئۇيغۇر ئاتلىرىنىڭ سانىغا چەكلىمە قويغان. بىراق، بۇ مەزگىلدىكى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتى يەنىلا ناھايىتى ياخشى بولغان.

4. بىلگە قاغان تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا بولغان چېغى (762 ـ يىلى) دا، مانى دىنىنى تارقاتقۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۇندىشى بىلەن تۇنجى بولۇپ بۇ دىننى قوبۇل قىلغان ھەمدە قايتىشىدا تۆت نەپەر مانى دىنى ئۆلىماسىنى بىللە ئېلىپ كېتىپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا مانى دىنىنى تارقاتقان. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەپ، جايلاردا مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى سالدۇرغان. شۇڭا، ئۇ مانى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، مانىچە قوليازمىلاردا «ئۇلۇغ دۆلەت ئەربابى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ دانىشمەن قاغانى»، «مانى دىنىنى ئىزاھلىغۇچى»[⑩] دېگەنناملار بىلەن سۈپەتلەنگەن.

ئومۇمەن، بىلگە قاغان ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىش ـ

پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر خانلىقىنى زور شان ـ شۆھرەتكە ئىگە قىلغان. بىراق، ئۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئۆتكۈر ئىختىلاپلارغا دۇچ كېلىپ، ئوردىدىكى سوغدى ئەمەلدارلىرىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن، باش ۋەزىر تۇنباغا ۋە باشقا ئوردا ئەھلىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان. دەرۋەقە، تۇنباغا 779 ـ يىلى ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى قوزغاپ، بىلگە قاغان، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ۋە سوغدىلاردىن بولۇپ 2000 غا يېقىن كىشىنى ئۆلتۈرگەن.[*]

## 13. تۇنباغا

تۇنباغا بىلگە قاغاننىڭ تاغىسى. ئۇ 779 ـ يىلىدىكى ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەختىنى تارتىۋالغان. ئۇ ئايرىم مەنبەلەردە «تۇنمۇكۇ تارخان»، «قۇتلۇق بىلگە قاغان»[*] دېگەندەكناملار بىلەن ئاتالغان. تۇنباغا تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنى «ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان» دەپ ئاتاپ، تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ دېزۇڭ (780 ـ 805) كىنجاپىيگى يۈەن شيۇنى دەستەك بىلەن ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا «ئادالەت يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن باھادىر قاغان»[*] دېگەن ھۆرمەت نامىنى بەرگەن. 787 ـ يىلى تۇنباغا تاڭ دېزۇڭغا قۇدىلىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تاڭ دېزۇڭ بۇ تەلەپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، سەككىزىنچى قىزى شيەن ئەن مەلىكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان. بۇ ئىشتىن كېيىن، تاڭ دېزۇڭ تۇنباغا يەنە «قۇتلۇق، ئۇزاق ئۆمۈرلۈك، رەھىمدىل بىلگە قاغان»[*] دېگەن نامنى بەرگەن. مەلىكە شيەن ئەن ئۇيغۇر خانلىقىدا 21 يىل ياشىغان. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدىسى بويىچە تۇنباغادىن كېيىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تاراس، ئىل كۆر، قۇتلۇق قاتارلىق خاقانلارغا ياتلىق بولۇپ، 808 ـ يىلى

ئالەمدىن ئۆتكەن. 788 ـ يىلى تۇنباغا تاڭ سۇلالىسىگە مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقارغا ئوخشاش جەسۇر، باتۇر ھەم چېۋەرلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان «خۇيخې» ( 回鹘 ) نى «خۇيگۇ» ( 回纥 ) دېگەن سۆزگە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان. تاڭ ئوردىسى بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىپ، تۇباغاغا يەنە «تەڭرىگە يېقىن، ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك قاغان»[31] دېگەن نامنى بەرگەن.

تۇنباغا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە بىر قاتار ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، تىبەتلەرنىڭ دۈشمەنلىك پائالىيەتلىرىنى ئۈنۈملۈك توسقان ھەمدە تىبەتلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن بېشبالىققا ھۇجۇم قىلغان قارلۇقلار ۋە شادايىت تۈركلىرى (چۆل تۈركلىرى) نى قاتتىق تارمار قىلىپ، «يىپەك يولى» نىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان. تۇنباغا 789 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

## 14. تاراس

تاراس (تالاس) تۇنباغانىڭ ئوغلى[32] . ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. تاراس تەختكە چىققاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ھۆدەيچى گوفېڭنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا «ساداقەتمەن، دىيانەتلىك، پاك قاغان»[33] دېگەن ئاتاقنى بەرگەن. بىراق، تاراس تەختكە چىقىپ بىر يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئىنىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## 15. ئېل كۆر

ئېل كۆر (ئاچور) تاراسنىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلۇغ بۇيرۇق ئېل ئۆگەسىنىڭ قوللىشى بىلەن خاقانلىق تەختىگە چىققان. ئېل كۆر دەۋرىدە، خانلىق ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە بىر قاتار كرىزىسلارغا دۇچ كەلگەن. بۇنداق

ئەھۋالدا، ئۇ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، باش ۋەزىر ئىل ئۆگەسىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، 790 ـ يىلى بېشبالىقنى بېسىۋالغان تىبەتلەر ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ، بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالغان. ئۇزاق ئۆتمەي، تىبەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى بېشبالىقنى قايتىدىن بېسىۋالغاندا، ئۇيغۇر قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ تىبەتلەرگە قارشى جەڭ قىلغان. بىراق، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۇرۇشمايلا قېچىپ كەتكەچكە، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان. نەتىجىدە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى ئىل ئۆگەسى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى ياڭ شىگۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 791 ـ يىلى كۈزدە، ئىل كۈر تىبەتلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، بېشبالىقنى يېڭىۋاشتىن قايتۇرۇۋالغان[④] ھەم خانلىققا كېلىدىغان تاشقى تەھدىتنى يوقاتقان.

ئىچكى جەھەتتە بولسا، خانلىقتا بىر قاتار سىياسىي ۋەقەلەر يۈز بېرىپ، ياغلاقار قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۈپتىن ئۆزگىرىشلەر بولغان. ئەسلىدە ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تا ئىل كۈر زامانىسىغىچە خاقانلار پۈتۈنلەي ياغلاقار قەبىلىسىدىن چىققاندى. بىراق، ئىل كۈر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىز (ئېدىز) قەبىلىسى پەيدىنپەي روناق تېپىپ، ئوردىدىكى ئاساسلىق ھوقۇقلارنى ئىگىلىگەن. ئىل كۈرنىڭ ۋاپات بولۇشى (795 ـ يىلى) بىلەن، ئادىز قەبىلىسىدىن بولغان ۋەزىر قۇتلۇق سانغۇن (قۇتلۇق قاغان) خانلىقنىڭ تەختىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋالغان.

## 16. قۇتلۇق قاغان

قۇتلۇق قاغان ئىل كۈردىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە

چىققان. ئۇ ئەسلىدە بىر يېتىم بالا بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاقساقىلى بېقىۋالغانىدى. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى، جەڭگە ماھىرلىقى ھەم باتۇر، جەبدەسلىكى بىلەن كۆپچىلىك ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىنى قايىل قىلىپ، ئاخىر خاقانلىق تەختىگە چىققانىدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، تۇنباغانىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا تۇرغاقلىققا ئەۋەتىۋەتكەن ھەمدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ «ئىشەنچ قۇچقان قاغان» دېگەن ئاتىقىغا ئېرىشكەن. 805 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ باشقا ئىش - پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

## 17. كۈلۈگ بىلگە قاغان

كۈلۈگ بىلگە قاغان قۇتلۇق قاغاننىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. كۈلۈگ بىلگە قاغان تەختكە چىقىپلا، تاڭ سۇلالىسىگە مانى دىنى مۇرتلىرىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ مانى دىنىدىكىلەر ھەر يىلى تاڭ سۇلالىسىگە كېلىپ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغان. 808 - يىلىغا كەلگەندە، كۈلۈگ بىلگە قاغان ۋاپات بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئادىز قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلىپ، ياغلاقار قەبىلىسى قايتىدىن ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىققان.

## 18. ئالىپ بىلگە قاغان

ئالىپ بىلگە قاغان كۈلۈگ بىلگە قاغاندىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە چىققان. ئۇ ياغلاقار قەبىلىسىدىن بولۇپ، بەزى مەنبەلەردە «باۋيى قاغان» (保义可汗)، «ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇچ بىلگە قاغان»، «ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ

بىلگە قاغان» ، «بويانچى قاغان» ، «دىيانەتلىك قاغان» ، «غالىپ بىلگە قاغان» [⑤] دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. ئالىپ بىلگە قاغان تەختكە چىققىشى بىلەنلا خانلىقنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن، نۇرغۇن قوشۇنغا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ بېشبالىقنى ئىگىلىۋالغان تىبەتلەر ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلگەن ھەمدە تىبەت قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ بېشبالىقنى قايتىدىن ئۆز قولىغا ئالغان. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە ناھايىتى دەبدەبە بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلىپ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا ئەسكەر كىرگۈزگەن. بۇ جايلارنى بېسىۋالغان تىبەت قوشۇنلىرى ئوخشاشلا ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تارىم بوستانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەن. بىراق، ئالىپ بىلگە قاغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە خانلىقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە زەئىپلىشىشى بىلەن، شىمالدىكى قىرغىزلار كەڭ كۆلەمدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن [⑥] ھەمدە كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇر خانلىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئەڭ چوڭ تەھدىتكە ئايلانغان. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە تىبەتلەرمۇ ئۇيغۇرلارغا قارشى كۆتۈرۈلۈپ، خېشى كارىدورىنى بازا قىلغان ھالدا شىمالغا يۈرۈش قىلغان. تىبەت قوشۇنلىرى ئۇيغۇرلار زېمىنىغا خېلىلا ئىچكىرىلەپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇپ بولغان. 821 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئالىپ بىلگە قاغاننىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن خانلىقتىكى كرىزىس تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان.

## 19. كۈن تەڭرىدە كۈلۈگ بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان

كۈن تەڭرىدە كۈلۈگ بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان (ئەخلاقمەن قاغان، پەزىلەت قۇچقان قاغان) ئالىپ بىلگە قاغاندىن

كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭ ئالىپ بىلگە قاغان بىلەن بولغان ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ مۇزۇڭ (821 ـ 825) غا ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغان. تاڭ مۇزۇڭ بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز سىڭلىسى تەيخې مەلىكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان. بۇ ئىشتىن كېيىن، كۆن تەڭرىدە كۈلۈگ بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، تىبەتلەرگە بىرلىكتە قارشى تۇرغان. 822 ـ يىلى تىبەت قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىغا كەلكۈندەك ھۇجۇم قوزغاپ، تاڭ ئوردىسىنى ئۆز ئارا ئىتتىپاق تۈزۈشكە مەجبۇر قىلغان ھەمدە تاڭ سۇلالىسىدىن «ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈش ۋە ئۇنى يوقىتىش» نى تەلەپ قىلغان. تاڭ سۇلالىسى «ئۇيغۇرلارنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى زور، ئۇلار بىلەن ئارىمىزدا توختام بار»[①] دەپ، تىبەتلەرنىڭ يولسىز تەلىپىنى رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن تىبەتلەر بېشبالىق ئەتراپىدىكى قارلۇقلارنى قوترىتىپ بۇ شەھەرنى يەنە بېسىۋالغان. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي كۆن تەڭرىدە كۈلۈگ بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان قوشۇن ئەۋەتىپ بېشبالىقتىكى تىبەت قوشۇنلىرىنى تارمار قىلغان. 824 ـ يىلى ئۇ ۋاپات بولغان.

## 20. قازار تېكىن

قازار تېكىن كۆن تەڭرىدە كۈلۈگ بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغاننىڭ ئىنىسى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە چىققان. تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا «ئەدەب قوچقان قاغان»[②] دېگەن ھۆرمەت نامىنى بەرگەن. 832 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى ئىچىدە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە، ئۇ قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

نۆۋەتتە، قولىمىزدا مەزكۇر خاقاننىڭ كونكرېت ئىش - پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق ئارتۇقچە مەلۇمات يوق.

## 21. قۇت تېكىن

قۇت تېكىن (قوغۇ تېكىن، سارتېكىن) قازار تېكىننىڭ ئىنىسى. ئۇ ئاكىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا «ئىناۋەتمەن قاغان» (ئىناۋەت قۇچقان قاغان)[40] دېگەن ئاتاقنى بەرگەن. قۇت تېكىن دەۋرىدە خانلىقنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ناھايىتى كەسكىنلىشىپ، بېقىندى ئەللەر ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. 836 - يىلى يېنسەي دەرياسى بويىدىكى قىرغىزلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، مۇستەقىللىق جاكارلىغان. بۇنىڭ بىلەن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە پارچىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بۇرۇنقىدىن كۆپ دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتكەن. 839 - يىلىغا كەلگەندە ئوردىدا ئېغىر قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، قۇت تېكىن سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش غەرىزىدە بولغان ۋەزىر ئىنەيۇن كۇل بىلەن شاھزادە سايغانى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. بۇ ئىشتىن نارازى بولغان باش ۋەزىر قارا بۇلۇق (قارا قوۋۇ) دەرھال توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ئوردىنى ئىشغال قىلغان. نەتىجىدە خاقان قۇت تېكىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

## 22. قوۋۇ تېكىن

قوۋۇ تېكىن (قوشۇۋۇشات) قۇت تېكىندىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە چىققان. ئۇنىڭ قۇت تېكىن بىلەن بولغان نەسەبىي مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. قوۋۇ تېكىننىڭ دەۋرىدە ئۇيغۇر خانلىقىدا تەبىئىي ئاپەتلەر ناھايىتى كۈچىيىپ، سان - ساناقسىز چارۋا - ماللار قىرىلىپ كەتكەن. ئۆلگەن قوي، يىلقىلارنىڭ

ئۇستىخانلىرى خانلىقىنىڭ يۇتكۇل زېمىنىنى قاپلىغان.[41] ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئاچارچىلىق، ۋابا كېسىلى ۋە ئۇدا ياغقان قېلىن قار نۇرغۇن چارۋا ۋە ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان. بۇ هال ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يوقىلىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولغان. 840 ـ يىلى ئۇيغۇر سانغۇنلىرىدىن بولغان كۈلۈگ باغا خاقان قوۋۇ تېكىندىن رەنجىپ، قىرغىزلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ھەمدە ئۇلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ، قوۋۇ تېكىن ۋە باش ۋەزىر قارا بۇلۇقنى ئۆلتۈرگەن. بۇ ۋەقەدە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇن شەھىرى قىرغىز قوشۇنلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىشىغا ئۇچراپ، پۈتۈنلەي خارابىلىققا ئايلانغان.[42] شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر ئاھالىلىرى تېرىقتەك چېچىلىپ كېتىپ، ئۆز يولباشچىلىرىنىڭ قوماندانلىقىدا تەرەپ ـ تەرەپكە كۆچۈشكە باشلىغان.

## 23. ئۇكا تېكىن

ئۇكا تېكىن (ئۆگە تېكىن) قوۋۇ تېكىننىڭ ئىنىسى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. 840 ـ يىلى قارابالغاسۇن شەھىرى قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇكا تېكىن خاقان بارگاھىغا بىۋاسىتە قاراشلىق 13 قەبىلىلىك ئۇيغۇر ئاھالىسىنى باشلاپ جەنۇبقا كۆچكەن. ئۇ كۆچۈش جەريانىدا قىرغىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان تاڭ سۇلالىسى مەلىكىسى تەي خېنى ئۇلاردىن تارتىۋېلىپ، داۋاملىق جەنۇب تەرەپكە يۈرۈپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئەگمىسىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا يېتىپ كەلگەن ھەمدە بۇ جايلارغا بۇرۇن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن ئۆز ئارا قوشۇلغان. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇكا تېكىن تاڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، تيەندې شەھىرى (هازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ۋۇيەن ناھىيىسىدە) نى

ئارىيەتكە بېرىشنى ۋە ئاشلىق، كالا، قوي بىلەن تەمىنلەشنى، جۇملىدىن تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان قېرىندىشى ئۇنمىشنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بىراق، تاڭ سۇلالىسى ئاشلىق ۋە يەم ـ خەشەك بېرىشكە قوشۇلۇپ، باشقا تەلەپلەرنى قوبۇل قىلمىغان. نەتىجىدە ئۇكا تېكىن نۇرغۇن قوشۇننى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى شيەنجۇ، تيەندې، جىنۋۇ، يۈنشۈي قاتارلىق جايلارغا ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ھەمدە بۇ جايلارنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. 846 ـ يىلى ئۇ ۋەزىرى يېيىنچۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## 24. ئوكنېر تېكىن

ئوكنېر تېكىن ئۇكا تېكىننىڭ ئىنىسى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ۋەزىر يېيىنچۇرنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى تەختىگە چىققان. ئوكنېر تېكىننىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن، تاڭ سۇلالىسى نۇرغۇن قوشۇن چىقىرىپ (847 ـ يىلى) ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ ئۇرۇشتا ئۇيغۇرلار قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، شىرۋى قەبىلىسىگە پاناھ ئىزلەپ بارغان. لېكىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىرۋىلارغا بولغان بېسىمى تۈپەيلىدىن، ئوكنېر تېكىن ئايالى قارلۇي، ئوغلى دوس تېكىن قاتارلىق ئون نەچچە كىشىنى باشلاپ غەربكە قېچىپ كەتكەن ۋە كېيىن ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغان. قېپقالغان ئۇيغۇرلار بولسا شىرۋىلارنى يېڭىلا مەغلۇپ قىلغان قىرغىز قوشۇنلىرى تەرىپىدىن شىمالىي قۇملۇققا ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ جەرياندا يول ئۈستىدە قېچىپ كەتكەن بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تاغ ـ داللار ۋە ئورمانلىقلارغا يوشۇرۇنۇپ، كېيىنكى چاغلاردا ئوخشاشلا ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 242 يىللىق سەلتەنەت دەۋرىگە ئۇزۇل ـ كېسىل خاتىمە بېرىلگەن.

## ئىزاھاتلار:

① ئەمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 513 ـ، 552 ـ بەتلەر؛ ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ باب؛ ئابې تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇرىيە تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، مۇقەددىمە بابى؛ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 210 ـ، 214 ـ بەتلەر.

② چېڭ سۇلو: «تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى، 52 ـ، 50 ـ بەتلەر؛ لىۋ يىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، تەيۋەن جېڭجوڭ كىتابچىلىق ئىدارىسىنىڭ 1977 ـ يىلى نەشرى، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى» قىسمى.

③ ئىككى تاڭنامە ۋە «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»گە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ئىچكى توققۇز قەبىلە (توققۇز ئۇيغۇر) ۋە تاشقى توققۇز قەبىلە (توققۇز ئوغۇز) دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىچكى توققۇز قەبىلە ئىچىدىكى ياغلاقار قەبىلىسى ناھايىتى كۈچلۈك ھەم خاقانلار چىقىدىغان قەبىلە بولغان. شۇڭا، بۇ قەبىلە دائىم ئىچكى توققۇز قەبىلىگە يېتەكچىلىك قىلغان.

④ ⑫ ㉕ ㉚ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، 200 ـ، 203 ـ، 222 ـ، 223 ـ بەتلەر.

⑤ ⑬ ㉔ ㉝ ㊵ لىۋ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (1 ـ قىسىم). مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 21 ـ، 56 ـ، 104 ـ، 124 ـ، 131 ـ بەتلەر.

⑥ ئۇۋيالڭ شيۇ، سۇڭ چى قاتارلىقلار تۈزگەن «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، 1 ـ جىلد.

⑦ مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ غول قىسمى يەنىلا ئورخۇن، سېلىنگا ۋە تۇغلا دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشىغان. بىراق، 7 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىن باشلانغان شەرقىي تۈرك خانلىقى بىلەن سۈي سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن ئۇرۇشلار ئۇيغۇرلارغا چەكسىز بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن. شۇڭا، بۇ چاغدا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرى ئۆزىنىڭ ئەسلى ماكانى بولغان تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كېلىپ، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. 605 ـ يىلى ئۇيغۇرلار غەربىي تۈرك خانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، مۇستەقىللىق جاكارلىغان. بىراق، 618 ـ، 619 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، غەربىي تۈرك خاقانى تۇن يابغۇنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئورخۇن، سېلىنگا ۋە تۇغلا دەرياسى ۋادىلىرىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان.

627 ـ يىلى دەل مۇشۇ تارماق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى شەرقىي تۈرك خانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن.

⑧ ⑩ ⑳ ㉛ ㊴ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى، 70 ـ، 71 ـ، 91 ـ، 92 ـ، 94 ـ بەتلەر.

⑨ ㉚ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 477 ـ بەت؛ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 71 ـ، 94 ـ بەت؛ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، 201 ـ بەت؛ ئۇيغۇر سايرانى روسچىدىن تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 157 ـ، 176 ـ بەت.

⑪ تۇمېدنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش سەۋەبى مەسىلىسىدە ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت: بىر خىل قاراشتىكىلەر «تۇمېد تەخت تالىشىش كۈرىشى سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلدى» دەيدۇ. يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر «تۇمېدنىڭ جىيەنى ئۆگە تۇمېدنى تۈركلەرنىڭ چۆبە قاغانىغا ئەل بولۇشقا مەجبۇرلىغان، مۇشۇ سەۋەبتىن تۇمېد ئۆلتۈرۈلگەن» دەيدۇ. ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر بولسا «خاقان تۇمېدنىڭ جىيەنى ئۆگە ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن نامۇۋاپىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەچكە، جىيەنى خاقان تۇمېدكە قارشى سۇيىقەست پىلانلاپ ئۇنى ئۆلتۈردى» دەيدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتە داۋاملىق تۈردە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

⑭ ئۆكتىبىنان بەزى مەنبەلەردە «چېلىڭ زۇلىڭ» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

⑮ كۆل بىلگە بەزى مەنبەلەردە «كۈربالا» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولۇپ، «چېلىڭ زۇڭنىڭ ئوغلى»، «تۇمېدنىڭ 6 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى» دەپ ئىزاھلانغان.

⑯ «ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى» بەزى ماتېرىياللاردا «توققۇز ئوغۇز خانلىقى»، «ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى»، «ئۇيغۇر خاندانلىقى»، «ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى»، «ئۇيغۇر قاغانلىقى» دېگەندەكناملار بىلەنمۇ ئاتالغان.

⑰ ㉑ ㉒ ㉔ ئۇيغۇر سايرانى روسچىدىن تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى، 161 ـ، 162 ـ، 167 ـ، 168 ـ، 171 ـ بەتلەر.

⑱ ⑲ ㊴ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 482 ـ، 483 ـ، 486 ـ، 510 ـ بەتلەر.

⑳ مويۇنچۇر بەزى ماتېرىياللاردا «تۇريان»، «تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان» (تەڭرى تەرىپىدىن ئولتۇرغۇزۇلغان، دۆلەتنى تەشكىللىگەن دانىشمەن قاغان) دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان.

㉓ ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئەييۇپ، ئىسرائىل يۇسۇپ تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى،

114 ـ، 122 ـ بەتلەر.

㉗ ㉘ د. ئى. تىخونوف: «10 — 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى»، 1966 ـ يىلى موسكۋا ـ لېنىنگراد نەشرى، 27 ـ بەت.

㉜ تاراسنىڭ ھۆرمەت نامى «ئاي تەڭرى قۇت بولمىش كۆللۈگ بىلگە قاغان».

㉞ تيەن ۋېيجيالڭ: «چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، 2000 ـ يىل 2 ـ سان.

㉟ قۇتلۇق قاغان بەزى ماتېرىياللاردا «ئاي تەڭرى قۇت بولمىش ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

㊲ 820 ـ يىلى قىرغىزلار يولباشچىسى ئاجونىڭ قوماندانلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلار ئۇيغۇرلارغا قارشى ھۇجۇم قوزغىغان بۇ ئۇرۇش 20 يىلچە داۋام قىلغان؛ قىرغىزلار ئۇرۇشقانسېرى قۇدرەت تېپىپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇيغۇر خانلىقى ئۈستىدىن غالىپ كەلگۈدەك كۈچكە ئايلانغان.

㊶ ئا. گ. مالياۋكىن: «9 — 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى، 8 ـ بەت.

㊷ قىرغىزلارنىڭ قارابالغاسۇن شەھىرىنى ئىگىلىشى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پۈتۈنلەي مۇنقەرز بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئورخۇن، سېلېنگا دەرياسى ۋادىلىرىدا يوق بەرگەن. خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدا بولسا، بولۇپمۇ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدە سىياسىي ۋەزىيەت باشقىچە بولغان. بۇ يەرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىكى ھاكىمىيەت بۇرۇنقى پېتى تۇرۇۋەرگەن.

# V تۈركەش خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

تۈركەش خانلىقى — غەربىي تۈركلەرنىڭ بىر تارمىقى بولغان تۈركەش قەبىلىسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان خانلىق. بۇ خانلىق تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغان (657 - يىلى) غەربىي تۈرك خانلىقى زېمىنىدا قۇرۇلغان بولۇپ، شەرقتە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، شىمالدا بالقاش كۆلىدىن جەنۇبتا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگىچە بولغان كەڭ رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مەزكۇر خانلىق دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك، ئۇيغۇر، تۈركەش، قارلۇق قاتارلىق خەلقلەرنىڭ تارىخىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. شۇڭا، بۇ خانلىقنىڭ خاقانلار نەسەبنامىسى ئۈستىدە توختىلىش ئەينى دەۋردىكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. ئۇجىڭلا

ئۇجىڭلا تۈركەش خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى[①]. 699 - يىلىدىن 706 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ خانلىق قۇرۇپ چىقىشتىن بۇرۇن، تۈركەش قەبىلىسى ھازىرقى تارباغاتاي رايونى، بۆرتالا، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدا ياشىغان بولۇپ، مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە پەيدىنپەي قۇدرەت تېپىپ بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى يەتتە سۇ رايونىغىچە كېڭەيگەن. قەبىلە باشلىقى ئۇجىڭلا دەۋرىدە تۈركەشلەر تېخىمۇ قۇدرەت تېپىپ، چۇ دەرياسىنىڭ

يۇقىرى ئېقىنىنى كونترول قىلىشقا ئالغان. 699 ـ يىلى ئۇجىنژلا چۇ دەريا ۋادىسىدىكى سۇياپ شەھىرى (ھازىرقى توقماق شەھىرىنىڭ يېنىدا) بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى گوڭيۆ شەھىرى (ھازىرقى غۇلجا شەھىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ) نى قوش پايتەخت قىلىپ بېكىتىپ، تۈركەش خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان.

ئۇجىنژلا خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىگە «باغا تارقان»[2] دېگەن نامنى بېرىپ، غەربىي تۈرك ئاھالىلىرىنى قايتىدىن بىر تۈغ ئاستىغا يىغقان ھەمدە ئۆز قەبىلىلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 20 تۇتۇقنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ، ھەربىر تۇتۇققا يەتتە مىڭ كىشىلىكتىن سەرخىل قوشۇن سەپلەپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇجىنژلا يەنە بىر قاتار كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، بۇرۇنقى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ بارلىق زېمىنلىرىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان. كېيىنكى چاغلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تاڭ سۇلالىسى تۈركەش خانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، خاقان ئۇجىنژلاغا «دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق جۈنۋاڭ»[3] دېگەن نامنى بەرگەن. ئۇجىنژلا ئوغلى جەنۇنى چاڭئەن شەھىرىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، پادىشاھ ۋوزېتيەنگە نۇرغۇن سوۋغاتلارنى تارتۇق قىلغان. 706 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇجىنژلا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

## 2. سوگا

سوگا (سوقاق) ئۇجىنژلانىڭ چوڭ ئوغلى، 706 ـ يىلدىن 714 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۈركەش خانلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. سوگا تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان:

بىرىنچى، ئۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان دوستلۇق

مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ جۇڭزۇڭ ئۇنىڭغا «ئالتۇن مۇران جۇڭۋاڭ»[4] دېگەن نامنى بەرگەن ھەمدە تۆت نەپەر ئوردا مەلىكىسىنى ئۇنىڭ نىكاھىغا خالىس تەقدىم قىلغان.

ئىككىنچى، سوگا تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قول ئاستىدىكى بۇرۇنقى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان ئاشىنا كۆلچۇرۇنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. شۇ ۋەجىدىن سوگانى قوللاۋاتقان تاڭ سۇلالىسى ئاشىنا كۆلچۇرۇغە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىشنى قارار قىلغان. بىراق، ئاشىنا كۆلچۇرۇ تاڭ سۇلالىسى ۋەزىرى زۇڭ چۇيكې بىلەن جى چۇتانى سېتىۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى (ھازىرقى كۇچا) دە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، سوگانى تەختتىن چۈشۈرمەكچى بولغان. بۇنى ئالدىن سېزىۋالغان سوگا دەرھال قوشۇن باشلاپ بېرىپ، 711 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى بارلىق جايلارنى بېسىۋالغان ھەمدە كۆلچۇرۇنىڭ سۇيىقەستىنى ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلغان. بۇ ئىشتىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ رۇيزۇڭ سوگاغا «ئەل بولغان قاغان» دېگەن نامنى بەرگەن. تۈركەشلەر بولسا ئۇنى ھۆرمەتلەپ: «ئون تۆت قاغان»[8] دەپ ئاتىغان. بۇنىڭ بىلەن تۈركەش خانلىقىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى تېخىمۇ زورىيىپ بارغان.

لېكىن، 712 ـ يىلىغا كەلگەندە سوگانىڭ ئىنىسى جەنۇ ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇق، ئىمتىيازلاردىن قانائەت ھاسىل قىلماي، ئاكىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقى (679 ـ 745) نىڭ ئىككىنچى خاقانى مويۇنچۇرنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقان. نەتىجىدە 714 ـ يىلى 20 مىڭ كىشىلىك كېيىنكى تۈرك خانلىقى قوشۇنى جەنۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن تۈركەش خانلىقىغا قارشى ئومۇمييۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، سوگانى تىرىك قولغا چۈشۈرگەن.

ئۇزاق ئۆتمەي كېيىنكى تۈرك خانلىقى قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى بۆگۈ قاغان جەنۇنى «ئاكىسىغا سادىق بولمىغان ئادەم ماڭا سادىق بولامدۇ»[6] دەپ سوگا بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرگەن. دەرۋەقە، تۈركەش خانلىقى بىر مەھەل يوقىتىلىپ، ئۇنىڭ بارلىق زېمىنلىرى كېيىنكى تۈرك خانلىقى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان.

## 3. سۇلۇ

سۇلۇ تۈركەش قەبىلىسىنىڭ چېۋىش ئۇرۇقىدىن. ئۇنىڭ خاقان سوگا بىلەن بولغان ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. 715 - يىلىدىن 738 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. سۇلۇ سوگا ئۆلتۈرۈلۈپ تۈركەشلەر خاقانسىز قالغان مەزگىلدە پەيدىنپەي باش كۆتۈرۈپ چىققان بولۇپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا پۈتكۈل تۈركەش قەبىلىلىرىنى قايتىدىن بىر تۇغ ئاستىغا يىغقان ھەمدە 300 مىڭ كىشىلىك سەرخىل قوشۇن تەشكىللەپ، 715 - يىلى سۇياپ شەھىرىدە تۈركەش خانلىقىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان. بۇنىڭ بىلەن تۈركەشلەر ئۆز سەلتەنىتىنى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلىغان. سۇلۇ تۈركەش خانلىقىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تاڭ سۇلالىسىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان بۇرۇنقى غەربىي تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە غەربىي يۇرتنى تالىشىۋاتقان تىبەتلەر ھەم ئەرەب ئىستىلاچىلىرى بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدا بىر قاتار ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇ ھال تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوندا تەسىس قىلغان نۇرغۇنلىغان ھەربىي ۋە مەمۇرىي مۇئەسسەسەلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلغان. بىراق، كېيىنكى چاغلاردا، سۇلۇنىڭ جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونلىرىغا قىلغان ھەربىي ھۇجۇمىنىڭ پەيدىنپەي كۈچىيىشى بىلەن، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ شۈەنزۇڭ تۈركەش خانلىقىغا

قارشى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تاڭ جاخۇي، قارلۇق قەبىلىسى ۋە تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئاشىناشەنىنىڭ زور قوشۇنىنى ئەۋەتىپ، سۇلۇ قاغانىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا قىلغان ھۇجۇمىنى چېكىندۇرگەن. 719 ـ يىلىغا كەلگەندە سۇلۇ نائىلاج چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن يارىشىپ قالغان. پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇنىڭغا «سادىق قاغان» دېگەن نامنى بەرگەن ھەمدە تۈرك ئەمەلدارى ئاشىنا خۇەيداۋنىڭ قىزىنى مەلىكە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، «جىنخې خانىكە»[7] نامىدا ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان. ئارقىدىنلا سۇلۇ يەنە كېيىنكى تۈرك خانلىقى ۋە تىبەت خانىنىڭ مەلىكىلىرىگىمۇ ئۆيلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن تۈركەش خانلىقى تاڭ سۇلالىسى ۋە كېيىنكى تۈرك خانلىقى بىلەن بىر ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. لېكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي جىنخې مەلىكە كۇسەندىكى ئەنشى باش قورۇقچىبېگى دۇشيەنگە زىيادە تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، دۇشيەن ئۇنىڭ كۇسەندىكى سودىگەرلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۇلارنىڭ سودىغا ئېلىپ كەلگەن مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ئېتىنى ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرگەن. بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەبلەنگەن سۇلۇ 720 ـ يىلى ناھايىتى كۆپ قوشۇن بىلەن كۇسەنگە باستۇرۇپ كىرىپ، نۇرغۇن ئادەم ۋە مال ـ دۇنيانى بۇلاپ كەتكەن. دۇشيەن ئامالسىزلىقتىن ئوردىغا يۆتكىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جاۋيۇنجىن باش قورۇقچىبەگ بولۇپ تەيىنلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە 734 ـ يىلى سۇلۇنىڭ تاڭ ئوردىسىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى كۆلتېگىن بېشبالىققا كەلگەندە، بېشبالىق باش قورۇقچىبېگى ليۇخۇەن تەرىپىدىن بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەچكە، سۇلۇ ناھايىتى دەرغەزەپ بولۇپ، بېشبالىق باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە غەربىي ئايماققا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغاپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بەرگەن. بۇ ھال تۈركەش خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى شان ـ شۆھرىتىنى زور دەرىجىدە

ئاشۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوندىكى سىياسىي، ھەربىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئېغىر كرىزىسقا دۇچار قىلغان.

بىراق، سۇلۇ تېزدىن كۈچىيىۋاتقان مەزگىلدە، بۇرۇنقى خاقان سوگاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان باغا تارقان بىلەن دۇمۇجى يېڭىمدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، [8] سۇلۇغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ھەمدە سۇلۇنىڭ كەيپى - ساپاغا بېرىلىپ تازا چىرىكلەشكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، 734 - يىلى ئاشكارا ھالدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. 738 - يىلىغا كەلگەندە، باغا تارقان بىلەن دۇمۇجى سۇلۇغا قارشى بىرلەشمە ھۇجۇم قوزغاپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن.

## 4. توقسان قۇتچۇر

توقسان قۇتچۇر سۇلۇنىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن باغا تارقان بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغان دۇمۇجىنىڭ قوللىشى بىلەن سوياپ شەھىرىدە خاقانلىق تەختىگە چىققان. 738 - يىلىدىن 739 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. توقسان قۇتچۇرنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن باغا تارقان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەم پەرغانە، تاشكەنت، كەش (ھازىرقى سەبىز شەھىرى) قاتارلىق رايونلارنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ دۇمۇجى ۋە توقسان قۇتچۇرغا قارشى ئۇرۇش باشلىغان. 739 - يىلى باغا تارقان سۇياپ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، خاقان توقسان قۇتچۇرنى ئەسىرگە ئالغان ھەمدە مەلىكە جىنخېنىمۇ تۈركەش ئوردىسىدىن قايتۇرۇپ چىققان.

## 5. باغا تارقان

باغا تارقان توقسان قۇتچۇردىن كېيىن تۈركەش خانلىقىنىڭ تەختىگە چىققان. ئۇنىڭ خاقان بولۇشىنى دەسلىپىدە تاڭ سۇلالىسى قوللانغان. شۇڭا، ئۇ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ھەربىي ھەرىكەت قوللانغان، پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ خاقانلىق

ئورنىنى ئېتىراپ قىلغان. بىراق، باغا تارقان تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا خانلىق چاك ـ چېكىدىن پارچىلىنىپ، خاقان سوگانىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن سۇلۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئۇرۇشلار ئېلىپ بېرىلغان. نەتىجىدە خانلىق ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كېلىپ، بۇرۇنقى سەلتەنىتىنى ئاستا ـ ئاستا يوقىتىپ قويغان ھەمدە ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان قوشنىسى — قارلۇقلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

---

ئىزاھاتلار:

① ئۇجىۋلا بەزى مەنبەلەردە «ئوقچۇلا» دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنغان.

⑥ ③ ② ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 361 ـ، 363 ـ بەتلەر.

④ ⑦ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى، 100 ـ بەت.

⑤ «ئون تۆت قاغان» ئاتالمىسى تۈركەش خانلىقىدىكى 14 قەبىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

⑧ تۈركەش قەبىلىسى ئىچىدە خاقان سوگانىڭ ئەۋلادلىرى «سېرىق تۈركەش»، سۇلۇنىڭ ئەۋلادلىرى «قارا تۈركەش» دېيىپ ئاتالغان بولۇپ، «سېرىق تۈركەش»لەر ھۆكۈمران ئۇرۇق ھېسابلانغان. «قارا تۈركەش»لەر بولسا بۇرۇندىنلا مەھكۇم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا، «سېرىق تۈركەش»لەرنىڭ ئەۋلادى بولغان باغا تارقان بىلەن دۇمۇجى خاقان سۇلۇ جەمەتىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشىگە چىدىماي، سۇلۇغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن.

# VI گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

840 ـ يىلى ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى ئىچكى نىزا، تەبىئىي ئاپەت ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن غەرب ۋە جەنۇبقا قاراپ كۆچكەن. غەربكە كۆچكەن تارماق ئىلگىرى ـ كېيىن خېشى كارىدورى ۋە غەربىي يۇرتقا يېتىپ كېلىپ، بۇ جايلاردىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارغا قوشۇلغان ھەمدە ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار (خاقانىيە) خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ خانلىقنى قۇرۇپ چىققان. نۆۋەتتە بۇ ئۈچ خانلىق ئىچىدىكى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئومۇمىي تارىخى، جۈملىدىن بۇ خانلىقلاردىكى خاقانلار نەسەبنامىسى ئۈستىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بەزى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن، شەرق ئەللىرى بىلەن غەربىي ۋە ياۋروپا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق سودا يولى بولغان «يىپەك يولى»نىڭ شەرقىي قىسمىنى 178 يىل كونترول قىلىپ تۇرغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى (850 — 1028 ـ يىللار) نىڭ تارىخى ۋە خاقانلار نەسەبنامىسى ماتېرىياللارنىڭ چەكلىكلىكى، تارقاقلىقى ۋە خاقانلار نەسەبنامىسىنىڭ ئۆزئارا باغلانماسلىقىغا ئوخشاش كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى.

## 1. ئورموزد

خاقان ئورموزد ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، مەزكۇر خاقان تەختكە چىققان دەۋردىن بۇرۇنقى گەنجۇ ئۇيغۇر خاقانلىرى ئۈستىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. تارىخ ئەھلىلىرىگە مەلۇم

بولغىنىدەك، مىلادىيە 850 ـ يىلى خېشى كارىدورىغا كۆچكەن ئورقۇن ئۇيغۇرلىرى شۇ جايدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. مەزكۇر خانلىق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى جەھەتتە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت تەشكىلىنى ئۈرنەك قىلىپ، توققۇز ۋەزىر (ئۈچى ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى، ئالتىسى تاشقى ئىشلار ۋەزىرى) دىن تەشكىل قىلىنغان ھەمدە «تېكىن»، «تۇتۇق»، «ساۋىن» قاتارلىق ئەمەل ـ مەنسەپلەر تەسىس قىلىنغان يېڭىچە ھاكىمىيەت تەشكىلىنى بەرپا قىلغان. بۇ تەشكىلدە ئەڭ چوڭ ھۆكۈمران «تەڭرى قاغان»① دەپ ئاتالغان. لېكىن، ھازىرچە قولىمىزدا بار بولغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىغا ئائىت خەنزۇچە مەنبەلەردە پەقەت خاقان ئۇرموزد دەۋرى (10 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى) دىن بۇرۇنقى گەنجۇ ئۇيغۇر خاقانلىرىلا ئۆزلىرىنىڭ خاس ئىسمى بىلەن ئاتالماي، بەلكى «تەڭرى قاغان» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. مەسىلەن، دۇنخۇاڭنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان «غەربىي خەن ئالتۇنتاغ بەگلىكى» بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن خەنزۇچە مەنبەلەردە، مىلادى 907 ـ يىلى شاجۇ رايونىدا توبۇتلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغان جاڭ يىچاۋنىڭ ئەۋلادى جاڭ فېڭنىڭ دۇنخۇاڭدا ئۆزىنى «ئالتۇنتاغ ئاق تونلۇق تەڭرىنىڭ ئوغلى» دەپ ئاتاپ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش باشلىغانلىقى؛ ئۇيغۇر خاقانى «تەڭرى قاغان»نىڭ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، مىلادىيە 906 — 911 ـ يىللىرى جاڭ فېڭنىڭ ئالتۇنتاغ بەگلىكىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقى؛ ئۇرۇش نەتىجىسىدە جاڭ فېڭنىڭ ئېغىر دەرىجىدە مەغلۇپ بولۇپ، ئۇيغۇر خاقانىنى «ئاتاقاغان» دەپ ئاتاشقا مەجبۇر بولغانلىقى؛ 10 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، جاڭ فېڭنىڭ ۋارىسى ساۋ يىجىنىنىڭ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى قايتىدىن ئۇرۇش قىلغانلىقى، ئۇيغۇر خاقانىنىڭ ئۇنى قاتتىق باستۇرغانلىقى،

ئاخىرى ساۋ يىجىنىنىڭ خۇددى جاڭ فېڭغا ئوخشاش ئۇيغۇر خاقانىنى «ئاتاقاغان» دەپ ئاتاشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان②. شۇ ۋەجىدىن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلار نەسەبنامىسى ئۈستىدە توختالغاندا ئۇرموزد دەۋرىدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ سانى، خاس ئىسمى، سەلتەنەت دەۋرى ۋە باشقا ئەھۋاللار تەرىپىدىن بېرىلگەن ھۆرمەت ناملىرى توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچە بېرىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەۋردىكى خاقانلارغا ئائىت ماتېرىياللاردىن پەقەت ئايرىم خەنزۇچە خاتىرىلەرلا بار، باشقا تىلدىكى تارىخ ماتېرىياللىرى ئاساسەن يوق دېيەرلىك. بۇ ھال خاقان ئۇرموزدغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ تەختكە چىققان دەۋرىدىن باشلاپ ئاندىن ھەرقايسى ئۇيغۇر خاقانلىرىغا قارىتا قىسقىچە تەرجىمىھال بېرىلىشكە باشلىدى.

ئۇرموزد 10 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان گەنجۇ ئۇيغۇر خاقانى. خەنزۇچە ئىسمى رېن مېي (仁美). «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە قەيت قىلىنىشىچە، كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 2 ـ يىلى (924 ـ يىلى) دا، پادىشاھ تۇڭ گۇاڭ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە خاقان ئۇرموزدقا «يىڭگيى» (باتۇر ۋە ئادىل) دېگەن ھۆرمەت نامىنى ئىنئام قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى باشتىن ـ ئاخىر قويۇق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كەلگەن. كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى ئوردا تارىخچىلىرىمۇ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى خاقانلىرىنىڭ خاس ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ بەزى خاتىرىلەرنى قالدۇرۇشقا باشلىغان. مەسىلەن، «كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى (923 ـ 936 ـ يىللار) نىڭ تۇڭ گۇاڭ يىللىرى (923ـ 926 ـ يىللار) دا، دۆلەت باشلىقى رېن مېي (ئۇرموزد) گە خاقان (يىڭگيى) دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى. رېن مېي ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى رېن يۈ تەختكە

ئولتۇردى. . . » ، «تۇڭ گۇاڭنىڭ 2 ـ يىلى (924 ـ يىلى) رېن يۈ ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئۇكىسى دىئېن زۇ ئادرۇك تەختكە ئولتۇردى. ئوردىغا سوۋغات بىلەن ئەلچى ئەۋەتتى. . . » ، «تۇڭ گۇاڭنىڭ 2 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ئۇيغۇر خاقانى رېن مېي 66 كىشىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، توققۇز تۇياق ئات ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلدى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا، رېن مېي ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان ئۇكىسى دىئېن تۇتۇق ئەنچەن ۋە باشقىلارنى ئوردىغا سوۋغات بىلەن ئەۋەتتى»[3]. بۇ خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئورموزدىنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى ناھايىتى قىسقا بولۇپ، مىلادىيە 924 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ تەختتىكى ۋاقتىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغان، لېكىن ھازىرچە خاقان ئورموزدىنىڭ قاچان تەختكە چىققانلىقى ھەمدە قانداق ۋاپات بولغانلىقى توغرىلىق ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق.

## 2. ئادرۇك تېكىن

بەش دەۋر (كېيىنكى لياڭ، كېيىنكى تاڭ، كېيىنكى جىن، كېيىنكى خەن، كېيىنكى جۇ دەۋرى. مىلادىيە 907 — 960 ـ يىللار) مەزگىلىدىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا ئائىت خەنزۇچە مەنبەلەردە، خاقان ئادرۇك تېكىننىڭ ئىسمى ھەر خىل شەكىلدە تىلغا ئېلىنغان. «كونا بەش دەۋر تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە، «تېكىن» كىشى ئىسمى دەپ قارىلىپ: «رېن مېي ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىنىسى تېكىن تەختكە ۋارىسلىق قىلدى» دېيىلگەن. يەنە مۇشۇ مەنبەدە: «تېكىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئادرۇك تەختكە چىقتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «يېڭى بەش دەۋر تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ: «تېكىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئادرۇك ۋارىسلىق قىلدى»[4] دېيىلگەن. دېمەك، يۇقىرىقى ئىككى خىل مەنبەدە «تېكىن» بىلەن «ئادرۇك» ئىككى ئادەمنىڭ ئىسمى

تەرىقىسىدە تىلغا ئېلىنغان. بۇ يەردە بۇ ئىسىمنى ئەسەر ئاپتورلىرىنىڭ ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە بېرىدىغان «تېكىن» دېگەن ھۆرمەت نامى بىلەن «ئادرۇك» تىن ئىبارەت خاس كىشى ئىسمىنى خاتا ھالدا ئىككى خىل كىشى ئىسمى دەپ قارىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. دەرۋەقە، «تېكىن» خاقان ئادرۇكنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ، ئادەتتە «ئادرۇك تېكىن» دەپ ئاتاش ئەقىلگە مۇۋاپىق. مەسىلەن، «كونا بەش دەۋر تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ مەلۇم قىسمىدا: «كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تۇڭ گۇاڭنىڭ 2 ـ يىلى (924 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا رېن مېي ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئىنىسى ئادرۇك تېكىن چىقتى»[1] دېيىلگەن. مۇشۇ خاتىرە نۇقتىسىدىن قارىساق، ئادرۇك تېكىن ئاكىسى ئورمۇزد ۋاپات بولغان (924 ـ يىلى) دىن كېيىن، «ئادرۇك تېكىن» نامىدا خاقانلىق تەختىگە ئولتۇرغان. ئۇ يەنە رېن يۇ (仁裕) دېگەن خەنزۇچە ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ، كېيىنكى تاڭ ۋە كېيىنكى جىن سۇلالىلىرىنىڭ «شۇن خۇا» (مەدەنىيەت يولى بىلەن ماڭغۇچى)، «فېڭ خۇا» (مەدەنىيەتكە ھۆرمەت قىلغۇچى) دېگەن ھۆرمەت ناملىرىغا نائىل بولغان. بەش دەۋر تارىخ ماتېرىياللىرىدا خاقان ئادرۇك تېكىنگە ئائىت يەنە مۇنداق قىممەتلىك مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان: «تۇڭ گۇاڭنىڭ 4 ـ يىلى (926 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، ئۇيغۇر خاقانى ئادرۇك ئەڭ ئوبدان ئاتلارنى ئەلچى بىلەن سوۋغات سۈپىتىدە ئەۋەتتى»، «تيەن چېڭنىڭ 2 ـ يىلى (927 ـ يىلى) دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇرغۇچى رېن يۇ پادىشاھ ئوردىسىغا لى ئاشەن ۋە باشقىلارنى ئەۋەتتى. پادىشاھ مىڭزۇڭ (925 ـ 938 ـ يىللار) ئەۋەتكەن ئەلچى ئارقىلىق رېن يۇگە (شۇن خۇا) خاقان ئۇنۋانىنى بەردى. جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى گاۋزۇ يۈرت سوراپ تۇرغان مەزگىلدە ئۇنىڭغا يەنە (فېڭ خۇا) خاقان ئۇنۋانى بېرىلدى، كېيىنكى جىن سۇلالىسىنىڭ تيەنفۇ يىللىرى مەزگىلىدە، دۆلەت باشلىقى رېن يۇگە

〈فېڭ خۇا〉 خاقان ئۇنۋانى بېرىلدى. رېن يۈ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى جىڭ چيۇڭ ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى...»[6]. بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئادرۇك تېكىن ئاكىسى ئورموزد ۋاپات بولغاندىن كېيىن، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانى بولۇش سۈپىتى بىلەن كېيىنكى تاڭ ۋە كېيىنكى جىن سۇلالىلىرىگە كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزئارا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان. بۇنىڭ بىلەن خاقان ئادرۇك ۋاپات بولغۇچە (959 - يىلى) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلىرى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۆز نۆۋىتىدە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە بېيىتقان.

### 3. جىڭ چيۇڭ (景琼)

جىڭ چيۇڭ تەخمىنەن 959 - يىلىدىن 976 - يىلىغىچە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغان. جىڭ چيۇڭ — خەنزۇچە ئىسىم. مەزكۇر خاقاننىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى توغرىلىق غەرب تارىخچىلىرىنىڭ «〈جىڭ چيۇڭ〉 خاس ئىسىم ئەمەس، بەلكى 〈خاقان〉 دېگەن تۈركچە سۆزنىڭ يەنە باشقىچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى»[7] دېگەن پەرىزىدىن باشقا ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. جىڭ چيۇڭ ئادرۇك تېكىننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئادرۇك ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. بۇ ھەقتە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. ۋاسساللار»دا: «كېيىنكى جىن سۇلالىسىنىڭ تيەنفو يىللىرىدا دۆلەت باشلىقى رېن يۈگە 〈فېڭ خۇا〉 خاقان ئۇنۋانى بېرىلدى. رېن يۈ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى جىڭ چيۇڭ ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى. پادىشاھ تەيزۇ جيەنلۇڭنىڭ 2 - يىلىنىڭ 12 - ئېيىدا، جىڭ چيۇڭ ئوردىغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن سوۋغات تەقدىم قىلدى»[8] دېيىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چيەندې، كەيباۋ، تەيپىڭشىڭگو يىللىرى (963 - 984 -

يىللار)، خاقان جىڭ چيۇڭ شىمالىي سۇڭ ئوردىسىغا ئەلگىرى - ئاخىر تۆت قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن ھەمدە سۇڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورناتقان. نەتىجىدە، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا تارىخچىلىرى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ئۈستىدە ئايرىم خاتىرىلەرنى قالدۇرۇشقا باشلىغان.

## 4. ياغلاقار بىلگە

ياغلاقار بىلگە جىڭ چيۇڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن تەختكە چىققان گەنجۇ ئۇيغۇر خاقانى. ئۇنىڭ جىڭ چيۇڭ بىلەن بولغان ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. ئالاقىدار مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ياغلاقار بىلگە دەۋرىدە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى زور دەرىجىدە قۇدرەت تېپىپ، خېشى كارىدورىدىكى جاڭ يېچاۋنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە تۇبۇت قالدۇق كۈچلىرىنى پۈتۈنلەي تازىلىغان، بۇنىڭ بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى مەيلى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتە بولسۇن يېپەك يولىدىكى بىر كۈچكە ئايلانغان. خاقان ياغلاقار بىلگە توغرىسىدا «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: «تەيپىڭشىڭگونىڭ 5 - يىلى (980 - يىلى) گەنسۇ، شاجۇ ئۇيغۇر خاقانى ياغلاقار بىلگە جى پېيدى باشلىق تۆت كىشىنى تۆگە، جەڭ ئېتى ۋە مارجان، كەھرىۋا قاتارلىق بۇيۇملار بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى»[1] دېگەن خاتىرە قالدۇرۇلغان. لېكىن، نۆۋەتتە مەزكۇر خاقاننىڭ باشقا ئىش - پائالىيەتلىرى ۋە ۋاپات بولغان كونكرېت يىلى توغرىلىق بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق.

## 5. ياغلاقار (جۇڭشۇن باۋدې 忠顺保德)

خاقان ياغلاقار ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن «ياغلاقار» ئاتالمىسى ۋە بۇ ئاتالمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى

مەسىلىلەر توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.
تارىخ ئەھلىلىرىگە ئايان بولغىنىدەك، «ياغلاقار» — ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان، يەنى خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمران بىر ئۇرۇقىنىڭ نامى. ئادەتتە تارىختا ئۆتكەن ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دەل مۇشۇ ئۇرۇقتىن چىققان. شۇڭا، بۇ ئۇرۇقنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا تۇتقان ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولغان. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كۆپ سانلىق ئۇيغۇر خاقانلىرى ئوخشاشلا مۇشۇ ئۇرۇقنىڭ ئەزالىرى بولغان. شۇ ۋەجىدىن، بەش دەۋردىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا ئالاقىدار تارىخ ماتېرىياللىرىدا، ياغلاقار بىلگەدىن كېيىن تەختكە چىققان گەنجۇ ئۇيغۇر خاقانلىرى ئۆزلىرىنىڭ خاس ئىسمى بىلەن يېزىلماي، بەلكى ئۇرۇقىنىڭ نامى بولغان «ياغلاقار» ئاتالمىسى بىلەن خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە ياغلاقار بىلگەدىن كېيىنكى گەنجۇ ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ بىر تۇتاش ھالدا «ياغلاقار» دەپ ئاتالغانلىقى ھەمدە بۇ نامنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنىڭ فامىلىسىگە ئۆزگەرگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەنزۇچە مەنبەلەردە «ياغلاقار» نامىدىكى ئۇيغۇر خاقانلىرىنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ خەنزۇچە ھۆرمەتناملىرى ئىمكانقەدەر قوشۇپ ئىشلىتىلگەن.
ياغلاقار بىلگەدىن كېيىن تەختكە چىققان خاقان ياغلاقارغا خەنزۇچە «جۇڭشۇن باۋدې» دېگەن ھۆرمەت نامى بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ مۇشۇ ھۆرمەت نامى بىلەن باشقا «ياغلاقار» نامىدىكى خاقانلاردىن پەرقلەندۈرۈلگەن. جۇڭشۇن باۋدې مىلادىيە 1004 ـ يىلى ئەتراپىدا خاقانلىق تەختىگە چىقىپ تاكى 1016 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.
ئۇ گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن سۇڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورناتقان، يەنە بىر تەرەپتىن تۇبۇتلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، يىگىمدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان

تاڭغۇتلارغا قارشى ئۈچ قېتىم كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش ئېلىپ بارغان[1]. بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇش 1008 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا ياغلاقار جۇڭشۇن باۋدى ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرىنى باشلاپ تاڭغۇتلار بىلەن كەسكىن ئۇرۇش قىلغان ھەمدە تاڭغۇت قوشۇنىنى ئەيلىك بىر جايغا جەلپ قىلىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىرغىن قىلغان. ئۇلجا ئېلىنغان بارلىق ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى بولسا خەلق ئالدىدا كۆيدۈرۈۋەتكەن. مەغلۇپ بولغان تاڭغۇت قوشۇنىنىڭ قوماندانى ۋاڭ زى ئۆز خاقانىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، نائىلاج سۇڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان. ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش 1009 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان. بۇ قېتىم تاڭغۇتلار 20 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى گەنجۇ شەھىرىنى قورشىۋالغان. لېكىن، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، خاقان ياغلاقار شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىقىپ، تاڭغۇت ئەسكەرلىرىنى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلغان. ئۈچىنچى قېتىملىق ئۇرۇش 1010 ـ يىلى يۈز بەرگەن. بۇ قېتىم نەچچە تۈمەن كىشىلىك تاڭغۇت قوشۇنى ئۇيغۇرلار ۋە چىڭخەيدىكى تۈبۈتلەرگە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىغان. لېكىن، ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى بىلەن تۈبۈت خەلقىنىڭ مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە، تاڭغۇتلارنىڭ بۇ قېتىملىق زور ھۇجۇمى پۈتۈنلەي بىتچىت قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاڭغۇتلار خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە ھۇشىغا كېلەلمىگەن. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا قۇدرەتلىك كۈچ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، سىرتتىن كېلىدىغان ھەربىي تەھدىتمۇ ۋاقتىنچە تۈگىگەن. مىلادىيە 1016 ـ يىلى خاقان ياغلاقار جۇڭشۇن باۋدى ۋاپات بولغان.

## 6. ياغلاقار گۇيخۇا ( 归化 )

ياغلاقار گۇيخۇا خاقان جۇڭشۇن باۋدىنىڭ ئوغلى. مىلادىيە 1061 ـ يىلىدىن 1023 ـ يىلىغىچە خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغان. ئۇ ئۆز ھاياتىنى ئاساسەن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان. ئۇ تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە ئالدى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆز ئارا سودا مۇناسىۋىتى ئورناتقان ھەمدە سۇڭ سۇلالىسى بىلەن تۇتىشىدىغان يىپەك يولىدىكى مۇھىم تۈگۈنلەرگە ئەسكەر قويۇپ سودا يولىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، تۇبۇتلەرنىڭ زوڭگى قەبىلىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، ئۆز سىڭلىسىنى زوڭگى قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى سىنزۇي سىلوغا ياتلىق قىلغان. نەتىجىدە خانلىقتا بىر مەھەل تىنچلىق ۋەزىيىتى ھۆكۈم سۈرگەن. خاقان ياغلاقار گۇيخۇا يەنە ئۆز ھاياتىدا بىر قاتار ھەربىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. 1016 ـ يىلى تاڭغۇتلار گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنى ئۈزۈۋېتىش ئۈچۈن، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شاجۇ ۋە لياڭجۇ رايونلىرىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىغان. خاقان ياغلاقار گۇيخۇا ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ، تاڭغۇتلارنى بۇ جايلاردىن قوغلاپ چىقارغان ھەمدە بۇ رايونلاردا مەخسۇس ئەسكەر تۇرغۇزۇپ سودا يولىنى قوغدىغان. 1016 ـ يىلى ياغلاقار گۇيخۇا شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ بېرىپ، يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولغان لەنجۇ ۋە ۋۇۋېي رايونلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. نەتىجىدە تاڭغۇتلارنىڭ بۇ رايونلارغا بولغان ھەربىي تەھدىتى تۈگەپ، يىپەك يولى تېخىمۇ راۋانلاشقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭغۇتلار چېگرىسىدا خېلى بىر مەزگىلگىچە تىنچلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، يىپەك يولىدىكى سودا پائالىيىتى كۈندىن ـ كۈنگە جانلانغان. مىلادىيە 1023 ـ يىلى خاقان ياغلاقار گۇيخۇا ۋاپات

بولغان.

## 7. ياغلاقار تۇڭشۇن (通顺)

ياغلاقار تۇڭشۇن مىلادىيە 1023 - يىلى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەختىگە چىققان. ئۇنىڭ خاقان ياغلاقار گۇيخۇا بىلەن بولغان ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخ ماتېرىياللىرىدا مەزكۇر خاقانغا ئائىت مۇنداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان: «تيەنشېڭنىڭ 5 - يىلى (1027 - يىلى) 8 - ئايدا، گەنجۇ خاقانى ياغلاقار ۋەن ئەندۇڭ قاتارلىق 14 كىشىنى ئوردىغا تارتۇق ئىنئام قىلىشقا ئەۋەتتى»، «تيەنشېڭنىڭ 5 - يىلى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، گەنجۇ ئۇيغۇر خاقانى ياغلاقار ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ نۇشۇدۇر، مەستىكى رۇمى، قاشتېشى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلدى...»، «تيەنشېڭنىڭ 6 - يىلى (1028 - يىلى) 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، گەنجۇ ئۇيغۇر خاقانى ياغلاقار ئەلچى ئەۋەتىپ قاشتېشى، كەھرىۋا، مەستىكى رۇمى قاتارلىق بۇيۇملارنى تەقدىم قىلدى»[1]. بۇ خاتىرىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خاقان ياغلاقار تۇڭشۇن تارىختا ئۆتكەن گەنجۇ ئۇيغۇر خاقانلىرىغا ئوخشاشلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن. ياغلاقار تۇڭشۇن تەختتە ئولتۇرغان مەزگىل گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى، يەنى كۈچلۈك رەقىبلەرنىڭ گەنجۇ خانلىقى زېمىنىغا ھەر تەرەپتىن چاڭگال سالغان مەزگىلى ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، خاقان ياغلاقار تۇڭشۇن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تاكى ۋاپات بولغۇچە كۆپ قېتىم قانلىق جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. 1026 - يىلى تاڭغۇتلار ئالدى بىلەن لەنجۇ رايونىغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىغان، ياغلاقار تۇڭشۇن تۇبۇت خەلقى بىلەن بىرلىشىپ، تاڭغۇتلارنىڭ بۇ ھۇجۇمىنى پۈتۈنلەي تارمار قىلغان. شۇ يىلى يەنە تاڭغۇت - قىتان بىرلەشمە قوشۇنى گەنجۇ

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى گەنجۇ شەھىرىگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىغان. خاقان ياغلاقار تۇڭشۇن ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىقىپ تاڭغۇت ـ قىتان بىرلەشمە قوشۇنىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان. دېمەك، بۇ بىر قاتار ئۇرۇشلاردا ياغلاقار تۇڭشۇن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، تاڭغۇت ۋە قىتانلار بىلەن ھايات ـ ماماتلىق جېڭى ئېلىپ بارغان. 1028 ـ يىلىغا كەلگەندە، تاڭغۇتلار نەچچە تۈمەن كىشىلىك قوشۇن بىلەن گەنجۇ شەھىرىگە قايتىدىن ھۇجۇم باشلىغان. بۇ خىل ئەھۋالدا، گەنجۇ شەھىرىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلار خاقان ياغلاقار تۇڭشۇننىڭ باشچىلىقىدا تاڭغۇتلارغا قارشى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ جەڭنى قىلغان. لېكىن، ئىككى تەرەپ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا غايەت زور پەرق بولغانلىقى سەۋەبىدىن، گەنجۇ شەھىرى ئاخىر تاڭغۇت قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ياغلاقار تۇڭشۇن تاڭغۇتلارغا تەسلىم بولۇشنى ھار ئېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرى بولسا تاڭغۇتلارغا ئەسىرگە چۈشكەن. لېكىن، خېشى كارىدورىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۆز زېمىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تاڭغۇتلارغا قارشى يەنە ئەڭ ئاخىرقى ھايات ـ ماماتلىق جېڭىگە تەييارلىق قىلىشقا باشلىغان.

## 8. ياغلاقار باۋگو ( 宝国 )

ياغلاقار باۋگو گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى. ئۇ مىلادىيە 1028 ـ يىلىدىن 1036 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان. ئۇنىڭ خاقان ياغلاقار تۇڭشۇن بىلەن بولغان نەسەبىي مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. 1028 ـ يىلى گەنجۇ شەھىرى قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ياغلاقار باۋگو قالدۇق ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ، خېشى كارىدورىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى سۇجۇ، گۇاجۇ ۋە شاجۇ رايونلىرىدا تاڭغۇتلارغا قارشى قانلىق جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. لېكىن، ئاخىرقى ھېسابتا بۇ رايونلارمۇ

تاڭغۇتلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. 1036 ـ يىلىدىكى بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭدە ياغلاقار باۋگو ۋاپات بولغان. شۇنىڭ بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى رەسمىي ئاغدۇرۇلۇپ، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىگە، يەنە بىر قىسمى تۇبۇتلەر رايونىغا كۆچۈپ كەتكەن، ئاز بىر قىسمى بولسا تاڭغۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتكەن.

---

ئىزاھاتلار:

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 576 ـ بەت.

② ④ ⑤ ⑨ ⑪ چېڭ سۇلو: «تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى، 128 ـ، 146 ـ بەتلەر.

③ ⑥ ⑧ ئا. گ. مالياۋكىن: «9 — 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى، 125 ـ، 128 ـ بەتلەر.

⑦ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. ۋاسساللار»، 197 ـ جىلد، 1 ـ باب، 4 ـ بۆلۈم (ئا. گ. مالياۋكىننىڭ «9 — 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 129 ـ بېتىدىن ئېلىنغان نەقىل).

⑩ ھەبىبۇللا خوجالەمجىنى: «گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى 4 ـ سان.

# VII ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

840 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ئىچكى نىزا، تەبىئىي ئاپەت ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن غەرب ۋە جەنۇبقا قاراپ كۆچكەن. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار پان تېكىننىڭ باشچىلىقىدا ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ خېشى كارىدورى ۋە غەربىي يۇرتقا يېتىپ كەلگەن ھەمدە بۇ جايلاردىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ گەنجۇ (كەڭسۇ) ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار (خاقانىيە) خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ خانلىقنى قۇرۇپ چىققان. نۆۋەتتە، يۇقىرىقى خانلىقلار ئىچىدىكى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى خاقانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى ئۈستىدە دۆلەت ئىچىدە ۋە سىرتىدا بەزى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 500 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ئۈستىدىكى نەسەبنامە تەتقىقاتى ئانچە سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلمىدى.

## 1. پان تېكىن

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، خانلىقنىڭ مۇھىم يولباشچىلىرىدىن بولغان پان تېكىن 15 قەبىلىلىك ئۇيغۇر ئاھالىسىنى باشلاپ ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلارغا كۆچكەن ھەمدە ئىلگىرى بۇ جايلاردا ياشىغان قارلۇقلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 856 — 857 - يىللىرى ئۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى باشلاپ تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ ئاگنى (قاراشەھەر) رايونىغا بېسىپ كىرگەن ھەمدە ئۆزىنى «يابغۇ» دەپ

جاكارلىغان. ئۇزاق ئۆتمەي، جەنۇبقا كۆچكەن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ خاقانى (يولباشچىسى) ئۇگە باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ئۇيغۇرلار خاقانسىز قالغان. بۇنداق ئەھۋالدا، پان تېكىن ئۆزىنى دەرھال «خاقان» دەپ جاكارلىغان، ئاگىنىدىكى يۇلتۇز دەريا ۋادىسى خانلىقنىڭ دەسلەپكى مەركىزى بولغان. خانلىقنىڭ شەرقتىكى زېمىنى تا بوغدا تېغىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، بۇ جايلاردا پان تېكىنگە قاراشلىق 200 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاھالىسى بولغان. بۇ ھال كېيىنكى دەۋرلەردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زۆرۈر شەرت ـ شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن. دېمەك، پان تېكىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، ئۇ مەزكۇر خانلىقنىڭ تۇنجى خاقانى ھېسابلىنىدۇ.

## 2. بۆگۈ تېكىن

بۆگۈ تېكىن بەزى ئۇيغۇرچە تەرجىمە ماتېرىياللىرىدا «بۇقا تېكىن»، «بۇقۇ جۇن»، «بارغۇت تېكىن»، «بۇقا خان» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. ئۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خاقانى بولۇپ، ئۇنىڭ تۇنجى خاقان پان تېكىن بىلەن بولغان ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. 9 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى بېشبالىق ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار بۇ يولباشچىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە تارقاق باسمىللار بىلەن بىرلىشىپ تىبەتلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغان. مىلادىيە 866 ـ يىلى بۆگۈ تېكىن ئۇيغۇر ۋە باسمىل قەبىلىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ تىبەتلەر كونتروللۇقىدىكى بېشبالىق، رۇمچە، قوچۇ قاتارلىق شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالغان ھەمدە قوچۇ ۋە بېشبالىقنى مەركەز قىلىپ قۇدرەتلىك ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. بۇ جايلاردىكى تىبەتلەرنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى شاڭ كۇڭرنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، تارقان مىغار تاش ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە ئەۋەتىلگەن. بۆگۈ

تېكىن ئۆزىنى باسمىللارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە «ئىدىقۇت» (بەخت ئىگىسى) دەپ ئاتىغان. بۇنىڭ بىلەن بۆگۈ تېكىن قۇرغان خانلىق «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن نام (بەزى مەنبەلەردە «غەربىي ئايماق ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى»، «ئەنشى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى»، «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى»، «تاغازغاز»، «توققۇز ئوغۇز» دېگەندەك ناملار - ئا) بىلەن ئاتالغان. ئومۇمەن، بۆگۈ تېكىن پان تېكىن قۇرغان خانلىق ئاساسىدا رەسمىي تۈردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. شۇڭا، بۆگۈ تېكىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 3. ناگارۋىش

ناگارۋىش ئەينى دەۋردىكى كۇسەن خاقانى. ئۇنىڭ بۆگۈ تېكىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە قوش خانلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، قوچۇ ۋە بېشبالىق چوڭ خانلىقىنىڭ، كۇسەن كىچىك خانلىقىنىڭ مەركىزى قىلىنغان. كۇسەن خانى يېرىم مۇستەقىل ھالەتتە بولۇپ، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلغان، ئىچكى جەھەتتىكى ئىشلارنى بولسا قوچۇدىكى چوڭ خان ئىدىقۇتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە باشقۇرغان. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. كۇسەن تەزكىرىسى» ۋە «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ۋاسساللار» دا بۇ ھەقتە: «كۇسەن ئۇيغۇرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا بىر تارمىقى. ئۇلار 〈غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى〉، 〈غەربىي ئايماق كۇسەن ئۇيغۇرلىرى〉، 〈كۇسەن ئۇيغۇرلىرى〉 دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ...»، «شيەن پىڭنىڭ 4 - يىلى 2 - ئايدا، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى كۇسەن خانى ناگارۋىش ئەلچى ئەۋەتىپ، سۇڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا ئات، تۆگە، خەنجەر ۋە سىرلانغان ئەسۋابلارنى ھەدىيە قىلدى. سۇڭ سۇلالىسى پادىشاھى بۇنىڭغا جاۋابەن ئەلچى ئارقىلىق

ناگارۋىشقا بىر توپ تاۋار ــ دۇردۇن، كۈمۈشتىن ياسالغان ھاراق رۇمكىلىرى، بىر ئالتۇن كەمەر قاتارلىق بويۇملارنى سوۋغا قىلدى...» دېگەندەك خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئەينى دەۋردە كۈسەن خانى گەرچە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولسىمۇ، لېكىن دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان. بۇ ھەقتە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىمۇ قىممەتلىك مەلۇماتلار بار. بىراق، بۇ دەۋردىكى قوچۇ ۋە بېشبالىق شەھەرلىرىدە تۇرىدىغان چوڭ خاقان توغرىسىدا ھازىرچە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

## 4. پراجىنىياتالوي

پراجىنىياتالوي ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كۈسەن خاقانلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ناگارۋىش بىلەن بولغان ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىگە بېغىشلانغان بەزى مەنبەلەردە پراجىنىياتالوي تۆت قېتىم كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن، «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ۋاسساللار» دا: «تيەنشىنىڭ تۇنجى يىلى (1017 ــ يىلى) 4 ــ ئايدا، خاقان پراجىنىياتالوي ئەلچى جاڭ خۇيەننى قاشتېشى، ئات ۋە دورا ــ دەرمەكلەرنى تارتۇق قىلىشقا ئەۋەتتى؛ 6 ــ ئايدا جاڭ خۇبەن قاتارلىقلار تەبىئىي قاشتېشى، بىر تۇياق ئات، قاشتېشىدىن ياسالغان ئىگەر ۋە يۈگەن ھەدىيە قىلدى؛ تيەنشىنىڭ 4 ــ يىلى (1020 ــ يىلى) 12 ــ ئايدا، ئارسلانخان پراجىنىياتالوي ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، چوڭ قويرۇقلۇق قوي ھەدىيە قىلدى؛ تيەنشېڭنىڭ 2 ــ يىلى (1023 ــ يىلى) 4 ــ ئايدا، خاقان پراجىنىياتالوي ئەلچى ئارقىلىق تۆگە، ئات، قاشتېشى، مەستىك قاتارلىقلارنى تارتۇق قىلدى؛ تيەنشېڭنىڭ 9 ــ يىلى (1031 ــ يىلى) 1 ــ ئايدا، كۈسەن خاقانى پراجىنىياتالوي لى

يەنچىلىڭ قاتارلىقلارنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، داڭلىق ئات، مەستىك ۋە نۆشۈدۈر قاتارلىقلارنى ھەدىيە قىلدى» دېگەندەك مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. لېكىن، بۇ دەۋردىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چوڭ خاقانى توغرۇلۇق ئېنىق مەلۇمات يوق.

## 5. بىلگە تېكىن

بىلگە تېكىن 12 ـ ئەسىرنىڭ 20 — 30 ـ يىللىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانى بولغان. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دا قەيت قىلىنىشىچە، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، جۇرجىتلارنىڭ شەرقىي شىمالىي رايونىدا باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن شۇ دەۋر ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. 1123 ـ يىلى جۇرجىتلار لياۋ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى يەنجىڭنى ئىشغال قىلغان. ئىككىنچى يىلى خان جەمەتىدىن بولغان ياللۇغ تاشىن خاقان تيەنزۇ بىلەن سىياسىي كۆزقاراش جەھەتتە بىرلىككە كېلەلمەي، قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ غەربكە قاراپ قاچقان ھەمدە 1130 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ ئالدى بىلەن ئىدىقۇت خاقانى بىلگە تېكىنگە خەت يېزىپ، كىدانلار (قىتانلار) بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان ئۆزئارا ئىناق ئۆتكەنلىكىنى سەممىيلىك بىلەن تىلغا ئېلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدىن ئۆتۈۋېلىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ھال خاقان بىلگە تېكىننى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن. نەتىجىدە بىلگە تېكىن ياللۇغ تاشىننى بېشبالىق شەھىرىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئالتەيۈز ئات، يۈز تۆگە، ئۈچ مىڭ تۇياق قوي تەقدىم قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ ئۆز تېررىتورىيىسىدىن ئۆتۈۋېلىشىغا رۇخسەت قىلغان. لېكىن، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ياللۇغ تاشىن قۇرغان غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ ھالەت تاكى 13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى

يىللىرىغىچە داۋاملاشقان.

### 6. ئاسان تېمۇر

ئاسان تېمۇر غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاقانى. ئۇنىڭ بىلگە تېكىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى»دا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ خاقانلىق تەختىدىكى ۋاقتىدا قارايىغاچ بۇيرۇق ئىسىملىك كىشىنىڭ ناھايىتى ئەقىللىقلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئاگىندىن ئالاھىدە يۆتكەپ كېلىپ، زالىم ھەكەملىك مەنسىپىگە تەيىنلىگەن. ئۇنىڭ باشقا ئىش - پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق مەلۇمات يوق.

### 7. بارچۇق ئارت تېكىن

بارچۇق ئارت تېكىن ئاسان تېمۇرنىڭ ئوغلى. ئۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانى بولغان. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا قاراتقان ئېكسپىلاتاتسىيىسى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشقان. بۇ ھال ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن موڭغۇللارغا بولغان مايىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. 1209 - يىلى خاقان بارچۇق ئارت تېكىن قاراقىتانلارنىڭ قوچۇدا تۇرۇشلۇق دارۇغاچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزى قاراقورۇمغا ئەلچى ئەۋەتىپ چىڭگىزخاننىڭ ھامىيلىقىدا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 1211 - يىلى تەكلىپكە بىنائەن قاراقورۇم شەھىرىگە كېلىپ، چىڭگىزخاننىڭ داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. چىڭگىزخان ئۆز قىزى ئالتان بېكەنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ بەشىنچى

ئوغلى دەپ ھېسابلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن, بارچۇق ئارت تېكىن ئۆز خوتۇنىنىڭ كۆندەشلىك قىلىشى سەۋەبىدىن، چىڭگىزخاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلانغان. خاقان بارچۇق ئارت تېكىن ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىڭگىزخاننىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1218 ـ يىلى چىڭگىزخان 20 مىڭ كىشىلىك موڭغۇل قوشۇنىنى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى كۈچلۈكنى يوقىتىشقا ئەۋەتكەندە، بارچۇق ئارت تېكىنمۇ 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ چىڭگىزخاننىڭ كۈچلۈكنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەمدە بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. 1219 ـ يىلىغا كەلگەندە، چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭىكەنت، خارەزىم، سەمەرقەنت، بۇخارا ۋە ئىراننىڭ مەرۋى، نىشاپور شەھەرلىرىگە قارىتا جازا ئۇرۇشى باشلىغان. ئۇرۇشتا بارچۇق ئارت تېكىن ئون مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنىنى باشلاپ باشتىن ـ ئاخىر تولۇق قاتناشقان ھەمدە ئالدىنقى سەپتە تۆرۈپ قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلغان. شۇڭا، چىڭگىزخان بارچۇق ئارت تېكىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى «ئىنتىزامى ناھايىتى كۈچلۈك، تەڭدىشى يوق بىر قوشۇن بولۇپ، بىزگە ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى» دەپ تەرىپلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا، بارچۇق ئارت تېكىننىڭ قوماندانلىرىدىن بولغان ئالابارىس باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى 1219 ـ يىلىدىكى قەشقەر، خوتەن ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇيغۇر قوماندانلىرىدىن يولۇن تېمۇر، بۇلۇق، گەسمەرى قاتارلىقلار موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قوماندانلىق ئىشلىرىغا بىۋاسىتە قاتناشقان. 1223 ـ يىلى چىڭگىزخان تاڭغۇتلارغا قارشى ھەربىي يۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، بارچۇق ئارت تېكىنمۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىڭگىزخان بىلەن

بىللە تاڭغۇتلارغا قارشى جەڭ قىلغان. ئومۇمەن، بارچۇق ئارت تېكىن چىڭگىزخاننىڭ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، خېشى كارىدورى قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرۇشتىكى ھەربىي پائالىيەتلىرىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. شۇڭا، چىڭگىزخان بارچۇق ئارت تېكىن خاقانلىقىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىق ئورنىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلغان ھەمدە مىراس تەقسىم قىلىشتا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنىنى ئۆز ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرمىگەن.

## 8. چۇشمەس (قۇسمايىن)

چۇشمەس بارچۇق ئارت تېكىننىڭ چوڭ ئوغلى. بارچۇق ئارت تېكىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چۇشمەس ئوگداي خاننىڭ ھوزۇرىغا تازىمغا بارغان. ئوگداي خان بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئالاھىدە تۆھپىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، چۇشمەسنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىقىغا تەيىنلىگەن ھەمدە ئۆز قىزى ئارغۇن بىكەنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان. خانىش نايمانجىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقاندا چۇشمەس ۋاپات بولغان. خاقان چۇشمەس ھەققىدە «تارىخى جاھان كۇشاي»، «يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق تارىخي مەنبەلەردە قىسمەن خاتىرىلەر بار.

## 9. سالۇن تېكىن

سالۇن تېكىن چۇشمەسنىڭ ئىككىنچى ئىنىسى. ئۇ ئوگداي خاننىڭ تۇل خوتۇنى تۇرگىنە خاتۇن نايىب خانلىقتا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1251 ـ يىلى تولىنىڭ چوڭ ئوغلى مۆڭكۈ موڭغۇللارنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندا، سالۇن

تېكىن يەنىلا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانى سۈپىتىدە مۆڭكۈ خاننىڭ ئوردىسىغا تازىمغا بارغان. بۇ چاغدا، مۆڭكۈ خان ئۆز رەقىبى بولغان ئوگداي جەمەتلىرىنى تازىلاۋاتقاچقا، سالۇن تېكىننىڭ ئىلگىرى ئوگداي جەمەتىگە ساداقەتمەن بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بېشبالىق شەھرىدە تارقالغان «سالۇن تېكىن بېشبالىقتىكى مۇسۇلمانلارنى قىرىۋېتىش توغرىسىدا پەرمان بېرىپتۇ» دېگەن ئىغۋانى باھانە قىلىپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ۋەزىرىنى تۆھمەت بىلەن ئۆلتۈرگەن ھەمدە ئۇنىڭ ئىنىسى ئوگرۇنج تېكىننى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يېڭى خاقانى قىلىپ تەيىنلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئوگداي جەمەتىگە يېقىنلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈرگەن. ئۇيغۇرلار رايونىغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيتكەن.

## 10. ئوگرۇنج تېكىن

ئوگرۇنج تېكىن بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى، سالۇن تېكىننىڭ ئىنىسى. جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھان كۇشاي» ناملىق ئەسىرىدە زىكرى قىلىنىشىچە، سالۇن تېكىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى ئوگرۇنج تېكىن مۆڭكۈ خاننىڭ ھوزۇرىغا تازىمغا بارغان. مۆڭكۈ خان ئۇنى ئاكىسىنىڭ خاقانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشقا قويغان. بۇ ئىش مىلادىيە 1252 — 1253 - يىللىرى يۈز بەرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۆڭكۈ خان بىلەن ئوگداي جەمەتى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەش ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىگىمۇ تۇتىشىشقا باشلىغان.

## 11. مامۇراق تېكىن

«ئىدىقۇت قوچۇ خانلىرى تۆھپىسى مەڭگۈ تېشى» دا تىلغا ئېلىنىشىچە، مامۇراق تېكىن بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئوغلى

ئۆگرۈنچ تېكىننىڭ ئىنىسى بولۇپ، ئۆگرۈنچ تېكىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن خاقانلىق تەختىگە ئولتۇرغان. مىلادىيە 1258 ـ يىلى مۆڭكۈ خان نۇرغۇن قوشۇنغا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ، ھازىرقى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ ئىستىھكام قۇرۇپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىغان ۋاقىتتا، ئۇ ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ خېجۇ ئايمىقىدىكى دياۋيۇسەن تېغىغا ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە بىلەن قايتقان ھەمدە مۆڭكۈ خاننىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. مۆڭكۈ خان ۋاپات بولغان (1259 ـ يىلى) دىن كېيىن، ئۇ يەنە قۇبلاي خان بىلەن بىرلىشىپ يۈەن سۇلالىسىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى ھەربىي پائالىيەتلىرىگە غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

## 12. قوچقار تېكىن

قوچقار تېكىن مامۇراق تېكىننىڭ ئوغلى. ئۇ 1266 ـ يىلى قۇبلاي خاننىڭ تەيىنلىشى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانى بولغان ھەمدە قۇبلاي خانغا يېقىندىن ماسلىشىپ، قۇبلايغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ئوگداي، چاغاتاي ئەۋلادلىرى — قايدۇ ۋە دۇۋاغا قارشى جەڭ قىلغان. 1270 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، قايدۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قوچقار تېكىن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ قۇبلاي خاننىڭ قوشۇنلىرىغا قېتىلىپ بىرلىكتە جەڭ قىلغان ھەمدە قايدۇنىڭ ئىسيانچى قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. 1275 ـ يىلىغا كەلگەندە غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، دۇۋا ۋە قايدۇ 120 مىڭ كىشىلىك ئىسيانچى قوشۇننى باشلاپ قوچۇ شەھىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. بۇ چاغدا خاقان قوچقار تېكىن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ، قوچۇ شەھىرىنى يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت

جەسۇرلۇق بىلەن مۇداپىئە قىلغان. لېكىن، ئىككى تەرەپ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ناھايىتى زور پەرق بولغانلىقى سەۋەبىدىن، قوچۇ شەھىرى ئاخىر قولدىن كەتكەن. ئۇرۇشتىن كېيىن قوچقار تېكىن قۇبلاي خاننىڭ ئوردىسىغا تازىمغا بارغان. قۇبلاي خان ئۇنىڭغا ئوگدايىنىڭ نەۋرىسى باھار بىكەنى ياتلىق قىلغان ھەمدە ئۇنى ئون مىڭ يامبۇ كۈمۈش بىلەن مۇكاپاتلىغان. بۇ ئىشتىن كېيىن، خاقان قوچقار تېكىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا پايتەختىنى قوچۇدىن قۇمۇلغا يۆتكىگەن. كېيىن قايدۇ يەنە بىر قېتىم زور قوشۇن باشلاپ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ تاكى ئۆلگىچە باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. ئەمما، قۇمۇل شەھىرىمۇ قولدىن كېتىپ، ئۇنىڭ ئوغلى نۇرىن تېكىن ئۆز ئاھالىسىنى باشلاپ گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭ تەۋەسىگە كۆچۈپ ماكانلاشقان.

## 13. نۇرىن تېكىن

نۇرىن تېكىن قوچقار تېكىننىڭ چوڭ ئوغلى. ئۇ 1308 — 1318 - يىللىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانى بولغان. قوچقار تېكىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىگە قاراشلىق ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى باشلاپ يۇڭچاڭغا كۆچكەن ھەمدە يۈەن سۇلالىسى بىلەن باشتىن - ئاخىر قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. قۇبلاي خان ئۇنى ئالاھىدە ئىززەتلەپ، ئۇنىڭغا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بۇرھان بىكە ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى باباچانى خوتۇنلۇققا بەرگەن. يۈەن دېزۇڭ دەۋرى (1312 - 1321) دە بۇرۇنقى ئادەت بويىچە، نۇرىن تېكىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىقىغا قايتىدىن تەيىنلەنگەن. پادىشاھ يۈەن دېزۇڭ ئۇنىڭغا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە ئىشلىتىلىدىغان ئىككى خىل ئالتۇن تامغا تارتۇق قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا ياردەملىشىدىغان ۋەزىر تەيىنلەپ بەرگەن. مەلىكە باباچا ئۆلگەندىن كېيىن، يۈەن دېزۇڭ قۇبلاينىڭ نەۋرىسى ئانەندانىڭ قىزى ئوراجىننى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا

بەرگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە نۇرىن تېكىن يەنە «ئالتۇن جۇلالىق تۆرە، خانلىق مۇئەككىلى» ئۇنۋانى بىلەن ئون مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنىنى تىبەت رايونىغا باشلاپ كىرىپ، ئوغرى - قاراقچىلارنى يوقىتىپ خەلقنى خاتىرجەم قىلغان ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەي يۇڭچاڭدىن قوچۇ شەھىرىگە قوشۇن باشلاپ چىقىپ، بۇ جايدا يېڭىۋاشتىن ئۇيغۇر شەھىرى سالدۇرغان. 1318 - يىلى ۋاپات بولغان.

## 14. تېمۇر بۇقا

تېمۇر بۇقا نۇرىن تېكىننىڭ چوڭ ئوغلى، ئوگداينىڭ نەۋرىسى مەلىكە باباچادىن تۇغۇلغان. ئۇ ۋەلىئەھدى كۆتىنىنىڭ نەۋرە قىزى دۇرياسىمەننى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ئىشلەك ئاغالىق مەنسىپىدە تۇرغان ھەمدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانى بولۇش سۈپىتى بىلەن خانلىقنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە گەنجۇ، سۈجۇ ئايماقلىرىدا تۇرۇشلۇق يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. كېيىن يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ دىۋان ۋەزىرى، ئالىي دۆلەت ئەركانى، قارا دىۋان مىرزىسى، زوراغالىق بېگى، دىۋان پۈتۈكچىسى، سول قول ۋەزىر، ۋەلىئەھدىنىڭ ھەرەم ئىشلىرى ئەمەلدارى، ئوردا باش تەپتىشبېگى قاتارلىق مەنسەپلەردە ئولتۇرغان.

## 15. سەڭگى تېكىن

سەڭگى تېكىن نۇرىن تېكىننىڭ ئىككىنچى ئوغلى، ئوگداي خاننىڭ نەۋرە قىزى مەلىكە باباچادىن تۇغۇلغان. «ئىدىقۇت قوچۇ خانلىرى تۆھپىسى مەڭگۈ تېشى»دا خاتىرىلىنىشىچە، تېمۇر بۇقا يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ۋەزىر بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ئىنىسى

سەڭگىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشقا قويغان ھەمدە پادىشاھ مىڭزۇڭدىن ئىنىسىنى «سەڭگى تېكىن» نامىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ رەسمىي خاقانلىقىغا تەيىنلەشنى تەلەپ قىلغان. پادىشاھ مىڭزۇڭ بۇرۇنقى ئادەت بويىچە، تېمۇر بۇقىنىڭ ئىنىسى سەڭگى تېكىننى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىقىغا تەيىنلىگەن. بۇنىڭ بىلەن سەڭگى تېكىن 1331 ـ يىلىغىچە خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغان.

### 16. تايپان (ئاسايىش تېكىن)

تايپان نورىن تېكىننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى، قۇبلاي خاننىڭ ئەۋرە قىزى مەلىكە ئۇراجىنىدىن تۇغۇلغان. «ئىدىقۇت قوچۇ خانلىرى تۆھپىسى مەڭگۈ تېشى»دا بايان قىلىنىشىچە، سەڭگى تېكىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى تايپان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. «يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى»دا زىكرى قىلىنىشىچە، سەڭگى تېكىن 1331 ـ يىلى ئىنىسى تايپاننى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىقىغا تەيىنلىگەندىن كېيىن ۋاپات بولغان. تايپان مىلادىيە 1335 ـ يىلىغىچە خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغان.

### 17. يۇر تېمۇر

يۇر تېمۇر تايپاننىڭ ئوغلى. ئۇ تايپان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1352 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى شۈندىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بىلەن بىللە شياڭياڭ، نەنياڭ، دېڭجۇلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلغان ھەمدە بۇ جايلاردىكى شۇشوۋخوي باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرغان. يۇر تېمۇر

خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىل يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرى بولغاچقا، ئۇ ئاساسەن خىيەن، شياڭياڭدىن ئىبارەت ئىككى يولدا تۇرۇپ، يۈەن سۇلالىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.

## 18. ساڭگا

ساڭگا يۇر تېمۇرنىڭ ئوغلى. «يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى» دا يۇر تېمۇرنىڭ تايپاننىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى، يۇر تېمۇر ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ساڭگانىڭ تەخت ۋارىسى بولغانلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

بۇنىڭدىن باشقا، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. شۈندى خان تەزكىرىسى» دە، 1353 ـ يىلى خاقان يۇر تېمۇرنىڭ ئەنياڭدا ئۆلگەنلىكى، ئورنىغا ئوغلى ساڭگانىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى بايان قىلىنغان. لېكىن، ساڭگا خاقانلىق تەختىگە چىققان مەزگىلدە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئاللىبۇرۇن نامدا بار ئەمەلىيەتتە يوق خانلىققا ئايلىنىپ قالغان.

# ئاخىرقى سۆز

ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان تارىخ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا زادى قانچە خاقان ئۆتكەنلىكى، ئەڭ ئاخىرقى خاقاننىڭ كىملىكى، خانلىقنىڭ قاچان ئاغدۇرۇلغانلىقى ۋە ئاخىرقى خاقانلار نەسەبنامىسىنىڭ قانداقلىقىغا ئوخشاش مەسىلىلەر يەنىلا ئايدىڭلاشتۇرۇلمىدى. بەزى مەنبەلەردە «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى 1277 ـ يىلى ئاغدۇرۇلغان، قوچقار تېكىن خانلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى» دېيىلگەن. يەنە بەزى خاتىرىلەردە «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى 1353 ـ يىلى ئاغدۇرۇلغان،

ساڭگا خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى» دېيىلگەن. شۇڭا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى (1368 ـ يىلى) بىلەن كېلىپ چىققان ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىغا ئالاقىدار خاتىرىلەرنىڭ ئۈزۈكچىلىكى پەيدا قىلغان يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە قارىتا ئېھتىياتچانلىق پوزىتسىيىسىدە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزىرىدىن ساقىت قىلىنغان ئايرىم خاتىرىلەر مەزكۇر ساھە تەتقىقاتچىلىرىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. مەسىلەن، بۇ ھەقتە: «مىلادىيە 1393 ـ يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنلا، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولدى؛ مىلادىيە 1393 ـ يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى موغۇلىستان خانلىقى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى؛ مىلادىيە 1393 ـ يىلى خىزىر خوجا نۇرغۇن قوشۇن باشلاپ، تۇرپان ۋە قاراغوجا رايونىغا ھۇجۇم قىلدى، ئىدىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ 527 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوق قىلدى ۋە بۇ رايونغا ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي تارقاتتى» دېگەندەك مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. بۇ خاتىرىلەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە تەئەللۇق ناھايىتى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن يۇقىرىقى ئېنىقسىز مەسىلىلەرگە قارىتا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

---

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① جېڭ سولو: «تاڭ، سوڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.

③ د. ئى. تىخونوف «10 — 14 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى»، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى «پەنلەر» نەشرىياتى، 1966 ـ يىلى موسكۋا ـ لېنىنگراد نەشرى.

④ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.

⑤ ئەن بۇ جيەنفۇ: «غەربىي يۇرت ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

⑥ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.

⑦ فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلو، مۇگۇاڭۇيېن قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن قىسقىچە مەلۇمات»، 1 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى.

⑧ ئابدۇلئەھەد نۇرىدىن تۈزگەن «تارىخ ئاتالغۇلىرى تەرجىمە قوللانمىسى»، ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

⑨ ئا. گ. مالياۋكىن: «9 — 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى.

# VIII قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

قاراخانىيلار خانلىقى — ئۇرخۇن دەريا ۋادىسىدىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر ياغما قەبىلىسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان مەشھۇر خانلىق بولۇپ، 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە جەمئىي ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن. قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان ھالدا شەرقتە ئاقسۇدىن غەربتە ئامۇ دەرياسى ۋە سىر دەرياسى ۋادىلىرىغىچە، شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن جەنۇبتا قاراقۇرۇم تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى باشقۇرغان. بۇ خانلىق دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر پەيدىنپەي ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتى دائىرىسىگە كىرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى» نىڭ تەرەققىيات دەۋرى باشلىنىپ، تارىختىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلەردىن زور دەرىجىدە تولۇقلىنىپ بارغان. شۇڭا، قاراخانىيلار دەۋرى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. نۆۋەتتە، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىساد نۇقتىلىق ھالدا تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ. لېكىن، خانلىقنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى، سىياسىي تۈزۈمى ۋە ھاكىمىيەت تەشكىلى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار ئانچە چوڭقۇر ئەمەس. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ جەمئىيىتى ھەمدە ئومۇمىي تارىخىنى بىر قەدەر تەپسىلىي شەرھلەپ بېرىش ئۈچۈن، خاقانلار نەسەبنامىسى ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. بىلگە كۆل قادىرخان

بىلگە كۆل قادىرخان ياغما قەبىلىسىنىڭ باشلىقى. بۇ قەبىلە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ناھايىتى زور رول ئوينىغان بولۇپ، مىلادىيە 840 - يىلى خانلىق يىمىرىلگەندىن كېيىن، پانتېكىن باشچىلىقىدىكى غەربكە كۆچكەن 15 قەبىلە تەركىبىدە سىر ۋە تالاس دەريا ۋادىلىرىنى ئاساس قىلغان قارلۇقلار رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ يۈكسەك جەڭگىۋارلىقى بىلەن قارلۇق خانلىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ، بىر قاتار ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلارغا ئېرىشكەن. مىلادىيە 870 - يىلى ياغما قەبىلىسى تېخىمۇ قۇدرەت تېپىپ، قارلۇق خانلىقىغا يېقىندىن ماسلاشقان ھالدا غەربتىكى سامانىيلار خانلىقى (875 - 999) غا قارشى نۇرغۇن جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان، ئارقىدىنلا يەنە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۇ، قەشقەر رايونى ۋە پامىر تاغلىرى ئەترابىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن. نەتىجىدە، قارلۇق خانلىقى بارا - بارا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، ياغما قەبىلىسى ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشكە باشلىغان. مىلادىيە 880 - يىلىغا كەلگەندە ياغما قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بىلگە كۆل قادىرخان بالاساغۇن شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، قارلۇق خانلىقىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى كونترول قىلغان ھەمدە چوڭ ئوغلى بازىر تېكىنگە «ئارسلانخان» دېگەن نامنى بېرىپ بالاساغۇن شەھىرىنى باشقۇرۇشقا؛ كىچىك ئوغلى ئوغۇلچاق تېكىنگە «بۇغراخان» دېگەن نامنى بېرىپ تالاس شەھىرىنى باشقۇرۇشقا قويغان. بۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاساسى رەسمىي ھالدا تۇرغۇزۇلۇپ، بالاساغۇن شەھىرى خانلىقنىڭ پايتەختى قىلىنغان. ئۇزاق ئۆتمەي بىلگە كۆل قادىرخان ۋاپات بولغان.[1]

## 2. بازىر ئارسلانخان

بازىر ئارسلانخان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خاقانى.

ئۇ بەزى مەنبەلەردە «بارلىقخان»، «قاراخان» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان②. بىلگە كۆل قادىرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ بالاساغۇن شەھىرىدە ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئىنىسى ئوغۇلچاق بولسا بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا «بۇغراخان» نامىدا تالاس شەھىرىدە تۇرغان. مىلادىيە 893 ـ يىلى سامانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى ئىسمائىل بىننى ئەھمەد زور قوشۇن بىلەن تالاس شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇغراخان ئوغۇلچاقنىڭ خانىشى ۋە 15 مىڭدەك ئادىمىنى ئەسىر ئالغان. ئوغۇلچاق نائىلاج ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ تالاستىن قەشقەر شەھىرىگە چېكىنگەن ھەمدە بۇ جايدا سامانىيلار خانلىقىغا قارشى جىددىي ھەربىي تەييارلىقتا كىرىشكەن. مىلادىيە 914 ـ يىلى خاقان بازىر ئارسلانخان بالاساغۇن شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

## 3. ئوغۇلچاق بۇغراخان

ئوغۇلچاق بۇغراخان ئاكىسى بازىر ئارسلانخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىدە خاقانلىق تەختىگە چىققان. 915 ـ يىلىدىن 932 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان ئەسلى قائىدە بويىچە، قاراخانىيلارنىڭ تەختىگە بازىر ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ساتۇق تېگىن ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك ئىدى، بىراق ئۇ ئۆز دەۋرىدە تېخى يېشىغا يەتمىگەن كىچىك بالا بولغاچقا، تەختكە تاغىسى ئوغۇلچاق بۇغراخان ۋارىسلىق قىلغان. ئوغۇلچاق بۇغراخان دەۋرىدە قاراخانىيلار خانلىقى زور دەرىجىدە قۇدرەت تاپقان. ئالدى بىلەن قاراخانىيلارنىڭ كۈچلۈك رەقىبى بولغان سامانىيلار خانلىقى ئوردىسىدا كەسكىن تەخت تالىشىش كۈرىشى يۈز بېرىپ، ھەقىقىي تەخت ۋارىسى بولغان ئەبۇ نەسىر سامانى ئاكىسى ئابۇ ھەسەن نەسىر بىننى ئەھمەد تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ نەسىر سامانى قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىگە كېلىپ، ئوغۇلچاقنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتكەن. ئوغۇلچاق ئەبۇ نەسىر سامانىنى قوللاپ،

سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا باشلىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ ئاكىسى ئەبۇ ھەسەن نەسىر بىننى ئەھمەد ئىنىسىنى قوللىغان سەمەرقەند مانى ئۇيغۇرلىرىغا قارىتا زور كۆلەملىك قىرغىنچىلىق ئورۇشلىرىنى ئېلىپ بارغان. بۇ ئورۇشتا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر مانى روھانىلىرى ئېچىنىشلىق تۈردە ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قارلۇق خانلىقىنىڭ مۇسۇلمان ئاقسۆڭەكلىرىمۇ ئۆز تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى داۋاملىق تۈردە باستۇرغان. بۇنداق ئەھۋالدا، سەمەرقەند ۋە بالاساغۇن قاتارلىق جايلاردىكى زەربىسىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى قەشقەر شەھرىگە كۆچۈپ كېلىپ ئوغۇلچاقنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتكەن ھەمدە قاراخانىيلارنىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە تولۇقلىغان. شۇنىڭ بىلەن، قاراخانىيلار خانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن بىر قاتار يېغىلىقلاردىن خالىي بولۇپ، ئاستا – ئاستا قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان. خاقان ئوغۇلچاقمۇ ئۆز ئورنىنى پەيدىنپەي مۇستەھكەملەپ، جىيەنى ساتۇق تېكىننى چەتكە قاققان ھەمدە ۋارىسلىق ھوقۇقىنى ئۆز ئوغلىغا بەرمەكچى بولغان. بۇ ھال 16 ياشلارغا بېرىپ قالغان ساتۇق تېكىننىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. دەرۋەقە، ساتۇق تېكىن ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ تەسىرى بىلەن مەخپىي ھالدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئالدىغا مۇرىد توپلىغان ھەمدە تاغىسىدىن ئاتىسىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئاستىنئاتۇشتا زور تەييارلىقلارنى ئېلىپ بارغان[3]. مىلادىيە 932 – يىلىغا كەلگەندە، ئۇ بىر قاراڭغۇ كېچىدە ئۆز يېقىنلىرىدىن 40 كىشىنى باشلاپ ئوردىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ تاغىسى ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئائىلە – تاۋابىئاتلىرىنى ئۆلتۈرگەن ھەمدە قاراخانىيلارنىڭ تەختىنى تارتىۋالغان.

## 4. ساتۇق بۇغراخان

• ساتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار خاقانلىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ

ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشى. 933 ـ يىلىدىن 955 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىسلام دىنىنى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەن[4] ھەمدە دىنىنى ئاساسىي بايراق قىلغان ھالدا تۆۋەندىكىدەك بىرقاتار ھەربىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان:

بىرىنچى، مىلادىيە 942 ـ يىلى ئۇ ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ ئوغلى ئەلپەتتاھ بىلەن بىللە قوشۇن باشلاپ نارىن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئىشغال قىلغان. ئارقىدىنلا بالاساغۇن شەھىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، بۇ شەھەرنى ئىگىلىگەن ھەمدە قارلۇق خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن، ساتۇق بۇغراخان «قاراخان» ، «سۇلتان» ، «سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان ئابدۇلكەرىم»[5] دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان.

ئىككىنچى، مىلادىيە 949 ـ يىلى ساتۇق بۇغراخان ئەلپەتتاھ ۋە ئۆز ئوغلى مۇسا تېكىننىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى جەڭگە ئەۋەتكەن. قوشۇن ناھايىتى دەبدەبە بىلەن يولغا چىقىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كۇچا، كورلا، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان. ئاندىن يەنە توقسۇن ئارقىلىق ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى بولغان بېشبالىق شەھىرىگە يۈرۈش قىلغان. بىراق، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەل ۋاقتىدا قوشۇن چىقىرىپ، ئەلپەتتاھ باشچىلىقىدىكى قاراخانىيلار قوشۇنىنى قاتتىق تارمار قىلغان. بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، مۇسا تېكىن بىر بۆلۈك قوشۇنلىرىنى باشلاپ قاراشەھەرگە چېكىنگەن. مىلادىيە 954 ـ يىلىغا كەلگەندە، ساتۇق بۇغراخان ئېغىر كېسەلگە دۇچار بولۇپ قالغاچقا، قاراشەھەردە تۇرۇۋاتقان مۇسا تېكىن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تا كۇچاغىچە بولغان زېمىنلىرىنى قايتىدىن ئۆز قولىغا ئالغان.

ئۈچىنچى، ساتۇق بۇغراخان ئۇدۇندىكى بۇددىست ئۇيغۇر

ھاكىمىيىتىگە قارشى بىر قاتار غازات ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارغان. لېكىن، بۇ ئۇرۇشلاردا تىلغا ئالغۇدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە يەتتەسۇ رايونى ۋە بالقاش كۆلى ئەتراپىدا پارتلىغان ياغمىلار قوزغىلىڭىنى قاتتىق باستۇرۇپ، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى رايونلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى تۇراقلاشتۇرغان.

ئومۇمەن، ساتۇق بۇغراخان ئۆز ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرغان، يەنە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى يىلمۇيىل كېڭەيتىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تەسىرىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتكەن. مىلادىيە 955 ـ يىلى ئۇ ئاتۇشنىڭ سوغۇندا ۋاپات بولغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن 37 مىڭ مۇسۇلمان كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى ئاستىنئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىغا دەپنە قىلغان.[6]

## 5. مۇسا تېكىن

مۇسا تېكىن بەزى تارىخىي مەنبەلەردە «مۇسا تۇڭا ئېلىگ»، «بايتاش تېكىن»، «مۇسا ئىبنى ئالدۇلكەرىم»، «مۇسا بۇغرا قاراخان» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان[7]. 956 ـ يىلىدىن 992 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، پۈتكۈل خانلىق تەۋەسىدە ئىسلام دىنىنى كۈچەپ يولغا قويغان ھەمدە غەيرىي ئىسلام دىنىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئۇدۇن بۇددىست ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىگە قارشى قانلىق جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە 200 مىڭ چېدىر تۈرك ئىسلام دىنىغا كىرگەن[8]. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ھەربىي ھەرىكەتلەر داۋامىدا ئۇ ئالدى بىلەن مىلادىيە 961 ـ يىلى ئۆزى شەخسەن زور قوشۇن

باشلاپ ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ ئىدىقۇت شەھىرىگىچە يېتىپ بارغان. شۇ يىلى ئۇنىڭ ئىنىسى سۇلايمان ئارسلانخان ۋە ئەلپەتتاھ باشچىلىقىدىكى قوشۇن بالاساغۇن شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، ئىلى دەريا ۋادىسى ئارقىلىق بېشبالىق شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان. دەرۋەقە، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭلەر بولۇپ، ئاخىر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قاراخانىيلارغا قارام بولغان[6]. مۇسا تېكىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاقانىغا «ئارسلانخان»، «ئارسلان تۇتۇق» دېگەندەك ھۆرمەت ناملىرىنى بەرگەن.

مۇسا تېكىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، قوشۇنلارنى بىر مەزگىل تەرتىپكە سېلىپ يەكەن ۋە ئۇدۇنغا يۈرۈش قىلغان. لېكىن، ئۇدۇن بۇددىستلىرىنىڭ خاقانى ياغلاقاقالۇ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، قاراخانىيلار قوشۇنىغا زادىلا يول بەرمىگەن ۋە مىلادىيە 971 - يىلى ناھايىتى كۆپ قوشۇن بىلەن قاراخانىيلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ قاغىلىق، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان ھەمدە قاراخانىيلار قوشۇنىنى تا قەشقەر شەھىرىگىچە قوغلاپ كەلگەن. بۇنداق ئەھۋالدا، مۇسا تېكىن بالاساغۇندىكى ئىنىسى سۇلايمان ئارسلانخاندىن ياردەم سوراپ، ئۇنىڭ قوشۇنىنى قەشقەرگە يۆتكىگەن ھەمدە ياغلاقاقالۇغا قارشى قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن، قاغىلىق ئىككى تەرەپنىڭ ۋاقىتلىق چېگرا پاسىلى بولۇپ قالغان.

مۇسا تېكىن يۇقىرىقىدەك ھەربىي ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە خانلىقنىڭ ئۆزىگە خاس ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنىمۇ قۇرۇپ چىققان. مەسىلەن، خانلىقتا «بۇغراخان» ياكى «قاراخان» ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمران ھېسابلانغان. «ئارسلانخان» بولسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھۆكۈمران بولۇپ، ئادەتتە

چوڭ خاقاننىڭ ئورۇنباسارلىقى ھەم كىچىك خانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭدىن قالسا دەرىجە بويىچە «يۇغرۇش» (باش ۋەزىر)، «ئىمام» (دىنىي ئىشلار ۋەزىرى)، «قازى» (باش سوت ۋەزىرى)، «سوۋباشى» (باش قوماندان)، «ھاجىپ» (ئوردا ئىشلىرى ۋەزىرى) قاتارلىق ئەمەلدارلار بولغان. دېمەك، مۇسا تېكىن دەۋرىدە قاراخانىيلار خانلىقى پەقەت ھەربىي جەھەتتە قۇدرەت تېپىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتىمۇ خېلى مۇستەھكەملەنگەن. مىلادىيە «992 ـ يىلىغا كەلگەندە، مۇسا تېكىن قەشقەر شەھىرىدە ۋاپات بولۇپ، ئاتۇشنىڭ ئازغان يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان»[1].

## 6. ھارۇن بۇغراخان

ھارۇن بۇغراخان مۇسا تېكىننىڭ ئىنىسى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى. 993 ـ يىلدىن 998 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئالاقىدار مەنبەلەردە ئۇ «ھارۇن بۇغراخان»، «ئەبۇ ھارۇن بىننى سۇلايمان»، «ئەبۇ مۇسا ھەسەن ئەلھارۇن بىننى سۇلايمان»، «ھەسەن بۇغراخان»، «ئەبۇ ھەسەن ئەلى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان[2]. ئەسلى خانلىقنىڭ قائىدىسى بويىچە مۇسا تېكىندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى تەخت ۋارىسى بولۇشى لازىم ئىدى، بىراق مۇسا تېكىننىڭ ئوغلى ئەبۇ ھەسەن ئەلى ئۇدۇن بۇددىستلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان يېڭىسار ئۇرۇشىدا قۇربان بولغاچقا، تەختكە ھارۇن بۇغراخان ۋارىسلىق قىلغان. ھارۇن بۇغراخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئاۋۋال پايتەختنى قەشقەردىن بالاساغۇن شەھىرىگە يۆتكىگەن ھەمدە تاغىسىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ھەربىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان:

بىرىنچى، ئۇدۇن بۇددىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، نۇرغۇن بۇددىستلارنى ئىسلاملاشتۇرغان ھەمدە

ئۇرۇش جەريانىدىكى باتۇرلۇقى ۋە قەيسەرلىكى بىلەن خانلىقتا يۇقىرى شان ـ شۆھرەتكە ئېرىشكەن. ئۇ گەرچە بىر قاتار غەلىبىلىك ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، بىراق ئۇدۇننى تولۇق ئىسلاملاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن.

ئىككىنچى، ھارۇن بۇغراخان غەربتىكى قوشنىسى سامانىيلار خانلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئەينى چاغدىكى سامانىيلار خاقانى نوھ سانى بىننى مەنسۇر تەرىپىدىن جازالانغان خوراسان ۋالىيسى ئەبۇ ئەلى سەنجەرنى قوللاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن. ئارقىدىنلا يەنە سامانىيلارنىڭ سەمەرقەندكە ئەۋەتكەن ھەربىي ئەمەلدارى فايىقنى ئۆزىگە رام قىلىپ، سەمەرقەند شەھىرىنى ئىشغال قىلغان ھەمدە ناھايىتى تېزلىكتە سامانىيلار خانلىقىنىڭ پايتەختى بۇخاراغا يۈرۈش قىلغان. بۇنىڭ بىلەن سامانىيلار خاقانى نوھ سانى بىننى مەنسۇر ئۆز سەلتەنىتىدىن ۋاز كېچىپ، بۇخارادىن ئايرىلغان. بۇخارا شەھىرى قاراخانىيلار قوشۇنى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. لېكىن مىلادىيە 996 ـ يىلى تەختتىن قوغلانغان نوھ سانى بىننى مەنسۇر قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، بۇخارا شەھىرىنى يېڭىۋاشتىن كونترول قىلغان ھەمدە غەزنىۋىلەر خاقانى سەبۇق تېكىن بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، قاراخانىيلار زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرگەن. بۇنداق ئەھۋالدا، ھارۇن بۇغراخان ئەۋرە ئىنىسى نەسىر بىننى ئەلى ئىلىكخاننى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن ماۋرائۇننەھر (ئامۇ، سىر دەريا ۋادىلىرى) رايونىغا ئەۋەتىپ، نوھ سانى بىننى مەنسۇرنىڭ قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ماۋرائۇننەھردىكى ھۆكۈمرانلىقى پەيدىنپەي تۇراقلاشقان. مىلادىيە 998 ـ يىلىغا كەلگەندە، ھارۇن بۇغراخان سامانىيلار خانلىقىغا قارشى رەسمىي جەڭ ئېلان قىلىپ، نۇرغۇن قوشۇننى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرگەن. بىراق، قاراخانىيلار قوشۇنى غەزنىۋى خانلىقى بىلەن سامانىيلارنىڭ ئورتاق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئۇرۇشتا بەزى ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچ كەلگەن. ئۇنىڭ

ئۇستىگە، بۇ چاغدا ھارۇن بۇغراخاننىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشقا ھېچبىر ئىمكانىيەت بولمىغان. شۇ يىلى 11 - ئايدا ھارۇن بۇغراخان كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن سەمەرقەندتىن قەشقەرگە يول ئالغان. لېكىن، ئۇ قەشقەرگە كېلىشكە ئۈلگۈرمەيلا يول ئۈستىدىكى «قوچقار بېشى» دېگەن جايدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ جەسىتى تېزلىكتە يۆتكەپ كېلىنىپ، ئاستىنئاتۇشتا دەپنە قىلىنغان.

## 7. تۇغانخان

تۇغانخان مۇسا تېكىننىڭ نەۋرىسى. ئۇ تارىخىي مەنبەلەردە «تۇغانخان ئەۋۋەل»[52] دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولۇپ، مىلادى 999 - يىلى ھارۇن بۇغراخاننىڭ خاقانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھارۇن بۇغراخاننىڭ يولىدا مېڭىپ، ئالدى بىلەن نەسىر بىننى ئەلى ئىلىكخان بىلەن يۈسۈپ قادىرخاننى سامانىيلار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتكەن. سامانىي ھۆكۈمرانلىرى قاراخانىيلارنىڭ زور قوشۇنىنى كۆرۈپلا، پايتەخت بۇخارا شەھىرىنى تاشلاپ قاچقان. نەسىر بىننى ئەلى ئىلىكخان بىلەن يۈسۈپ قادىرخان دەبدەبە بىلەن سامانىيلار ئوردىسىغا كىرىپ، ئوردىدىكى ھەددى - ھېسابسىز ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى مۇسادىرە قىلغان ھەمدە سامانىيلار خانلىقىنىڭ يوقىتىلغانلىقىنى جاكارلىغان. مىلادىيە 1000 - يىلى سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى ئابدۇلمەلىك بىننى مەنسۇرنىڭ ئىنىسى ئابدۇئىبراھىم ئىسمائىل بىننى مەنسۇر سامانىيلارنىڭ جايلاردىكى قالدۇق كۈچلىرىنى يىغىپ، قاراخانىيلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. بۇنداق ئەھۋالدا، خاقان تۇغانخان كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، مىلادىيە 1006 - يىلى نۇرغۇن قوشۇن ئەۋەتىپ ئىسيانىنى ئۇزۇل - كېسەل تىنچىتقان.

تۇغانخان سامانىيلار خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئىككىنچى

قەدەمدە ھۇجۇم تىغ ئۇچىنى غەربتىكى قوشنىسى غەزنىۋىلەر خانلىقىغا قاراتقان. ئەسلىدە قاراخانىيلار قوشۇنى بۇخارا شەھىرىنى ئىشغال قىلغان ۋاقىتتا غەزنىۋىلەر خاقانى مەھمۇد سامانىيلارغا قاراشلىق بەزى زېمىنلارنى بېسىۋالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن خاقان تۇغانخان يەنە بىر كۆچلۈك رەقىبكە دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، غەزنىۋىلەرگە قارشى جەڭ پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشكەن ھەمدە بىر قاتار تەييارلىقلاردىن كېيىن، مىلادىيە 1007 ـ يىلى 11ـ ئايدا قوشۇن ئەۋەتىپ، غەزنىۋىلەرگە قاراشلىق خوراساننى بېسىۋالغان. بىراق، دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇدۇندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن قاراقاشتىن يولغا چىقىپ، يېڭىسارغىچە بولغان رايونلارنى ئىشغال قىلىۋالغان. بۇ ھال قاراخانىيلارنى شەرق ۋە غەرب ئىككى سەپتە تەڭلا ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشتەك خەتەرلىك ۋەزىيەتكە دۇچار قىلغان. بۇنداق ئەھۋالدا، خاقان تۇغانخان غەربىي سەپتە غەزنىۋىلەر قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان يۇسۇپ قادىرخاننى نائىلاج شەرقىي سەپكە يۆتكەپ، ئۇدۇن بۇددىستلىرىغا قارشى شىددەتلىك ئۇرۇش ئېلىپ بارغان ھەمدە مىلادىيە 1008 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئۇدۇننى تولۇق بىلەن ئىسلاملاشتۇرغان. نەتىجىدە، ئۇدۇن بۇددىستلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان 47 يىللىق غازات ئۇرۇشى ئاخىر يۇسۇپ قادىرخان تەرىپىدىن تاماملانغان.[11]

تۇغانخان ئۇدۇن ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى قەدەمدە غەزنىۋىلەر خانلىقىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەلگەن ھەمدە نەسىر بىننى ئەلى ئىلىكخاننى يەنە نۇرغۇن قوشۇنغا قوماندان قىلىپ غەزنىۋىلەرگە قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتكەن. بۇ ئۇرۇشتا نەسىر بىننى ئەلى ئىلىكخان ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، غەزنىۋىلەر قوشۇنى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلغان. لېكىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكرار ئۇرۇشلاردا قاراخانىيلار قوشۇنى بارا ـ بارا

پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، كۆپ قېتىم ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان. دەرۋەقە، خاقان تۇغانخان ئاخىرقى ھېسابتا غەزنىۋىلەر خانلىقىنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇغانخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەر خىل ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى يۈز بېرىپ، سىياسىي ۋەزىيەت كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلەشكەن. مىلادىيە 1018 - يىلى تۇغانخان كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

## 8. مەنسۇر ئارسلانخان

مەنسۇر ئارسلانخان تۇغانخاننىڭ ئىنىسى. ئۇ تۇغانخاندىن كېيىن قاراخانىيلار خاقانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1019 - يىلىدىن 1024 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئەمما، مەنسۇر ئارسلانخاننىڭ تەختكە چىقىشى ئەينى دەۋردىكى قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ تەخت تالىشىش كۈرىشىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن. ئالدى بىلەن ھارۇن بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى يۇسۇپ قادىرخان مەنسۇر ئارسلانخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي، غەزنىۋىلەر خاقانى مەھمۇد بىلەن ئىتتىپاقلاشقان ھەمدە مەنسۇر ئارسلانخانغا قارشى بىر قاتار ھەربىي تەييارلىقلارنى ئېلىپ بارغان. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن، غەزنىۋىلەر خاقانى مەھمۇد كېلىشىمگە ئاساسەن يۇسۇپ قادىرخانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ماۋرائۇننەھرگە قوشۇن باشلاپ كىرگەن. بىراق، چۈشىنىكسىز سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرگەن. بۇ ئەھۋالدا يۇسۇپ قادىرخان مەنسۇر ئارسلانخان بىلەن يارىشىشقا مەجبۇر بولغان ھەمدە مەھمۇدتىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە خوراسان رايونىغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك ھەربىي يۈرۈش ئېلىپ بارغان. غەزنىۋىلەر خاقانى مەھمۇدمۇ بۇنىڭغا قارىتا بەزىبىر زۆرۈر تەييارلىقلارنى كۆرگەن. دەرۋەقە، ئىككى تەرەپ قوشۇنى بەلخ ئەتراپىدا شىددەتلىك

جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە قاراخانىيلار قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، مەغلۇپ بولغان. ئۇرۇشتىن كېيىن يۈسۈپ قادىرخان نائىلاج مەھمۇد بىلەن قايتا سۆھبەتلىشىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلىغان. مىلادىيە 1024 ـ يىلىغا كەلگەندە، مەنسۇر ئارسلانخان خاقانلىقتىن ۋاز كېچىپ، تەختىنى يۈسۈپ قادىرخانغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

## 9. يۈسۈپ قادىرخان

يۈسۈپ قادىرخان قاراخانىيلار خاقانلىرى ئىچىدىكى باتۇر ھەم ئىستىداتلىق كىشى بولۇپ، تارىختا «مەلىكۇل مەشرىق» (شەرق پادىشاھى)[44] دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. 1025 ـ يىلىدىن 1032 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئاتا بوۋىلىرىنىڭ تەجرىبە ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا تۆۋەندىكىدەك چارە ـ تەدبىرلەرنى يولغا قويغان:

بىرىنچى، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈپ، خانلىقنىڭ سەلتەنىتىنى تىكلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خانلىقنىڭ ئاساسىنى تەۋرەتكەن بۇرۇنقى «ئىقتا» تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ،[45] جايلاردىكى ھەربىي، مەمۇري ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقىنى تارايتقان ھەمدە چوڭ ئىنىسى ئەھمەد بىننى ھەسەننى بالاساغۇننىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، شەرقتە ئىلى دەرياسىدىن غەربتە سىر دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلارنى باشقۇرۇشقا؛ كىچىك ئىنىسى ئەلى بىننى ھەسەننى سەمەرقەندنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، ماۋرائۇننەھر ۋە خارەزىم رايونلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغان.

ئىككىنچى، مىلادىيە 1024 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇدۇنغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، بۇ جايدىكى يەرلىك خەلق ئاممىسىنىڭ قاراخانىيلارغا قارشى ئىسيانىنى تىنچىتقان ھەمدە بۇ رايوننى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە مىلادىيە 1025 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئىدىقۇت

شەھىرىگە قوشۇن ئەۋەتىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاراخانىيلارغا قارشى توپىلىڭىنى بېسىقتۇرغان.

ئۈچىنچى، غەزنىۋى خانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ باشلىقى ئالىپ ئارسلانخان ئىسرائىلنىڭ قوترىتىشى بىلەن توپىلاڭ كۆتۈرگەن ئىنىلىرى ئەھمەد ىىنى ھەسەن ۋە ئەلى ىىنى ھەسەنگە قارشى جىددىي تەدبىر قوللانغان ھەمدە مىلادىيە 1025 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سەمەرقەندكە قوشۇن باشلاپ بېرىپ، غەزنىۋىلەر خاقانى مەھمۇدنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا ئىنىلىرىنىڭ توپىلىڭىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تىنچىتقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە سەمەرقەند ۋە بالاساغۇن رايونىدىكى قوش ۋالىيلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بالاساغۇن شەھىرىگە پەقەت بىرلا ۋالىي قويغان.

ئومۇمەن، يۈسۈپ قادىرخان يۇقىرىقىدەك بىر قاتار چارە ـ تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن خانلىقتا تىنچ ھەم خاتىرجەم ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن قوشنا ئەللەر بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، خانلىقنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن زۆرۈر شەرت ـ شارائىتلارنى ياراتقان. مىلادىيە 1032 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇ كېسەل سەۋەبىدىن قەشقەر شەھىرىدە ۋاپات بولغان. جەسىتى بوۋىسى ساتۇق بۇغراخان بىلەن ئاتىسى ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئايىقىغا دەپنە قىلىنغان.

## 10. سۇلايمان ئارسلانخان

سۇلايمان ئارسلانخان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ چوڭ ئوغلى. يۈسۈپ قادىرخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1033 ـ يىلىدىن 1056 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. سۇلايمان ئارسلانخان تەختكە چىقىپلا ئالدى بىلەن خانلىقنىڭ غەربىي ـ شىمال رايونلىرىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پايتەختنى قەشقەردىن بالاساغۇن شەھىرىگە

يۆتكىگەن ھەمدە ئىنىسى ياغان تېكىننى تالاستا تۇرغۇزۇپ، شەرقتە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىن غەربتە سىر، تالاس دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان زېمىنلارنى باشقۇرۇشقا، يەنە بىر ئىنىسى توغرۇل تېكىننى قەشقەردە تۇرغۇزۇپ، خانلىقنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي رايونلىرىنى ئىدارە قىلىشقا قويغان. ئالاقىدار مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، سۇلايمان ئارسلانخان ناھايىتى ئادىل ھەم ئىنسابلىق ھۆكۈمران بولۇپ، پەن ۋە دىنىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خېلى كۆپ تەر ئاققۇزغان[15]. ئۇ يەنە ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەر بىلەن ئۆز ئارا دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، غەزنىۋى خانلىقى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتكەن ھەمدە ئۆزىنىڭ بىر خانىكىسىنى غەزنىۋىلەر خاقانلىقىغا ياتلىق قىلغان. بۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار جەمئىيىتىدە بىر مەزگىل تىنچلىق ھۆكۈم سۈرگەن.

لېكىن ، ئەينى چاغدا ماۋرائۇننەھر رايونىدا تۇرۇۋاتقان نەسىر بىننى ئەلى ئىلىكخاننىڭ ئىككى ئوغلى ئالىپ تېكىن ۋە بۆرى تېكىن خارەزىمشاھلار بىلەن بىرلىشىپ، سۇلايمان ئارسلانخانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ھەمدە ماۋرائۇننەھرنىڭ شىمالىي قىسىم رايونلىرىنى بېسىۋېلىپ، مۇستەقىللىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان. ئۇزاق ئۆتمەي ئالىپ تېكىن ۋاپات بولۇپ، ئىنىسى بۆرى تېكىن مىلادىيە 1042 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۆزكەنت شەھىرىنى ئىگىلىۋالغان ۋە شۇ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۆزىنى «تامغاچ بۇغراخان» دەپ ئاتاپ،[16] قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئايرىلغانلىقىنى جاكارلىغان. دەرۋەقە، 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى قۇرۇلغان قۇدرەتلىك قاراخانىيلار خانلىقى مۇشۇ ئىشتىن كېيىن رەسمىي تۈردە پارچىلىنىپ، بۆرى تېكىن باشلىق تامغاچ خانلار (غەربىي قاراخانىيلار) سەمەرقەند شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ھالدا پۈتكۈل ماۋرائۇننەھر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان. سۇلايمان ئارسلانخان باشلىق شەرقىي قاراخانىيلار بولسا خوجەند دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغان. مىلادىيە 1056 ـ

يىلى سۇلايمان ئارسلانخان ئىنىسى مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە ئەسىرگە چۈشۈپ، ئۆلتۈرگەن.

## 11. مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ

مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ (ياغان تېكىن) ئاكىسى سۇلايمان ئارسلانخاندىن كېيىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانلىق تەختىگە چىققان. 1056 ـ يىلىدىن 1058 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ تەختكە چىقىپلا ئۆزىنى «بۇغراخان» دەپ ئاتىغان. بىراق، ئاران 15 ئايلا خاقان بولۇپ، مىلادىيە 1058 ـ يىلى ئۆز تەختىنى چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن (ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتىسى ـ ئا) گە ئۆتۈنۈپ بەرگەن.

## 12. ئىبراھىم بىننى مۇھەممەد

ئىبراھىم بىننى مۇھەممەد مۇھەممەد بىننى يۇسۇپنىڭ يەنە بىر ئوغلى. ئۇ مىلادىيە 1058 ـ يىلى ئانىسىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى قوزغاپ، ئاتىسى، ئاكىسى ۋە باشقا ئوردا ئەمەلدارلىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن ھەمدە قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىق تەختىنى تارتىۋالغان. 1058 ـ يىلىدىن 1059 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. بىراق، ئىبراھىم بىننى مۇھەممەدنىڭ تەختكە چىقىشى ئەينى چاغدا ئېغىر داۋالغۇشلارنى پەيدا قىلغان. بۇنىڭ بىلەن غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى بۆرە تېكىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەرقىي قاراخانىيلارغا قاراشلىق فەرغانە رايونىنى بېسىۋالغان. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئىبراھىم بىننى مۇھەممەد ئانىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بارسغان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، بۇ شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئىنال تېكىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## 13. مەھمۇد بىننى يۇسۇپ

مەھمۇد بىننى يۇسۇپ (توغرۇل تېكىن) ئىبراھىم بىننى مۇھەممەدنىڭ تاغىسى بولۇپ، مىلادىيە 1059 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىق تەختىگە چىققان. ئۇ تەختكە چىقىپ ئاۋۋال پايتەختنى بالاساغۇن شەھىرىدىن قەشقەرگە يۆتكىگەن ھەمدە جىيەنى ھەسەن بىننى سۇلايمان (ئارسلان تېكىن) نى ئورۇن باسار خاقان قىلىپ، بالاساغۇن شەھىرىدە تۇرغۇزغان. مىلادىيە 1068 ـ يىلى، ئۇ جىيەنى بىلەن بىرلىشىپ غەربىي قاراخانىيلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە، غەربىي قاراخانىيلار قوشۇنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ فەرغانە رايونىنى تارتقۇزۇپ قويغان. ئۇرۇشتىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، خوجەند دەرياسى قايتىدىن ئىككى خانلىقنىڭ چېگرا پاسىلى قىلىپ بېكىتىلگەن. مىلادىيە 1074 ـ يىلى مەھمۇد بىننى يۇسۇپ ۋاپات بولغان.

## 14. ئۆمەر بىننى مەھمۇد

ئۆمەر بىننى مەھمۇد مەھمۇد بىننى يۇسۇپنىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىدىن كېيىن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىق تەختىگە چىققان. لېكىن، خاقانلىق ئۇنىڭغا ئاران ئىككى ئايلا نېسىپ بولۇپ، ھەسەن بىننى سۇلايمان تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان.

## 15. ھەسەن بىننى سۇلايمان

ھەسەن بىننى سۇلايمان مەھمۇد بىننى يۇسۇپنىڭ جىيەنى بولۇپ، تارىختا «ھارۇن بۇغراخان Ⅱ» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. 1075 ـ يىلىدىن 1102 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ناھايىتى باتۇر ھەم پاراسەتلىك كىشى بولۇپ، خانلىقنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە پەن ـ مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ ئاۋۋال ئىلى ۋە ئېمىل دەريا ۋادىلىرىدىكى رايونلارغا

قارىتا كەڭ كۆلەملىك ھەربىي يۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ جايلاردا قورال كۈچى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى تارقاتقان. ئۇ يەنە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىنى بويلاپ مېڭىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان ھەمدە مەزكۇر خانلىق تەۋەسىدىكى نۇرغۇن قەدىمكى بۇددا شەھەرلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلغان. بۇنىڭ بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي قىسمىدىكى كۆپلىگەن رايونلار قاراخانىيلار خانلىقىغا قارام بولۇپ، قاراخانىيلارنىڭ تەسىرى پەيدىنپەي كۈچىيىپ بارغان.

ئەينى دەۋردە، ھەسەن بىننى سۇلايمان خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغىمۇ خېلى كۆڭۈل بۆلگەن. شۇڭا، قەشقەردە مىسلىسىز گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كېلىپ، «قۇتادغۇبىلىك»، «قەشقەرىيە تارىخىي»غا ئوخشاش مەشھۇر ئەسەرلەر يېزىلغان. ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بۈيۈك داستانىنى دەل مۇشۇ خاقانغا تەقدىم قىلغان. مائارىپ ئىشلىرىدا بولسا، قەشقەردىكى ھەرقايسى مەدرىسلەر پەن ۋە دىنىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ، قوشنا ئەللەردىن نۇرغۇن كىشى بۇ جايغا كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ھەمدە ئۆز جايلىرىغا بېرىپ قەشقەر مەدەنىيىتىنى تارقاتقان. بۇ ھال قاراخانىيلار خانلىقىنى زور شان - شۆھرەتكە ئىگە قىلىپ، خانلىقنىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تەسىرىنى مۇئەييەن دەرىجىدە كېڭەيتكەن. مىلادىيە 1102- يىلى ھەسەن بىننى سۇلايمان كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

## 16. ئەھمەد بىننى ھەسەن

ئەھمەد بىننى ھەسەن ھەسەن بىننى سۇلايماننىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن قاراخانىيلار تەختىگە چىققان. 1103 - يىلىدىن 1128 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئەھمەد بىننى ھەسەن دەۋرىدە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى

جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان. نۇرغۇنلىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈشكە باشلىغان ھەمدە ئەنئەنىۋى دىنىي ئېتىقادلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئاستا ـ ئاستا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. مىلادىيە 1105 ـ يىلى ئەھمەد ىبنى ھەسەن مەھمۇد ىبنى ئابدۇلجەلىل قەشقەرىنى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. خەلىپە مۇستەزىر بىللاھ ئۇنىڭغا «ئىمادۇد دەۋلە» (دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى) دېگەن پەخرىي نامنى بەرگەن[14]. 1128 ـ يىلى خاقان ئەھمەد ىبنى ھەسەن ۋاپات بولغان.

## 17. ئىبراھىم ىبنى ئەھمەد

ئىبراھىم ىبنى ئەھمەد ئەھمەد ىبنى ھەسەننىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىق تەختىگە چىققان. 1129 ـ يىلدىن 1158 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە قاراخانىيلار خانلىقى ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كېلىپ، جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلگەن، بولۇپمۇ قارلۇقلار بىلەن قاڭلىلارنىڭ ئىسيانى خانلىقنىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە خورىتىۋەتكەن. بۇنداق ئەھۋالدا، خاقان ئىبراھىم ىبنى ئەھمەد غەربكە كېڭىيىش پۇرسىتىنى كۈتۈۋاتقان قىتانلارنىڭ ئاقساقلى يۇللىغ تاشىدىن ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. يۇللىغ تاشى دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ ئىسيانىنى تىنچىتقان ھەمدە يەتتەسۇ رايونى ۋە سىر دەريا ۋادىلىرىدا پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇۋالغان. ئۇزاق ئۆتمەي، قىتانلار شەرقىي قاراخانىيلارغا قاراشلىق كۆپلىگەن زېمىنلارنى بېسىۋېلىپ، ئىبراھىم ىبنى ئەھمەدنى پەقەت قەشقەر ۋە خوتەن رايونىغىلا قىستاپ قويغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى تەدرىجىي ھالدا

قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالغان. قىتان ئاقساقىلى يوللىغ تاشىن ئىبراھىم بىننى ئەھمەدكە «ئىلىك تۈركمەن»[①] دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن. 1158 ـ يىلى ئىبراھىم بىننى ئەھمەد ۋاپات بولغان.

## 18. مۇھەممەد بىننى ئىبراھىم

مۇھەممەد بىننى ئىبراھىم ئىبراھىم بىننى ئەھمەدنىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 1159 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىق تەختىگە چىققان. ئۇ تەختكە چىقىپ ئاۋۋال «بۇغراخان» دېگەن ئۇنۋاننى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە قىتانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، بىر مەزگىل قىتانلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلغان. بىراق، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قىتانلارغا بولغان بېقىندىلىق ھالىتىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىغان. قولىمىزدا ئۇنىڭ ئاخىرقى سەلتەنەت دەۋرى توغرۇلۇق ئېنىقراق مەلۇمات يوق.

## 19. مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ

مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ مۇھەممەد بىننى ئىبراھىمنىڭ نەۋرىسى. 1204 ـ يىلىدىن 1211 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەپرىقىچىلىكى يۈز بېرىپ، جەمئىيەت تەرتىپى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلادىيە 1209 ـ يىلى نايمان قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى كۈچلۈك قىتانلارنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىپ، قەشقەر ۋە خوتەن رايونىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي قاراخانىيلار نامدا بار ئەمەلىيەتتە يوق خانلىققا ئايلىنىپ قالغان. مىلادىيە 1211 ـ يىلى خاقان مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ [illegible]

## 20. مۇھەممەد

مۇھەممەد شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى. ئۇ 1211 ـ يىلى خاقانلىق تەختىگە چىققان بولۇپ، سەلتەنەت دەۋرى ھەمدە مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ بىلەن بولغان ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۇ تەختكە چىقىپ بىر يىلدىن كېيىن، نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. نەتىجىدە، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشقان ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلگەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ جەمئىي 20 خاقان (غەربىي قاراخانىيلارنىڭ تامغاچ خاقانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا ـ ئا) تەختتە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە خانلىقتا چوڭ ـ كىچىك نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەرگەن. بۇ خاقانلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇش قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ (جۈملىدىن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ) بىر پۈتۈن تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

ئىزاھاتلار:

① قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ كونكرېت ئىش ـ پائالىيەتلىرى ۋە ۋاپات بولغان يىلى توغرۇلۇق ھازىرغىچە ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. بەزى مەنبەلەردە بىلگە كۆل قادىرخان قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى خاقانى دېيىلگەن. بىراق، ئۇنىڭ تەختكە چىققان ۋاقتى مىلادىيە 819 ـ يىلى دەپ تەخمىن قىلىنغان. بۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلغان ۋاقتىدىن خېلىلا بۇرۇن. بۇ ھال مۇشۇ ساھە تەتقىقاتچىلىرىنى سەل گۇمانغا سالىدۇ. شۇڭا، بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

② ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 67 ـ بەت؛ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى، 162 ـ بەت.

③ بەزى رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ساتۇق تېگىن كىچىك چېغىدىلا ئاتىسىدىن

قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالغان. قىتان ئاقساقىلى يولىلىغ تاشىن ئىبراھىم بىننى ئەھمەدكە «ئىلىك تۈركمەن»[13] دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن. 1158 ـ يىلى ئىبراھىم بىننى ئەھمەد ۋاپات بولغان.

## 18. مۇھەممەد بىننى ئىبراھىم

مۇھەممەد بىننى ئىبراھىم ئىبراھىم بىننى ئەھمەدنىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 1159 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىق تەختىگە چىققان. ئۇ تەختكە چىقىپ ئاۋۋال «بۇغراخان» دېگەن ئۇنۋانىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە قىتانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، بىر مەزگىل قىتانلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلغان. بىراق، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قىتانلارغا بولغان بېقىندىلىق ھالىتىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىغان. قولىمىزدا ئۇنىڭ ئاخىرقى سەلتەنەت دەۋرى توغرۇلۇق ئېنىق مەلۇمات يوق.

## 19. مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ

مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ مۇھەممەد بىننى ئىبراھىمنىڭ نەۋرىسى. 1204 ـ يىلىدىن 1211 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەپرىقچىلىكى يۈز بېرىپ، جەمئىيەت تەرتىپى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشقان. ئۇنىڭ ئۇستىگە مىلادىيە 1209 ـ يىلى نايمان قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى كۈچلۈك قىتانلارنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىپ، قەشقەر ۋە خوتەن رايونىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي قاراخانىيلار نامدا بار ئەمەلىيەتتە يوق خانلىققا ئايلىنىپ قالغان. مىلادىيە 1211 ـ يىلى خاقان مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

# IX چاغاتاي خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

چاغاتاي خانلىقى — ئالمالىق شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، يەتتەسۇ رايونى، ماۋرائۇننەھر، خۇراسان (ھازىرقى تۈركمەنىستانىنىڭ جەنۇبىي قىسمى)، ئىرانىنىڭ شەرقىي قىسمى، ئافغانىستانىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونى قاتارلىق جايلاردا ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن چوڭ خانلىق. مەزكۇر خانلىق موڭغۇللارنىڭ چوڭ خاقانى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن (1225 ـ يىلى) زېمىندا قۇرۇلغاچقا، كېيىنكى چاغلاردا سۇيۇرغاللىقنىڭ ئىگىسى چاغاتاينىڭ نامى بىلەن «چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتالغان. بۇ خانلىق دەۋرى (1227 ـ 1570) دە، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىشى سەۋەبىدىن، چاغاتاي دەۋرىدىن باشلاپلا بۇ رايونغا كۆچۈپ كەلگەن موڭغۇل قەبىلىلىرى ئىلگىرىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن پەيدىنپەي ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈشكە باشلىغان. بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلىشىش قەدىمىنى تېزلەتكەن. خاقان كۇنجۇك دەۋرى (1306 ـ 1308) دە، غەربىي يۇرتتىكى نۇرغۇن موڭغۇل قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلى بولغان موڭغۇل تىلىنى تاشلاپ ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان ھەمدە ئەنئەنىۋى دىنلاردىن ۋاز كېچىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن. بۇ ھال ئوخشاشلا موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلىشىش قەدىمىنى زور دەرىجىدە تېزلەتكەن. خاقان تارماشىرى زامانىسى (1326 ـ 1334) غا

كەلگەندە، غەربىي يۇرتتىكى موغۇل قەبىلىلىرى ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى ئاستىدا ئاساسەن ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن. چاغاتاي خانلىقى دەۋرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ (جۈملىدىن ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ) سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. موغۇللار، توركلەشكەن موغۇللار (جۈملىدىن ئۇيغۇرلاشقان موغۇللار) ۋە يەرلىك قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سىياسىي سەھنىگە چىقىپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا خانلىق تەختى ئۈچۈن شىددەتلىك ھەم ئۇزاق مۇددەتلىك ئورۇشلارنى ئېلىپ بارغان. بۇ ھال مەلۇم نۇقتىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ساھەلىرىگە نۇرغۇن پاسسىپ ئامىللارنى ئېلىپ كەلگەن. لېكىن، ئومۇمىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ساھەلەردە يەنىلا مۇئەييەن تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن. ۋاھالەنكى، نۆۋەتتىكى بەزى تەتقىقات ئەمگەكلىرىدە بۇ دەۋردىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان يېغىلىقلار ۋە يېغىلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان خارابە مەنزىرىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ، چاغاتاي خانلىقى دەۋرى يۈزەكى ھالدا «قالايمىقانچىلىق دەۋرى»، «ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت چېكىنگەن دەۋر» دەپلا چۈشەندۈرۈلمەكتە. بۇ خىل خاھىش تارىخ تەتقىقات پىرىنسىپىغا تازا ئۇيغۇن ئەمەس. پەقەت كونكرېت مەسىلىلەرنى كونكرېتنى تەھلىل قىلىپ تارىخىي جەريانلارنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن ئەينى دەۋر تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن يېڭى ھەم ئىنچىكە مەسىلىلەرنى بايقىغىلى بولىدۇ. شۇڭا، چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئومۇمىي تارىخىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا، مەزكۇر خانلىقتىكى ھەرقايسى خاقانلارنىڭ نەسەبنامىلىرى ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىش زۆرۈر.

## 1. چاغاتاي

چاغاتاي — «چاغاتاي خانلىقى» نىڭ ئاساسچىسى. 1227 ـ يىلىدىن 1241 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاتىسى چىڭگىزخان ۋاپات بولغان (1227 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى) دىن كېيىن، ئۆزىگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلاردا موڭغۇللارنىڭ جاساق قانۇنىغا ئاساسەن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى رەسمىي باشلىغان. ئۇ ئۆزىگە تەۋە زېمىنلارنى مۇنداق ئۈچ قىسىمغا ئايرىپ باشقۇرغان: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىستان ۋە ماۋرائۇننەھر رايونىنى خارەزىملىك چوڭ سودىگەر مەھمۇد يالاۋاچ ئارقىلىق باشقۇرغان. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىنى مەركەز قىلغان ماۋەرائۇننەھر ـــ «ئاپتاپ تەرەپ» ياكى «شەرق تەرەپ» دېگەن مەنىدە. ئەينى دەۋردە بۇ رايون ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسىم تېررىتورىيىسىنى كۆرسەتكەن) نى موڭغۇل دوغلات قەبىلىسى ئارقىلىق باشقۇرغان. ئىدىقۇت رايونىنى بولسا ئىدىقۇت ھۆكۈمرانلىرى ئارقىلىق باشقۇرغان. چاغاتاي ئۆز دەۋرىدە چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئىمپېرىيىنىڭ جاساق ۋە قانۇنلىرىغا مۇئەككەل قىلىنغاچقا، موڭغۇل قانۇنلىرىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ھەم قاتتىق ئىجرا قىلغان. ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ قانۇن ئىشلىرىدا ناھايىتى قاتتىق قول، دۆلەتنىڭ سىياسىي، مەمۇرىي ۋە ھەربىي تۈزۈملىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان، شۇنداقلا ئۆز قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارغا قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، دۆلەتنىڭ ئابرويىنى قاتتىق ھىمايە قىلىدىغان بىر ھۆكۈمدار بولغان[1]. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، خانلىقنىڭ سودا ـ سېتىق، پۇل مۇئامىلە ۋە باشقا تەرەپلىرىدە زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن، ماۋرائۇننەھر رايونىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سودا ئىشلىرى ناھايىتى جانلانغان، قەدىمكى «ئوتتۇرا يىپەك يولى» دا سودا ـ سېتىق گۈللەنگەن ئاۋات بىر ۋەزىيەت مەيدانغا كەلگەن.

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ماۋرائۇننەھر رايونىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان مەھمۇد يالاۋاچنىڭ ئوغلى مەسئۇد يالاۋاچ بۇخارادا مەخسۇس «پۇل مۇئامىلە مەھكىمىسى»نى تەسىس قىلىپ، ھەر خىل مىتاللاردىن پۇل قويۇپ تارقاتقان. بۇ پۇللارغا ئەرەبچە ۋە خەنزۇچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن[2]. دېمەك، چاغاتاي ئۆز ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، خانلىقتا بىر مەزگىل تىنچ - خاتىرجەم ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. بىراق، چاغاتاي ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە هاراق - شاراپقا ناھايىتى قاتتىق بېرىلىپ كەتكەچكە، 14 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ 1241 - يىلى ۋاپات بولغان.

## 2. قارا ھىلاكۇ

قارا ھىلاكۇ چاغاتاينىڭ نەۋرىسى، يەنى چاغاتاينىڭ ئىككىنچى ئوغلى مامۇكەنىڭ كەنجى بالىسى. چاغاتاي ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ موڭغۇللارنىڭ چوڭ خانى ئوگدايىنىڭ قايتا تەكىتلىشى بىلەن خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1241 - يىلىدىن 1246 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. لېكىن، ئۆزىنى زىيادە ئەقىللىق، قەيسەر ۋە دانىشمەن چاغلايدىغان چاغاتاينىڭ 5 - ئوغلى يىسۇمۆڭكۇ بۇنىڭغا رازى بولماي ئىچكى نىزا قوزغىغان. بۇ كۈرەشتە دۇغلات ھۆكۈمرانلىرى ۋە قىپچاق ئۇلۇسىنىڭ خانى باتۇخان قارا ھىلاكۇنى قوللىغان. چۈنكى قارا ھىلاكۇ كۆپ ھاللاردا دۇغلات ئەمىرلىرى ۋە باتۇخانغا مايىل بولغان ھەمدە ئۇلارنىڭ سىياسەتلىرىنى قوللىغان. موڭغۇللارنىڭ يېڭى چوڭ خانى كۆيۈكخان بولسا: «چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە چاغاتاينىڭ ئوغۇللىرى ۋارىسلىق قىلماي، نەۋرىلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى قانۇنغا سىغمايدۇ» دەپ قاراپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن يىسۇمۆڭكۇنى قوللىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىسۇمۆڭكۇ كۆيۈكخاننىڭ موڭغۇللارنىڭ چوڭ خانى بولۇشىنى جان - دىل بىلەن ھىمايە قىلغان. دەرۋەقە،

1246 ـ يىلى كۆيۈكخانىنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەنلا، قارا ھېلاكۇ تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ، ئورنىغا يېسۇمۆڭكۇ تەختكە چىقىرىلغان.

### 3. يېسۇمۆڭكۇ

يېسۇمۆڭكۇ 1246 ـ يىلى كۆيۈكخان تەرىپىدىن چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە چىقىرىلغان. 1246 ـ يىلىدىن 1252 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ھاراق ـ شاراپقا بېرىلىپ كېتىپ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىغان، شۇڭا خانلىقنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى خانىشى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ تۇرغان. 1248 ـ يىلى ئەتىيازدا، كۆيۈكخان باتۇخان ۋە قارا ھېلاكۇغا قارشى قوشۇن تارتىپ يولغا چىققاندا، ئۇشتۇمتۇت ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، كېيىن بېشبالىققا داۋالىنىش مەقسىتىدە كېلىۋېتىپ يول ئۈستىدە ۋاپات بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، باتۇخان ۋە قارا ھېلاكۇ چىڭگىزخاننىڭ 3 ـ ئوغلى ئۆگداي جەمەتىنىڭ تەسىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، چىڭگىزخاننىڭ كەنجى ئوغلى تولىنىڭ خانىشى سورخوختاي خاتۇن بىلەن بىرلىشىپ، تولىنىڭ چوڭ ئوغلى مۆڭكۈنى موڭغۇللارنىڭ چوڭ خانلىق تەختىگە چىقارماقچى بولغان. يېسۇمۆڭكۇ بولسا ئۆزىنى تەختكە چىقارغان ئۆگداي جەمەتىنىڭ موڭغۇل تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشىدا چىڭ تۇرۇپ، باتۇخان ۋە قارا ھېلاكۇغا قارشى تۇرغان، لېكىن 1252 ـ يىلىدىكى خان سايلىمىدا مۆڭكۇ موڭغۇللارنىڭ چوڭ خانى بولۇپ سايلىنىپ، ئۆگداي جەمەتى ۋارىسلىقتىن مەھرۇم قىلىنغان. مۆڭكۈنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن، چاغاتاي خانى يېسۇمۆڭكۇمۇ خانلىق تەختتىن قوغلانغان.

### 4. قارا ھېلاكۇ

قارا ھېلاكۇ 1252 ـ يىلى مۆڭكۇخان تەرىپىدىن چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىقىغا تەيىنلەنگەن. بۇ ئۇنىڭ 2 ـ قېتىم چاغاتاي

تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشى ئىدى. لېكىن قارا ھېلاكۇ تەختكە ئولتۇرۇش ئۈچۈن قىپچاق ئۇلۇشىدىن ئالمالىق شەھىرىگە قايتىش يولىدا تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان.

## 5. ئورقىنا

ئورقىنا قارا ھېلاكۇنىڭ خانىشى. قارا ھېلاكۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ مۆڭكۇخاننىڭ تەيىنلىشى بىلەن چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى بولغان. 1252 - يىلىدىن 1260 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئورقىنا ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە، چاغاتاي خانلىقى زېمىنىدا بىر مەزگىل نىسپىي تىنچلىق ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن، لېكىن بۇ خىل ۋەزىيەت ئۇزاق داۋاملاشمىغان. 1259 - يىلى 8 - ئايدا، مۆڭكۇخاننىڭ سىچۇەندىكى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇشتا ۋاپات بولۇشى بىلەن، موڭغۇل خانلىقىدا ئېغىر قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن. مۆڭكۇخاننىڭ بىر تۇغقان ئىككى ئىنىسى قۇبلاي بىلەن ئارىغ بۆكە خانلىق تەختىنى تالىشىپ ئۆزئارا ئۇرۇش باشلىغان. بۇ كۈرەشتە چاغاتاي خانلىقى قۇبلاي ۋە ئارىغ بۆكەگە نىسبەتەن سەل چاغلاشقا بولمايدىغان زور كۈچ ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئىككىلى تەرەپ ئورقىنانى ھەدەپ ئۆزلىرىگە تارتىشقان. بىراق، قۇبلاي ئارىغ بۆكەنىڭ ئورقىنانى قورقىتىپ ئۆزىگە رام قىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، چاغاتاينىڭ نەۋرىسى ئابىشقا بىلەن خاسارنى قايتۇرۇپ كېلىپ تەختكە چىقارماقچى بولغان. لېكىن، ئارىغ بۆكە قۇبلاينىڭ بۇ پىلانىنى بىتچىت قىلغان ھەمدە 1260 - يىلى چاغاتاينىڭ يەنە بىر نەۋرىسى ئارىغۇ (چايدارنىڭ ئوغلى) نى ئورقىنانىڭ ئورنىغا چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقارغان. بۇنىڭ بىلەن، ئارغۇ ئورقىنانى ئالمالىق شەھىرىدىن قوغلاپ چىقارغان.

## 6 . ئارغۇ

ئارغۇ ئارىغ بۆكەنىڭ قوللىشى بىلەن چاغاتاي تەختىگە چىققان. 1260 - يىلىدىن 1266 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇغان. ئۇ تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئارىغ بۆكەنىڭ قۇبلاي تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ھەمدە قۇبلايغا بويسۇنمىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ ھال ئارىغ بۆكەگە قاتتىق ھار كەلگەن. شۇڭا، ئۇ 1262 - يىلى سايرام كۆلى ئەتراپىدا ئارغۇ بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلغان. ئارغۇ ئالمالىق شەھرىنى تاشلاپ سەمەرقەندكە قاچقان. لېكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئارىغ بۆكە قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلىرىنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى، قوشۇنلىرىنىڭ يۈز ئۆرۈشى تۈپەيلىدىن قۇبلايغا تەسلىم بولغان، قۇبلاي ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلغان. ئارغۇ بولسا قۇبلاينىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئۆز ئىلكىدىكى زېمىنلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن مۇستەھكەملىگەن. 1266 - يىلى ئارغۇ ئالمالىق شەھرىدە ۋاپات بولغان.

## 7 . مۇبارەكشاھ

مۇبارەكشاھ قارا ھىلاكۇنىڭ ئوغلى بولۇپ، 1266 - يىلى قۇبلاينىڭ تەيىنلىشى بىلەن ئارغۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىغا كىرگەن خان[3]. ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى، ئۆز دەۋرىدە بىر قىسىم موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئەڭ ئاۋۋال چاغاتاينىڭ ئەۋرىسى بۇراق (مامۇكەينىڭ نەۋرىسى، يەنى ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى يىسۇن توغانىنىڭ چوڭ ئوغلى) ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۇنى تەختتىن چۈشۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن، مۇبارەكشاھقا بىر قانچە ئاي نىسىپ بولغان خانلىق تەختى ئاخىر بۇراقنىڭ قولىغا ئۆتكەن.

تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشى ئىدى. لېكىن قارا ھېلاكۇ تەختكە ئولتۇرۇش ئۈچۈن قىپچاق ئۇلۇشىدىن ئالمالىق شەھىرىگە قايتىش يولىدا تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان.

## 5. ئورقىنا

ئورقىنا قارا ھېلاكۇنىڭ خانىشى. قارا ھېلاكۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ مۆڭكۈخاننىڭ تەيىنلىشى بىلەن چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى بولغان. 1252 ـ يىلىدىن 1260 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئورقىنا ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە، چاغاتاي خانلىقى زېمىنىدا بىر مەركىزىي نىسپىي تىنچلىق ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن، لېكىن بۇ خىل ۋەزىيەت ئۇزاق داۋاملاشمىغان. 1259 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، مۆڭكۈخاننىڭ سىچۈەندىكى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇشتا ۋاپات بولۇشى بىسىلەن، موڭغۇل خانلىقىدا ئېغىر قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن. مۆڭكۈخاننىڭ بىر تۇغقان ئىككى ئىنىسى قۇبلاي بىلەن ئارىغ بۆكە خانلىق تەختىنى تالىشىپ ئۆزئارا ئۇرۇش باشلىغان. بۇ كۈرەشتە چاغاتاي خانلىقى قۇبلاي ۋە ئارىغ بۆكەگە نىسبەتەن سەل چاغلاشقا بولمايدىغان زور كۈچ ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئىككىلى تەرەپ ئورقىنانى ھەدەپ ئۆزلىرىگە تارتىشقان. بىراق، قۇبلاي ئارىغ بۆكەنىڭ ئورقىنانى قورقىتىپ ئۆزىگە رام قىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، چاغاتاينىڭ نەۋرىسى ئابىشقا بىلەن خاسارنى قايتۇرۇپ كېلىپ تەختكە چىقارماقچى بولغان. لېكىن، ئارىغ بۆكە قۇبلاينىڭ بۇ پىلانىنى بىتچىت قىلغان ھەمدە 1260 ـ يىلى چاغاتاينىڭ يەنە بىر نەۋرىسى ئارىغۇ (چايدارنىڭ ئوغلى) نى ئورقىنانىڭ ئورنىغا چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقارغان. بۇنىڭ بىلەن، ئارغۇ ئورقىنانى ئالمالىق شەھىرىدىن قوغلاپ چىقارغان.

قايدۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

### 10. دۇۋا

دۇۋا بۇراقنىڭ ئوغلى. ئۇ 1272 ـ يىلى قايدۇ تەرىپىدىن خانلىق تەختىگە چىقىرىلغان. دۇۋا تەختكە چىققاندىن كېيىن قايدۇ بىلەن بىرلىشىپ يۈەن سۇلالىسى خانى قۇبلايغا قارشى تۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان ھالدا تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ھەربىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان:

بىرىنچى، 1273 ـ يىلى دۇۋا قايدۇ بىلەن بىرلىشىپ، موڭغۇللارنىڭ دۇغلات قەبىلىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قەشقەر، خوتەن رايونلىرىغا باستۇرۇپ كىرگەن ھەمدە بۇ رايونلارنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. لېكىن، قەشقەر ۋە خوتەندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئاخىر چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان.

ئىككىنچى، 1275 ـ يىلى دۇۋا بىلەن قايدۇنىڭ 120 مىڭ كىشىلىك بىرلەشمە قوشۇنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق ئاستانىسى بېشبالىق شەھىرىنى بېسىۋالغان ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەيلا خانلىقنىڭ قىشلىق ئاستانىسى بولغان قاراقوچۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنى قاتموقات مۇھاسىرىگە ئالغان. بۇنداق ئەھۋالدا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانى قوچقار تېكىن پايتەخت ئاھالىسىگە رەھبەرلىك قىلىپ، شەھەرنى يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جەسۇرلۇق بىلەن ساقلاپ قالغان[4]. لېكىن، ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بولغانلىقى سەۋەبىدىن، شەھەر ئاخىر قولدىن كەتكەن. دۇۋا ۋە قايدۇ قوشۇنلىرى شەھەرنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلغان.

ئۈچىنچى، 1287 ـ يىلى 100 مىڭ كىشىلىك دۇۋا ـ قايدۇ بىرلەشمە قوشۇنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي شىمال چېگرا رايونلىرى بولغان خانگاي ۋە گوبى چۆللىكىنىڭ غەربىي

## 8. بۇراق

بۇراق 1266 ـ يىلىدىن 1270 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ تەختكە چىققان مەزگىل چاغاتاي خانلىقى بىلەن يۈەن سۇلالىسى زېمىنىدا ئېغىر داۋالغۇشلار يۈز بېرىشكە باشلىغان دەۋر ئىدى. بۇ چاغدا ئوگداي ئەۋلادى قايدۇ باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆز ئەتراپىغا ھەدەپ زور تۈركۈمدە قوشۇن توپلىغان ھەمدە 1264 ـ يىلى ئوگداي سۇيۇرغاللىقىنىڭ ئەسلى سىياسىي مەركىزى بولغان ئېمىل شەھىرىنى قولغا ئالغان. قايدۇنىڭ مەقسىتى ئالدى بىلەن ئوگداي سۇيۇرغاللىقىنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئاندىن پۈتۈن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خانلىق تەختىنى ئىگىلەش ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھۇجۇم تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە ھالدا موڭغۇل خانلىقىنىڭ غەربىي شىمالى ۋە چاغاتاي خانلىقىغا قارىتىپ، ئۆز غەربىنى ئىسىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا باغلىغان. 1269 ـ يىلى، ئۇ ئامۇ دەرياسى بويىدا بۇراق بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلغان ھەمدە چاغاتاي خانلىقىنىڭ سىياسىي مەركىزى بولغان ئالمالىق شەھىرى، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، سىر دەريا ۋادىسى، يەتتەسۇ رايونى ۋە ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كەڭ زېمىنلارنى بېسىۋالغان. بۇنداق ئەھۋالدا، بۇراق نائىلاج قايدۇ بىلەن سۈلھىلىشىشكە مەجبۇر بولغان. 1270 ـ يىلى قايدۇ بۇراقنى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگەن.

## 9. نىكباي

نىكباي چاغاتاينىڭ نەۋرىسى، يەنى ساربانىنىڭ چوڭ ئوغلى. ئۇ بۇراق ئۆلگەندىن كېيىن چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە چىققان. 1270 ـ يىلىدىن 1272 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ تەختكە چىقىپلا قايدۇغا قارشى جەڭ قىلغان. 1272 ـ يىلى

رىغبەتلەندۈرۈپ، خارابلاشقان يېزا ئىقتىسادىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى دىنلار (ئاساسلىقى شامان دىنىنى كۆرسىتىدۇ) دىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام دىنىغا كىرىشىنى تەشەببۇس قىلغان ھەمدە ئۆزىمۇ باشلامچى بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن⑤. بۇ ھال بىر قىسىم موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھەسسىتىنى قوزغىغان. دەرۋەقە، ئەينى چاغدىكى تەسىرى كۈچلۈكرەك بولغان چاغاتايىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مامۇكەي سىستېمىسىدىكى تالقۇ باشلىق مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ئۇنى تەختتىن ئېلىپ تاشلىغان (1308 ـ يىلى). بۇنىڭ بىلەن، چاغاتاي خانلىقى ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كەلگەن.

## 12. تالقۇ

تالقۇ 1308 ـ يىلى مۇتەئەسسىپ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن خانلىق تەختىگە چىقىرىلغان. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن تىل جەھەتتە تۈركلىشىش، دىن جەھەتتە ئىسلاملىشىش، تۇرمۇش جەھەتتە مۇقىم ئولتۇراقلىشىشنى قاتارلىقلارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان يېڭىلىق خاھىشلىرىنى قاتتىق چەكلىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، تالاس، سىر ۋە ئىلى دەريا ۋادىلىرىدا كۆنجۈككە قارشى قانلىق جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇ ھال خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلغان. سىياسىي ۋەزىيەتمۇ كۆنسايىن كەسكىنلەشكەن. بۇنداق ئەھۋالدا، دۇۋانىڭ كىچىك ئوغلى كېبەك بىر قېتىملىق زىياپەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن (1309 ـ يىلى) ھەمدە خانلىق تەختىنى تارتىۋالغان.⑥

## 13. كېبەك

كېبەك چاغاتاي ئوردىسىدىكى خانزادە ـ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشى بىلەن خانلىق تەختىگە چىققان. ئەسلى ئۇمۇم ئېتىراپ

قىلغان قائىدە - يوسۇن بويىچە بولغاندا، تەختكە دۇۋانىڭ چوڭ ئوغلى ئېسەن بۇقا ۋارىسلىق قىلىشى لازىم ئىدى. شۇ ۋەجىدىن كەبەك تەختكە چىقىپ بىر يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا چوڭ قورۇلتاي چاقىرىپ، غەزنە (ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەسىدە) دە تورۇشلۇق ئاكىسى ئېسەن بۇقانى چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىقىغا تەيىنلىگەن.

## 14. ئېسەن بۇقا

ئېسەن بۇقا تارىختا «ئېسەن بۇقا ئەۋۋەل» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئۇ ئىنىسىنىڭ تەختكە چىققان (1309 - يىلى) دىن كېيىن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسى بىلەن قارشىلىشىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان ھالدا تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ھەربىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان:

بىرىنچى، ئېسەن بۇقا تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىنىسى كەبەك بىلەن بىللە يۈەن سۇلالىسىگە قارام بولغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان. لېكىن، ئېسەن بۇقا يول بويى شەھەر - يېزىلارنى ئېغىر دەرىجىدە خانىۋەيران قىلىپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلغاچقا، كەڭ ئاممىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپ قويغان، شۇڭا ئۇ قارشى تەرەپ بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى قېتىملىق جەڭدىلا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان.

ئىككىنچى، 1313 - يىلى ئېسەن بۇقا يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئىلىك خانلىقىغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ،[2] يۈەن سۇلالىسى بىلەن ئاشكارا قارشىلاشقان. نەتىجىدە، ئىككىنچى يىلى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا رەسمىي ئۇرۇش پارتلىغان. بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا ئىككى تەرەپ ناھايىتى كۆپ ئەسكىرىي كۈچنى ئىشقا سالغان ھەمدە ئېرتىش دەريا ۋادىسىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ ئېلىپ بارغان. جەڭدە ئېسەن بۇقا ئوخشاشلا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان.

ئۈچىنچى، ئېرتىش دەريا ۋادىسىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن،

ئېسەن بۇقا قايتىدىن زور قوشۇن تەشكىللەپ، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھېلكۇخان تەرىپىدىن ئاساس سېلىنغان ئېلىك خانلىقى (1258 ـ 1335) نىڭ شەرقىي قىسمى ۋە خوراسانغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىغان. لېكىن، بۇ چاغدا يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى يەتتە سۇ رايونىغا ئېغىر تەھدىت سالغاچقا، ئېسەن بۇقا نائىلاج قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولغان.

ئومۇمەن، ئېسەن بۇقا يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىملىق ئۇرۇشتا كۆپلەپ تالاپەتكە ئۇچرىغان. بۇ ھال چاغاتاي خانلىقىدا نۇرغۇن داۋالغۇشلارنى پەيدا قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېسەن بۇقا خانلىقتىكى كونىلىقنى ياقلىغۇچى ئاقسۆڭەكلەرنى قوللاپ، يېڭىلىق تەرەپدارلىرىنى قاتتىق باستۇرغاچقا، خانلىقنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى كۈندىن ـ كۈنگە كەسكىنلىشىپ كەتكەن. بۇ خىل ھالەت تا ئۇ ۋاپات بولغان مەزگىل (1318 ـ يىلى) گىچە داۋاملاشقان.

## 15 . كەبەك

كەبەك 1318 ـ يىلى ئاكىسى ئېسەن بۇقا ئەۋەلنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم تەختكە چىقىشى ئىدى. كەبەك تەختكە چىققاندىن كېيىن، چاغاتاي خانلىقىدا بەزى بىر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. ئالدى بىلەن كەبەك ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ رايىغا ماسلىشىپ خانلىقنىڭ پايتەختىنى دېھقانچىلىق رايونىغا كۆچۈرۈشنى قارار قىلغان ھەمدە 14 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى پايتەختنى ئالمالىق شەھىرىدىن ماۋرائۇننەھردىكى قارشى شەھىرىگە يۆتكىگەن. پايتەخت كۆچۈرۈش مەسىلىسىدە، كەبەك ئاساسلىقى ئالمالىقتىكى ئايرىم ۋاڭ ۋە ئاقسۆڭەكلەردىن قۇتۇلۇپ كېتىشنى مۇھىم مۇددىئا قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشنى باھانە قىلىپ، پايتەختنى ماۋرائۇننەھر

قىلغان قائىدە ـ يوسۇن بويىچە بولغاندا، تەختكە دۇۋانىڭ چوڭ ئوغلى ئېسەن بۇقا ۋارىسلىق قىلىشى لازىم ئىدى. شۇ ۋەجىدىن كېيىن تەختكە چىقىپ بىر يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا چوڭ قورۇلتاي چاقىرىپ، غەزنىنە (ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەسىدە) دە تۇرۇشلۇق ئاكىسى ئېسەن بۇقانى چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىقىغا تەيىنلىگەن.

## 14. ئېسەن بۇقا

ئېسەن بۇقا تارىختا «ئېسەن بۇقا ئەۋۋەل» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئۇ ئىنىسىنىڭ تەختكە چىققان (1309 ـ يىلى) دىن كېيىن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسى بىلەن قارشىلىشىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان ھالدا تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ھەربىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان:

بىرىنچى، ئېسەن بۇقا تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىنىسى كېبەك بىلەن بىللە يۈەن سۇلالىسىگە قارام بولغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان. لېكىن، ئېسەن بۇقا يول بويى شەھەر ـ يېزىلارنى ئېغىر دەرىجىدە خانىۋەيران قىلىپ، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالان ـ تاراج قىلغاچقا، كەڭ ئاممىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپ قويغان، شۇڭا ئۇ قارشى تەرەپ بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى قېتىملىق جەڭدىلا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان.

ئىككىنچى، 1313 ـ يىلى ئېسەن بۇقا يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئىلىك خانلىقىغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، يۈەن سۇلالىسى بىلەن ئاشكارا قارشىلاشقان. نەتىجىدە، ئىككىنچى يىلى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا رەسمىي ئۇرۇش پارتلىغان. بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا ئىككى تەرەپ ناھايىتى كۆپ ئەسكىرىي كۈچنى ئىشقا سالغان ھەمدە ئېرتىش دەريا ۋادىسىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ ئېلىپ بارغان. جەڭدە ئېسەن بۇقا ئوخشاشلا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان.

ئۈچىنچى، ئېرتىش دەريا ۋادىسىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن،

ئەۋلادلىرىدىن مۇبارەكشاھ ۋە بۇراقتىن قالسىلا ئۈچىنچى قېتىم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خان[11] . ئۇ تەرەققىيپەرۋەر ھەم ئىستىداتلىق كىشى بولۇپ، تەختكە چىقىشى بىلەن تەڭلا ئاكىسىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرغان ھالدا تۆۋەندىكىدەك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان:

بىرىنچى، تارماشىرى تەختكە چىقىشتىن بۇرۇنلا مەخپىي ھالدا ئىسلام دىنىغا كىرگەنىدى. شۇڭا، ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى ئاشكارا تەشۋىق قىلغان ھەمدە بىر قاتار ئاكتىپ چارە ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، خانلىقتىكى غەيرىي ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ ئىختىيارىي مۇنازىرىسىگە يول قويۇش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە ئۈندىگەن. ئەينى چاغدا، ئۇ ھەتتا شەرىئەت قانۇنلىرى بويىچە ئىش كۆرۈپ، موڭغۇللارنىڭ ئەسلىي جاساق قانۇنىنى بىكار قىلغان. بۇ ھال موڭغۇللارنىڭ ئىسلاملىشىش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتكەن.

ئىككىنچى، تارماشىرى كۆپ ھاللاردا قارشى ۋە سەمەرقەند شەھەرلىرىدە تۇرۇپ، خانلىقتىكى موڭغۇل ئاھالىلىرىنى تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشكە ھەمدە تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشكە دەۋەت قىلغان. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزى باشلامچى بولۇپ، تۈرك تىلىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەن. موڭغۇللارنىڭ بۇرۇنقى ئەمەل نامىلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى پۈتۈنلەي تۈركىي تىل بىلەن ئاتاشنى يولغا قويغان. بۇ خىل تەدبىرلەر خانلىقتىكى موڭغۇل ئاھالىلىرىنىڭ تۈركلىشىش قەدىمىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن.

ئۈچىنچى، تارماشىرى باشتىن ـ ئاخىر يۈەن سۇلالىسى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. 1331 ـ يىلى ئۇ ئوغلى بوتچىتاينى خانبالىققا ئەۋەتىپ، يۈەن سۇلالىسى خانى تۇغ تېمۇرگە سوۋغات تەقدىم قىلغان. 1332 ـ يىلى ئۇ يەنە ئەلچى ئارقىلىق يۈەن سۇلالىسى خانى ئىلىن ـ چىپانغا شاراپ ۋە باشقا بويۇملارنى

تارتۇق قىلغان. بۇنىڭ بىلەن، يۈەن سۇلالىسى تارماشىرىنغا مۇۋاپىق ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتكەن.

ئومۇمەن، تارماشىرى يۇقىرىقىدەك ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن موڭغۇللارنىڭ ئىسلاملىشىش ۋە تۈركلىشىش قەدىمىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن خانلىقتا تىنچلىق ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت ـ شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن. 1334 ـ يىلى كونىلىقنىسى ياقلىغۇچى ئاقسۆڭەك چىنگىش تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## 17. چىنگىش

چىنگىش تارماشىرىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئەبۇگەننىڭ چوڭ ئوغلى. بەزى مەنبەلەردە ئۇ «بۇزان» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان[1]. 1334 ـ يىلى، ئۇ كونىلىقنى ياقلىغۇچى ئاقسۆڭەكلەرگە باشچىلىق قىلىپ، تاغىسىدىن خانلىق تەختىنى تارتىۋالغان. چىنگىش ئۆز دەۋرىدىكى ناھايىتى مۇتەئەسسىپ كىشى بولغاچقا، تارماشىرىنىڭ ئىسلاھاتچىلىق تەدبىرلىرىگە چىش ـ تىرنىقىدىن ئۆچمەنلىك قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھەمدە تەختكە چىقىشى بىلەنلا موڭغۇللارنىڭ كونا ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە ئەنئەنىۋى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى جان ـ دىلى بىلەن قوغدىغان. بۇ ھال كۆپلىگەن موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ 1338 ـ يىلى بىر تۇغقان ئىنىسى يەسۈن تېمۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## 18. يەسۈن تېمۇر

يەسۈن تېمۇر خېلى بۇرۇنلا ئاكىسى چىنگىشنىڭ خان بولۇشىغا نارازى بولغانىدى. بولۇپمۇ چىنگىش تەختكە چىققاندىن كېيىنكى تەرىقچىلىق ۋەزىيىتى يەسۈن تېمۇرنىڭ ئاكىسىغا بولغان

قارىشىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. شۇڭا، يەسۈن تېمۇر قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن 1338 - يىلى ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈپ خانلىق تەختىنى تارتىۋالغان ھەمدە ئاكىسىنى قوللىغان ئۆز ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى كېسىۋەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، چاغاتاي خانلىقى چەك - چېكىدىن بۆلۈنۈشكە باشلاپ، جايلاردىكى ئاقسۆڭەكلەر ئارقا - ئارقىدىن مۇستەقىللىق بايراقلىرىنى كۆتۈرۈشكە كىرىشكەن. لېكىن، ھازىرچە قولىمىزدا يەسۈن تېمۇرنىڭ زادى قاچانغىچە تەختتە ئولتۇرغانلىقى ۋە ئاخىر قانداق ۋاپات بولغانلىقى توغرۇلۇق ئېنىق مەلۇمات يوق.

## 19. ئېمىل خوجا

ئېمىل خوجا (ئېل خوجا) تارماشىرىنىڭ ئەڭ كىچىك ئىنىسى. 1326 - يىلدىن 1346 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان تارماشىرى خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئاكىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان. ئەسلىدە تارماشىرىنىڭ بىر تۇغقان ئاكىلىرى بولغان ئېرجىغىتاي بىلەن دۆلەت تېمۇر ئىنىسى تارماشىرىنىڭ سەمەرقەند ۋە قارشى شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي، ئالمالىق شەھىرىدە ئۆزلىرىنى كەينى - كەينىدىن «خان» دەپ جاكارلىغانىدى. شۇ ۋەجىدىن چاغاتاي خانلىقىدا تۈگىمەس يىغىلىقلار باشلىنىپ، جەمئىيەت ئەھۋالى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشقانىدى. دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونىنى باشقۇرۇۋاتقان دوغلات قەبىلىسى بۇ رايوننىڭ بىرلىكى ۋە تىنچ - خاتىرجەملىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، چاغاتاي ئەۋلادىدىن بىرەر كىشىنى خان قىلىپ تىكلەشنى ئويلاشقان ھەمدە ئېلجىغىتاي بىلەن كۈچلۈك زىددىيىتى بار ئېمىل خوجىنى ئاقسۇغا تەكلىپ قىلىپ خانلىق تەختىگە چىقارغان. ئېمىل خوجىنىڭ ئاقسۇدا تەختكە چىققان ۋاقتى تەخمىنەن 1326 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئاكا - ئۇكا ئېلجىغىتاي بىلەن

تارماشىرىننىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئالمالىق بىلەن سەمەرقەندتە تەختكە چىققان مەزگىلى ئىدى. ئىمىل خوجا تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىگە «ئىسەن بۇقا» دەپ نام قويغان. بۇ چاغاتاي خانلىرى ئىچىدىكى «ئىسەن بۇقا سانى» (ئىسەن بۇقا ئىككىنچى) ئىدى[15]. ئىمىل خوجا تەختكە چىقىشى بىلەنلا ماڭلايسۆيەر رايونىدىكى تارقاق بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرغان ھەمدە تۆلەك، بولاجى قاتارلىق دوغلات ئەمىرلىرى ئارقىلىق پۈتۈن جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئايرىم جايلىرىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان. بۇنىڭ بىلەن خانلىقتا بىر مەھەل تىنچ ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، جەمئىيەت تەرتىپى پەيدىنپەي ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان. 1346 ـ يىلى ئىمىل خوجا ئاقسۇدا ۋاپات بولغان.

## 20. تۇغلۇق تىمۇر

تۇغلۇق تىمۇر ئىمىل خوجىنىڭ ئوغلى. 1348 ـ يىلىدىن 1363 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئىمىل خوجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئەمىر بولاجى جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى چاغاتاي ۋە دوغلات ئەمىرلىرىنى كېڭەشكە چاقىرىپ، چاغاتاي ئەۋلادىدىن بىرەر كىشىنى خانلىق تەختىگە چىقىرىشنى قارار قىلغان. دەرۋەقە، ئەمىر بولاجىنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، 1348 ـ يىلى ئىمىل خوجىنىڭ ئوغلى تۇغلۇق تىمۇر ئاقسۇدا خانلىق تەختىگە چىققان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، چاغاتاي خانلىقى يەنە «موغۇلىستان خانلىقى»، «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان. تۇغلۇق تىمۇر تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۆزىنى خانلىق تەختىگە چىقارغان دوغلات جەمەتىگە چەكسىز ھوقۇق ـ ئىمتىيازلارنى بېرىپ، ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمىر بولاجىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە بىر تەرەپ

قىلغان، شۇڭا تۇغلۇق تېمۇرنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن، دوغلات قەبىلىسىنىڭ تەسىر كۈچى مىسلىسىز دەرىجىدە زورايغان. لېكىن، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، تۇغلۇق تېمۇر دوغلات جەمەتىنىڭ قولىدا قورچاق خان بولۇپ تۇرۇۋېرىشنى خالىماي، دوغلات قەبىلىسىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاجىزلىتىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان ھالدا تۆۋەندىكىدەك چارە - تەدبىرلەرنى يولغا قويغان:

بىرىنچى، ئەينى چاغدا ئىسلام دىنى ماڭلايسۆيەر رايونىدىكى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە دىن ئىدى. شۇڭا، تۇغلۇق تېمۇر بۇ رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ (جۇملىدىن، دىنىي ساھەنىڭ) قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 24 يېشىدا مەۋلانە ئەرشىدىنىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان[13] ھەمدە ئوردا ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى ئاشكارا ھالدا ئومۇملاشتۇرغان. بۇنداق ئەھۋالدا، دوغلات جەمەتى مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ خېلى بۇرۇندىنلا ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلغان. شۇنداق قىلىپ، دوغلات جەمەتى چاغاتاي خانلىقىدا ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەن جەمەت بولۇپ قالغان ھەمدە تۇغلۇق تېمۇرنىڭ ئىسلامىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇشىنى قوللىغان. ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇ ئىشتىن كېيىن غەيرىي دىن مۇرتلىرى تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن. بۇنىڭ بىلەن، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا 160 مىڭ كىشى ئۇزۇن چاچلىرىنى كېسىۋېتىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن[14] ئىسلام دىنى چاغاتاي خانلىقى تېررىتورىيىسىدە ئومۇميۈزلۈك تارقىلىشقا باشلىغان.

ئىككىنچى، تۇغلۇق تېمۇر ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەش ۋە چاغاتاي خانلىقىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1360 - يىلىدىن باشلاپ ماۋەرائۇننەھر رايونىغا قارىتا بىر قاتار ھەربىي ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇرۇش 1362 - يىلىغىچە داۋاملىشىپ، ئاخىر ماۋەرائۇننەھر رايونىنىڭ تولۇق

بويسۇندۇرۇلۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان. توغلۇق تېمۇر ماۋرائۇننەھر ئورۇنشىدىن كېيىن بۇ رايون ۋەزىيىتىنىڭ تۇراقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چوڭ ئوغلى ئىلياس خوجىنى بۇ رايوننىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەپ، سەمەرقەندتە تۇرغۇزغان ھەمدە بارلاس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئەمىر تېمۇرنى ئۇنىڭغا ئاتابەگ قىلىپ تەيىنلىگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، توغلۇق تېمۇرنىڭ ئەمرى شەرقتە قاراشەھەردىن غەربتە بۇخاراغىچە، شىمالدا بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن جەنۇبتا ھىندىقۇش تاغلىرىغىچە يېتىدىغان بولغان[45]. 1363 ـ يىلى توغلۇق تېمۇرنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن، چاغاتاي خانلىقى ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كېلىشكە باشلىغان.

## 21. ئىلياس خوجا

ئىلياس خوجا توغلۇق تېمۇرنىڭ چوڭ ئوغلى. توغلۇق تېمۇر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ماۋرائۇننەھر رايونىدىن ئالمالىق شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1363 ـ يىلدىن 1365 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. لېكىن، ئىلياس خوجىنىڭ قايتىپ كېتىشى بىلەن، ماۋرائۇننەھردىكى ئەمىرلەر توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئىلياس خوجىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغان. ئىلياس خوجا بۇ توپىلاڭنى باستۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئەسكەرلەر ئارىسىغا ئېغىر كېزىك كېسىلى تارقالغاچقا، ئىلاجىسىز قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان[46]. 1365 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئىلياس خوجا قەشقەردە توپىلاڭ قوزغاپ ئۆزىنى «خان» دەپ جاكارلىغان قەمەرىددىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. مۇشۇ قېتىملىق پاجىئەدە قەمەرىددىن توغلۇق تېمۇر جەمەتىدىن جەمئىي 18 كىشىنى ئۆلتۈرگەن.

## 22. خىزىر خوجا

خىزىر خوجا توغلۇق تېمۇرنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى.

1387 ـ يىلىدىن 1405 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ 1365ـ يىلىدىكى قەمەرىددىنىنىڭ قىرغىنچىلىقىدا ئاتا بەگ خۇدايداتنىڭ ئانىسى مىر ئانا خاتۇن تەرىپىدىن يوشۇرۇنۇپ ئۆلۈمدىن ساقلىنىپ قالغان. شۇ ۋەقەدىن كېيىن، چاغاتاي خانلىقى تا 1379 ـ يىلىغىچە قەمەرىددىنىنىڭ نىسپىي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان. قەمەرىددىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئاتا بەگ خۇدايدات چاغاتاي خانلىقىنىڭ سەلتەنەتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، نەچچە رەت ئادەم ئەۋەتىپ خىزىر خوجىنى مىڭ تەسلىكتە تېپىپ كەلگەن ھەمدە 1387 ـ يىلى ئۇنى ئالمالىق شەھىرىدە خانلىق تەختىگە چىقارغان[17]. خىزىر خوجا چاغاتاي تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۆزىنى خانلىق تەختىگە چىقارغان خۇدايداتقا 12 خىل ھوقۇق ۋە ئىمتىياز بەرگەن[18]. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇدايداتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا تۆۋەندىكىدەك چارە ـ تەدبىرلەرنى يولغا قويغان:

بىرىنچى، خىزىر خوجا چەتتىن كېلىدىغان تەھدىتنى تۈگىتىش ئۈچۈن، غەربىي چاغاتاي خانى ئەمىر تېمۇر بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، 1389 ـ يىلى ئۆز قىزى تەۋەككۈل خانىمنى ئۇنىڭ ھوزۇرىغا سۇنغان. 1391 ـ يىلىدىن باشلاپ شەرقتىكى مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزئارا دوستلۇق ئورناتقان. بۇنىڭ بىلەن، خىزىر خوجا غەرب ۋە شەرقتىن كېلىدىغان تەھدىتنىڭ ئالدىنى ئالغان.

ئىككىنچى، خىزىر خوجا ئۆز زېمىنىنى تەۋەسىدىكى رەقىبلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن، 1393 ـ يىلى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان ھەمدە قارا قوچۇ شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ ئىدىقۇتنى ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بەش ئەسىردىن كۆپرەك داۋاملاشقان ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلگەن.

ئۈچىنچى، خىزىر خوجا ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش

مەقسىتىدە تۇرپان ۋە قۇمۇل رايونلىرىغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك غازات ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، بۇ جايلارنى ئىسلاملاشتۇرغان ھەمدە بۇ رايونلارنى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش ئۇچۇن بېشبالىق ۋە قارا قوچۇ شەھىرىنى خانلىقنىڭ قوشۇمچە پايتەختى قىلىپ بېكىتكەن.

دېمەك، خىزىر خوجا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە يۇقىرىقىدەك چارە ـ تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، خانلىقتا بىر مەزگىل تىنچ ـ خاتىرجەم ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. بۇ ھال ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىنى پايدىلىق ئامىللار بىلەن تەمىنلىگەن. 1405 ـ يىلى خىزىر خوجا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

## 23. شەمئىي جاھان

شەمئىي جاھان خىزىر خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى. ئۇ 1405 ـ يىلى ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. شەمئىي جاھان ئۆز ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە مىڭ سۇلالىسىگە كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، ھەر خىل ئېسىل بۇيۇملارنى ھەدىيە قىلغان. مىڭ سۇلالىسىمۇ بۇنىڭغا مۇناسىپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتكەن. 1408 ـ يىلى شەمئىي جاھان ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولغان.

## 24. مۇھەممەد

مۇھەممەد شەمئىي جاھاننىڭ ئىنىسى. ئۇ 1408 ـ يىلى ئاكىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. مۇھەممەد تەقۋادار ئىسلام مۇرىتى بولغاچقا، تەختكە چىقىشى بىلەنلا ئىسلام دىنىنى ناھايىتى قاتتىق قوللۇق بىلەن يولغا قويغان. سەللە يۆگىمىگەنلىكى موڭغۇللارنىڭ بېشىغا تاقا مىقىنى قاققان[①]. بۇ ھال ئىسلام دىنىنىڭ يەنىمۇ ئومۇملىشىشى ئۇچۇن بەزى شەرت ـ شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن. 1415 ـ يىلى مۇھەممەد ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن.

## 25. شىر مۇھەممەد

شىر مۇھەممەد مۇھەممەدنىڭ ئوغلى. 1415 ـ يىلى مۇھەممەد ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. لېكىن، بىرنەچچە ئاي ئۆتمەيلا تەختتىن چۈشۈرۈلگەن. ھازىر ئۇنىڭ كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىگە ئائىت ئېنىشەنچىلىك ماتېرىيال يوق.

## 26. نەقشى جاھان

نەقشى جاھان شەمئىي جاھاننىڭ ئوغلى. ئۇ خۇدايداتنىڭ يۆلىشى بىلەن شىر مۇھەممەدنىڭ تەختىگە چىققان. 1415 ـ يىلىدىن 1418 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. لېكىن، ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، خىزىر خوجىنىڭ نەۋرىسى، شىر ئەلىنىڭ ئوغلى ئۇۋەيس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## 27. ئۇۋەيس

ئۇۋەيس 1418 ـ يىلى ئەمىر تېمۇر كوراگاننىڭ ئوغلى شاھرۇھ مىرزىنىڭ سەركەردىسى شاھ نۇرىددىننىڭ ياردىمى بىلەن نەقشى جاھاننى ئۆلتۈرۈپ چاغاتاي خانلىقى تەختىگە چىققان. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆز ھۆكۇمرانلىقىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك سىياسەتلەرنى يولغا قويغان:

بىرىنچى، ئۇۋەيس يىغىلىق تۇپەيلىدىن خاراب بولغان ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇۋەيس تۇرپانغا كېلىپ قۇدۇق قازدۇرۇپ تېرىقچىلىق قىلغان ھەمدە ئۆزىنىڭ بىر يىللىق ئوزۇقىنىمۇ ئەنە شۇ يول ئارقىلىق ھەل قىلغان.[25]

ئىككىنچى، ئۇۋەيس ئىسلام دىنىنى تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ غەربكە كېڭەيگەن ئويرات موڭغۇللىرىغا قارىتا نۇرغۇن قېتىم غازات ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇشلىرى ئاساسەن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشتە خېلى كۈچ سەرپ قىلغان.

ئومۇمەن، ئۇۋەيس يۇقىرىقى سىياسەتلىرى ئارقىلىق، خانلىقتا بىر مەزگىل تىنچ ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بىراق، بۇ خىل ۋەزىيەت ئۇزاق داۋاملاشمىغان. 1428 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەۋلادى مىرزا ئۇلۇغ بەگ تەرىپىدىن قوغلانغان ساتۇق سەمەرقەندتىن قوشۇن باشلاپ كېلىپ، ئۇۋەيسكە قارشى ئۇرۇش قىلغان. ئۇرۇشتا ئۇۋەيس قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن خاتا هالدا ئۆلتۈرۈلگەن ھەمدە ئىلىغا ئېلىپ كېلىنىپ دەپنە قىلىنغان.

## 28. ئېسەن بۇقا

ئېسەن بۇقا ئۇۋەيسنىڭ كىچىك ئوغلى. بەزى مەنبەلەردە ئۇ «ئېسەن بۇقا سالىس» (ئېسەن بۇقاخان ئۈچىنچى) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان[41]. ئېسەن بۇقا 1429 ـ يىلى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى مەھمۇد شاھنىڭ قوللىشى بىلەن خانلىق تەختىگە چىققان. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئاكىسى يۇنۇسخاننى ئالمالىقتىن قوغلاپ چىقارغان. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن چاغاتاي خانلىقى يەنە پارچىلىنىش كىرىزىسىغا دۇچ كەلگەن. ئېسەن بۇقا چېكىدىن ئاشقان زالىم ۋە كۆڭلىنى ياقلايدىغان مۇتەئەسسىپ خان بولغاچقا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم قالغان. ھەتتا ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان ئەمىرلەرمۇ ئۇنىڭغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەن. بۇنداق ئەھۋالدا، يۇنۇسخان سەمەرقەند ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسىم رايونلىرىنى

ئىگىلىۋالغان ھەممە بۇ جايلاردا ئۆزىنى «خان» دەپ جاكارلىغان. دەرۋەقە، ئېسەن بۇقا پەقەت ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردىلا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالالىغان. 1462 ـ يىلى ئۇ ئاقسۇ شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

## 29. دوست مۇھەممەد

دوست مۇھەممەد ئېسەن بۇقانىڭ ئوغلى. ئېسەن بۇقا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ئاقسۇدا ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1462 ـ يىلىدىن 1469 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، دوغلات جەمەتىدىن سانىز مىرزىنىڭ ئوغلى مىرزا ئابابەكرى قەشقەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۆزىنى «خان» دەپ ئېلان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن، دوست مۇھەممەد ۋە تاشكەنتنى پايتەخت قىلىپ تۇرۇۋاتقان يۇنۇسخان ئۆز ھۆكۈمرانلىقلىرىدىن خەۋپسىرەپ، مىرزا ئابابەكرىگە قارشى نەچچە رەت ئۇرۇش ئېلىپ بارغان. لېكىن، مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە زورىيىپ، شەرقتە ئاقسۇدىن غەربتە بەدەخشانغىچە، شىمالدا پەرغانىدىن جەنۇبتا خوتەنگىچە بولغان رايونلار ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان. دەل مۇشۇنداق پەيتتە، دوست مۇھەممەد تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ (1469 ـ يىلى)، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلار مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئېغىر تەھدىتىگە ئۇچراشقا باشلىغان.

## 30. كېپەك سۇلتان

كېپەك سۇلتان دوست مۇھەممەدنىڭ ئوغلى. دوست مۇھەممەد ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاقسۇ، قاراشەھەر، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنى باشقۇرغان. 1469 ـ يىلىدىن 1472 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. لېكىن، ئۇ تولىمۇ قابىلىيەتسىز خان بولغاچقا، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى

رايونلارنى ئۈنۈملۈك باشقۇرالمىغان. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەمەلىيەتتە پەقەت تۇرپان رايونى بىلەنلا چەكلەنگەن. 1472 - يىلى يۇنۇسخان ئىككىنچى ئوغلى ئەھمەدنى ئەۋەتىپ، كېپەك سۇلتاننى تەختتىن چۈشۈرگەن.

## 31. ئەھمەد

ئەھمەد يۇنۇسخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى. 1487 - يىلى يۇنۇسخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاقسۇدىن قۇمۇلغىچە بولغان جايلارنى باشقۇرغان ھەمدە ئۆزىنى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ قانۇنىي سۇلتانى دەپ ئاتىغان. ئۇ تۇرپاننى پايتەخت قىلىپ، بىر تەرەپتىن خانلىق تەۋەسىدىكى بۆلۈنمە كۈچلەرنى قاتتىق بېسىقتۇرۇپ، ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، خانلىققا كېلىدىغان تاشقى تەھدىتنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئويراتلارغا ئىككى قېتىم جازا يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. 1502 - يىلى، ئۇ ئاكىسى مەھمۇدنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن سەئىد باشلىق ئوغۇللىرى ۋە نۇرغۇن قوشۇنغا ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ ماۋرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلغان ھەمدە ئاكىسى بىلەن بىرلىشىپ پەرغانىگە يېقىن ئەخشى دېگەن جايدا ئۆزبېك خانى مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان. جەڭدە ئاكا - ئۇكا ئىككىسى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، شەيبانىخان تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان. كېيىن ئۇلار شەيبانىخانغا زېمىن بۆلۈپ بېرىش بەدىلىگە، ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلىنغان. مۇشۇ ئىش يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئەھمەد مەغلۇبىيەت دەردىگە چىدىماي ئاقسۇ شەھىرىدە ۋاپات بولغان ( 1504 - يىلى ) . ئاكىسى مەھمۇد بولسا كېيىنچە جىيەنى سەئىد بىلەن زىتلىشىپ قېلىپ مەغلۇپ بولغان ۋە 1508 - يىلى مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ يېنىغا قېچىپ بارغاندا ئۆلتۈرۈلگەن.

## 32. مەنسۇر

مەنسۇر ئەھمەدنىڭ ئوغلى. ئەھمەد ئاكىسىغا ياردەملىشىپ شەيبانىخانغا قارشى قوشۇن تارتقان (1502 - يىلى) دا، ئۇنى ئۆز ئورنىغا ۋاقىتلىق «خان» قىلىپ تەيىنلىگەن. ئەھمەد ۋە مەھمۇد ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ پۈتكۈل خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىغا ئايلانغان. 1514 - يىلى مەنسۇرنىڭ ئىنىسى سەئىدنىڭ مىرزا ئابابەكرىنى يوقىتىپ يەكەن خانلىقىنى قۇرۇپ چىقىشى بىلەن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى مەيدانغا كەلگەن. 1516 - يىلىغا كەلگەندە، بۇ ئىككى خان ئەينى چاغدىكى مەشھۇر سوپى ئۆلىما خوجا تاجىددىننىڭ تەشەببۇسى ئارقىلىق، ئاقسۇنىڭ جام دېگەن يېزىسى ئارىلىقىدىكى ئارابات دېگەن تۇزلەڭلىكتە كۆرۈشكەن. كۆرۈشۈش نەتىجىسىدە، ئىككى تەرەپنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق ئۆتۈش، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىش، ئۆزئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردە بولۇش، بىر - بىرىنى ئېتىراپ قىلىشتەك ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، جەمئىيەتتە بىر مەزگىل ئەمىنلىك ھۆكۈم سۈرگەن، لېكىن سۇلتان ئابدۇرەشىدنىڭ تەختكە چىقىشى (1533 - يىلى) بىلەن، مەنسۇر قوشۇن باشلاپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغان. سۇلتان ئابدۇرەشىد قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تاغىسىنىڭ بۇ قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۇرگەن. 1538 - يىلى مەنسۇر قايتىدىن ئۇرۇش باشلىغاندا سۇلتان ئابدۇرەشىد تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم قاتتىق مەغلۇپ قىلىنغان. 1543 - يىلى مەنسۇر ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولغان.

## 33. شاھ سۇلتان

شاھ سۇلتان مەنسۇرنىڭ چوڭ ئوغلى. 1543 - يىلىدىن 1565 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. مەنسۇر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، غەربتە باي ناھىيىسىدىن

شەرقتە چيايۇگۇەن قوۋۇقىغىچە بولغان جايلارنى باشقۇرغان. 1565 ـ يىلى ئويراتلارنىڭ بىر قېتىملىق ھۇجۇمىدا ئوق تېگىپ ئۆلگەن.

## 34. سۇلتان مەسئۇد

سۇلتان مەسئۇد شاھ سۇلتان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاكا ـ ئىنىلىرى تەرىپىدىن خانلىق تەختىگە چىقىرىلغان. 1565 ـ يىلدىن 1570 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. لېكىن، سۇلتان مەسئۇدنىڭ شاھ سۇلتان بىلەن بولغان نەسەبىي مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس. سۇلتان مەسئۇد ئاساسلىقى تۇرپان رايونىغىلا ھۆكۈمرانلىق قىلالىغان. 1570 ـ يىلى يەكەن خانى ئابدۇلكەرىمخان قوشۇن ئەۋەتىپ، تۇرپاننى ئىشغال قىلغان ھەمدە سۇلتان مەسئۇد ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى سۇلتان مۇھەممەد ئالىپ باتۇرنى يەكەنگە باغلاپ ئېلىپ كەلگەن[22]. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شەرقىي قىسمىدىكى رايونلار يەكەن خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ، پۈتكۈل ئۇيغۇرلار رايونى رەسمىي تۈردە يەكەن خانلىقى دەۋرىگە قەدەم قويغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ جەمئىي 34 خان تەختتە ئولتۇرغان بولۇپ، بۇ خانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە خانلىقتا نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەرگەن. شۇڭا، بۇ خانلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى ۋە نەسەبنامىلىرىنى تونۇشتۇرۇش، چاغاتاي خانلىقىنىڭ (جۈملىدىن ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ) بىر پۈتۈن تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

ئىزاھاتلار:

①②⑤⑧⑫㉑ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 809 ـ، 816 ـ، 828 ـ، 838 ـ، 859 ـ، 895 ـ بەتلەر.

③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1 ـ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى، 289 ـ بەت.

④ چېلىڭ سۇلو: «تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى، 216 ـ بەت.

⑥ ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى» (1 ـ قىسىم)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 561 ـ بەت.

⑦⑧⑩⑪⑳ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى، 273 ـ، 275 ـ، 283 ـ بەتلەر.

⑬ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ئەمىنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 12 ـ بەت.

⑭⑮ «تارىخى رەشىدى» (1 ـ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى، 162 ـ، 165 ـ، 171 ـ، 176 ـ بەتلەر.

⑯⑱⑲㉒ ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى، 54 ـ، 55 ـ، 58 ـ، 126 ـ بەتلەر.

⑰ ۋېي لياڭتاۋ: «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى ۋە يىلنامىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 ـ يىلى 2 ـ سان.

# X يەكەن خانلىقىنىڭ خاقانلىرى

يەكەن خانلىقى 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئۇيغۇرلاشقان چاغاتاي ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان. بۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە باشقا ساھەلەر گۈللەپ ياشنىغان ئالتۇن دەۋر ئىدى. نۆۋەتتە، مەزكۇر خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالى ئۈستىدە بەزىبىر تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

## 1. سۇلتان سەئىدخان

يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى سۇلتان سەئىدخان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خاقانى ئەھمەدنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى بولۇپ، 1490 ـ يىلى تۇرپاندا تۇغۇلغان. ئۇ 12 ياش ۋاقتىدا دادىسى بىلەن بىللە ئۆزبېك خانى شايبانىخانغا قارشى جەڭ قىلغان ھەمدە ئۇرۇشتا مەغلۇب بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەن. بىر يىلدىن كېيىن شايبانىخان ئۇنى قويۇپ بېرىپ، ئۆزى بىلەن بىللە بىر قاتار ئۇرۇشلارغا قاتناشتۇرغان. كېيىن ئۇ شايبانىخاننىڭ خارەزىمگە كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ يېنىغا قېچىپ بارغان. لېكىن، تاغىسىنىڭ يېنىدا تۇرسا بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاخىر يەنە قىرغىزلار رايونىغا كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، قىرغىزلارنىڭ چوڭ سەردارىغا ئايلانغان. 1508 ـ يىلى سەئىدخان زور قوشۇن بىلەن تاغىسى مەھمۇدخانغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقان. دەل شۇ پەيتتە، سەئىدخاننىڭ چوڭ ئاكىسى مەنسۇرخان لەشكەر تارتىپ كېلىپ، سەئىدخانغا قارشى ئومۇميۈزلۈك جەڭگە

ئاتلانغان. نەتىجىدە ئاكا ـ ئۇكا ئوتتۇرىسىدا ئالمائاتا دالاسىدا قاتتىق جەڭ بولۇپ، سەئىدخان مەغلۇپ بولغان ھەمدە ئازغىنە ئادىمى بىلەن كابۇلدىكى تاغىسى زاھىرىدىن بابۇر شاھنىڭ يېنىغا مىڭ تەسلىكتە قېچىپ كەلگەن. بابۇر شاھ ئۇنى ئىززەت ـ ئېكراملار بىلەن كۈتۈۋالغان. بۇنىڭ بىلەن سەئىدخان بىر مەزگىل تاغىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئۆزبېكلەرگە قارشى بىر قاتار ھەربىي ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ئۆزبېكلەرنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ھەمدە قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەن ھۆكۈمرانى مىرزا ئەبۇبەكرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك ھەربىي يۈرۈش ئېلىپ بېرىشى سەۋەبىدىن سەئىدخان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ھەمدە مىرزا ئەبۇبەكرىنى يوقىتىپ، قەشقەر، يەكەن، خوتەننى قولغا كىرگۈزۈپ، ئەجدادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان موغۇلىستان خانلىقىنىڭ زېمىنىغا ئىگىدارچىلىق قىلماقچى بولغان. دەرۋەقە، 1514 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سەئىدخان 4 مىڭ 700 كىشىلىك قوشۇن بىلەن تورغات يولى ئارقىلىق ئاتۇشقا يېتىپ كەلگەن. بۇنى ئاڭلىغان مىرزا ئەبۇبەكرى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ قەشقەر ۋە يېڭىساردا كۈچلۈك ئىستىھكاملارنى ياساتقان. لېكىن، سەئىدخان مىرزا ئەبۇبەكرىنىڭ شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچرىغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ يېڭىسار، قەشقەر ۋە يەكەنلەرنى ئىشغال قىلغان. مىرزا ئەبۇبەكرىنىڭ بۇ جايلارنى ساقلاۋاتقان قوشۇنلىرى ئاساسەن قارشىلىق كۆرسەتمەيلا تەسلىم بولغان. نەتىجىدە مىرزا ئەبۇبەكرى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ كۆيۈملۈك تېغى ئارقىلىق لاداق رايونىغا قاراپ قاچقان. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەيلا سەئىدخاننىڭ قوشۇنلىرى مىرزا ئەبۇبەكرىنى ئېز قوغلاپ تۇتۇپ، لاداقتا قەتلى قىلغان.

بۇنىڭ بىلەن 1514 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سەئىدخان دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ ھىمايىسى بىلەن يەكەندە رەسمىي خانلىق تەختىگە چىققان.

سەئىدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن خانلىقنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك سىياسەتلەرنى يولغا قويغان: بىرىنچىدىن، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مىرزا ئەبۇبەكرىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقاتقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئوغرى ـ بۇلاڭچىلىق ۋە باشقا ھەر خىل جىنايەتچىلەرنى تازىلاپ، جەمئىيەتتە خاتىرجەم ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئىككىنچىدىن، مىرزا ئەبۇبەكرىنىڭ تاشلاپ كەتكەن دۆلەت خەزىنىسىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى يەكەن خانلىقىنى قۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەن ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا بۆلۈپ بەرگەن. يەنە بىر قىسمىنى خانلىق خەزىنىگە ئۆتكۈزۈپ، مۇشۇ ئىقتىساد ئارقىلىق خانلىقنى 10 يىلغىچە قامدىغان ھەمدە بۇنىڭ بەدىلىگە خەلقتىن 10 يىلغىچە ئالۋاڭ ـ ياساق ئالمىغان. ئۈچىنچىدىن، ئەينى زاماندىكى مەشھۇر سوپى خوجا تاجىدىننىڭ تەشەببۇسى ئارقىلىق، 1516 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئاقسۇ بىلەن كۇچار ئارىلىقىدىكى ئارابات دېگەن تۈزلەڭلىكتە ئاكىسى مەنسۇرخان بىلەن كۆرۈشۈپ، سۈلھى تۈزگەن. نەتىجىدە مەنسۇرخان ئۇنىڭ خاقانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. تۆتىنچىدىن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە خانلىق تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، بىر قاتار كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، 1519 ـ يىلى ۋە 1530 ـ يىلى بەدەخشانغا ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، بۇ رايوننىڭ يېرىمىنى يەكەن خانلىقى زېمىنىغا قوشۇۋالغان. 1522 ـ يىلدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاق ۋە قىرغىزلار رايونىغا قارىتا نەچچە رەت ھەربىي يۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1532 ـ يىلى 7 ـ ئايدا 5 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تىبەت،

لاداق، بالتىستان ۋە كەشمىر قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلغان. نەتىجىدە، يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كۈندىن ـ كۈنگە مۇستەھكەملىنىپ، خانلىقنىڭ زېمىنى شەرقتە جىيايۇگۇەنگىچە، غەربتە پامىر، خۇۋە ۋە ۋاخان رايونلىرىغىچە، شىمالدا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىغىچە، جەنۇبتا كۇئېنلۇن، ئالتۇن تاغلىرىغىچە يەتكەن.

سەئىدخان يۇقىرىقىدەك ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، خانلىقنىڭ دەسلەپكى گۈللىنىش ـ مەمۇرچىلىق ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بىر قىسىم مۇسۇلمان تارىخچىلارنىڭ خاتىرىلىشىچە، سەئىدخان خانلىقنى تۈزەپ، مۇئەمىنچىلىك قىلىۋەتكەن. يۇقىرىسى بەگ ـ بېگات ئېسىلزادىلەردىن تۆۋىنى پۇقرايى ـ بەقىرلەرگىچە ھەممە كىشى ئەدەب ـ سۆلكەتلىك بولغان. ئۇ تەرەققىيپەرۋەر ۋە ئىستىبداتلىق ھۆكۈمران بولۇپ، ئەلنى ئىدارە قىلىش سەنئىتىدە يۇقىرى كامالەتكە يەتكەن. ئۇ يەنە ئومۇمىيلىقنى ئەلا بىلىپ، خانلىقنى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرگەن. ھالىدىن كەتكەن خەلقنىڭ ئارام ئېلىپ دەرمان توپلىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىنى تىنچىتىپ، خارابلاشقان ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەتنىڭ قايتىدىن جانلىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. لېكىن، سەئىدخان ئىسلام دىنىنىڭ سادىق مۇخلىسى بولغاچقا، غەيرىي دىندىكىلەرگە قارىتا بىر قاتار غازات ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارغان. كەشمىر، لاداق، ھەتتا ئالدى تىبەت ۋە ئارقا تىبەتلەرمۇ ئۇنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. 1533 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 47 يېشىدا لاداققا قارشى ئېلىپ بارغان غازات ئۇرۇشى جەريانىدا تۇتەكتە قېلىپ ۋاپات بولغان. جەسىتى يەكەن خانلىق ئوردىسىغا يۆتكەپ كېلىنگەن.

## 2. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان

ئابدۇرەشىدخان سەئىدخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، كىچىكىدە سەرسان ـ سەرگەردانلىقتا كۆپ ئازاب تارتقان. 1533 ـ يىلدىن 1559 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. كېيىن دادىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەن. سەئىدخان ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلىغان ھەمدە ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭغا دەرس ئۆتكۈزگەن. تارىخچى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېقىن دوستى ۋە ياخشى ئۇستازى بولغان. سەئىدخان ئۇنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ قىرغىزلارنى باستۇرۇشقا، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر بىلەن شەرق ۋە غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىشقا، ئۆز ئىنىسى ئامان سۇلتاننىڭ ئاقسۇدىكى توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈرۈشىغا ھەمدە ئاقسۇنى ئىدارە قىلىش ئىشىغا ئەۋەتكەن. 1533 ـ يىلى سەئىدخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ يەكەن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ خاقان بولغاندىن كېيىن بىرمۇنچە قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئورنىنى مۇستەھكەملىگەن ۋە دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكى، ئامانلىقىنى جان تىكىپ قوغدىغان. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاساسلىق تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىدەك بولغان:

بىرىنچى، ھەربىي ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى گۇمانلىق دەپ قارالغان، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى قەتلى قىلىپ، يېڭى قائىدە ـ تۈزۈملەرنى بېكىتىپ چىققان. بۇرۇنقى موغۇلىستان خانلىقى ھەم يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىي تايانچىسى بولغان دوغلات قەبىلىسىنىڭ ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي تارتىۋالغان. گەرچە بۇ ۋەقە يەكەن خانلىقىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن بەزى زىيانلارنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ بەزى بۆلگۈنچىلىك ئىشلىرىغا ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بېرىلگەن.

ئىككىنچى، تىنچلىق توختىمىنى بۇزۇپ، ئاقسۇ ۋە ئۇنىڭ غەربىگە ھۇجۇم قىلغان تاغىسى مەنسۇرخانغا قاتتىق زەربە بەرگەن.

مەنسۇرخان مەغلۇپ بولۇپ تۇرپانغا چېكىنىدىكەن. لېكىن، 1538 ـ يىلى مەنسۇرخان يەكەن خانلىقىغا قارشى يەنە ئۇرۇش قوزغىغان. ئابدۇرەشىدخان ئۇنى يەنە مەغلۇپ قىلىپ، شەرقتە تاكى گەنسۇنىڭ جىيايۇگۇەن قوۋۇقىغىچە بولغان بارلىق زېمىنلارنى يەكەن خانلىقىغا قوشقان ھەمدە ئۇنىڭ ئوغلى شاھخاننى بۇ جايلارغا سۇلتان قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇنىڭ بىلەن مەنسۇرخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇزۇل ـ كېسىل خاتىمە بېرىلگەن.

ئۈچىنچى، يەكەن خانلىقىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشى ۋە ھامىيلىقىدىكى رايونلاردا يۈز بەرگەن توپىلاڭلارنى تىنچىتقان. مەسىلەن، 1538 ـ يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ ھامىيسى بولغان قازاق خانلىقىنىڭ خاقانى ھەق نەزەرخاننىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى قاتتىق باستۇرغان. شۇ يىلى يەنە مەنسۇرخان ئىككىنچى قېتىم ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغاندا، باش ئەمىر مىرزا ئەلى تاغاي باشلىق بەزى ئەمىرلەر توپىلاڭغا تەييارلانغان. ئابدۇرەشىدخان بۇ ھەرىكەتنىمۇ قاتتىق بېسىقتۇرغان.

تۆتىنچى، جەمئىيەتنىڭ باشقا ساھەلىرىدىمۇ بىرمۇنچە يېڭى تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، ئاھالە كۆچۈرۈپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئىچكى ۋە تاشقى سودىنىسى راۋاجلاندۇرۇش، مەكتەپ ۋە مەدرىسلەرنى كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ ئەركىن مۇنازىرىسىگە يول قويۇشتەك بىر قاتار سىياسەتلەرنى يۈرگۈزگەن. نەتىجىدە خانلىقتا بىر مەھەل نىسبەتەن تىنچ ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، جەمئىيەتنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان «ئالتۇن دەۋر» ى بارلىققا كەلگەن.

بەشىنچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا ئىلھام بېرىپ، جايلاردا نەزەرگە ئېلىنماي قالغان ئۇيغۇر سازەندىلىرى، غەزەلچىلىرى ھەم شائىرلىرىنى تاپتۇرۇپ ئەكەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئوردىدا نۇرغۇن تالانتلىق شەخسلەر توپلىنىپ، خەلق ئارىسىدا كەڭ

تارقىلىپ يۈرگەن «مۇقام» مۇزىكىلىرىمۇ مۇشۇ كىشىلەر بىلەن بىللە ئوردىغا كىرگەن. دەرۋەقە، ئۇيغۇر «12 مۇقام» نىنىڭ رەتلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر شەرت ـ شارائىتلار ھازىرلانغان.

ئومۇمەن، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۇكسەك دەرىجىدە مۇستەھكەملىگەن. ئۇ دۆلەتنى ئوتتۇزسال ئىدارە قىلىش جەھەتتىمۇ ئاتىسىدىن ھېچ قېلىشمىغان. ئۇ يەنە دائىم يۇقىراچە ياسىنىپ ئاددىي خەلق ئارىسىغا چۆكۈپ، ئەمەلدارلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى يوشۇرۇن ئىگىلىگەن. 1559 — 1560 ـ يىللىرى، (ئىسلام كالېنداردا 967 ـ يىلى) ئۇ خوتەننىسى تەكشۇرۇش سەپىرىدە بەختكە قارشى سۇيقەستكە ئۇچراپ ۋاپات بولغان.

### 3. ئابدۇلكەرىمخان

ئابدۇلكەرىمخان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىككىنچىسى ئوغلى. ئۇ يەكەن خانلىقى تارىخىدا ئەڭ ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن خاقان. 1559 ـ يىلىدىن 1591 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى تۈزۈم ۋە سىياسەتلەرنى ئىزچىل تۈردە ئىجرا قىلىپ، سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى بولغان بەگلىك تۈزۈمىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۇرگەن. خەلق ئاممىسى ئۈستىدىكى باج ـ سېلىقلارنى كېمەيتكەن. شۇڭا، ئۆز دەۋرىدە «ئابدۇلكەرىمخان ئادىل» دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان. بۇ ھال ئۇنىڭ يەكەن خانلىقى تارىخىدا ئەڭ ئۇزاق ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىكى تۈپكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. 1570 ـ يىلى غەربتە بايدىن شەرقتە جىيايۇگۇەنگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان مەنسۇرخاننىڭ ئوغلى شاھ سۇلتاننىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن، 1516 ـ يىلدىن باشلاپ يەكەن خانلىقىنىڭ ھامىيلىقىغا كىرگەن بۇ رايونلارنى خانلىقنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋالغان ھەمدە كەنجى

ئىنىسى ئابدۇرەھىمخاننى بۇ جايلارغا سۇلتان قىلىپ ئەۋەتكەن. 1591 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئىنىسى قۇرەيش سۇلتان ۋە ئوردا ۋەزىرلىرىدىن ئەبۇلمەئانى، مۇھەممەد قاسىم قاتارلىقلارنىڭ ئوردا توپىلىڭى سەۋەبىدىن، بارچۇقتا ئۆلتۈرۈلگەن ھەمدە «خان شەھىد» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

## 4. مۇھەممەدخان

مۇھەممەدخان خاقان ئابدۇلكەرىمخاننىڭ ئىنىسى. 1591 ـ يىلىدىن 1609 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە خانلىق تازا قىرانىغا يەتكەن. يەكەن، خوتەن، قەشقەر، سېرىققول، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچار، چالىش (قاراشەھەر)، تۇرپان، قۇمۇللاردا خۇتبە ئۇنىڭ نامىغا ئوقۇلغان ھەمدە بۇ جايلاردا ئۇنىڭ نامىدا پۇل قۇيدۇرۇلغان. ئۇ ئاۋام پۇقرالارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، جازانىخورلارنى چەكلىگەن. خانلىق ئوردىسى يەكەن راسا گۈللەنگەن. ئۇ يەنە تەقۋادار مۇسۇلمان بولغاچقا، قارا تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ پىرى خوجا ئىسھاقنىڭ خەلىپىسىنىڭ ۋە قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە مەدھىيىسىگە سازاۋەر بولغان. پورتۇگالىيىلىك بېنېدىكتىننىڭ «ساياھەت خاتىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئەمىر ـ پەرمانلار پۈتۈن ئەلدە يولغا قويۇلغان. جەمئىيەت تەرتىپى ياخشى، سەيلى ـ ساياھەت بىرخەتەر بولغان. يەكەن شەھىرىدە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى ناھايىتى جانلانغان. لېكىن، مۇھەممەدخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، يەكەن خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر قاتار سىياسىي كۆرەشلەر يۈز بېرىپ، بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. جۈملىدىن، ئۇنىڭ بىردىنبىر ھايات ئىنىسى ئابدۇرەھىم سۇلتان ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇق ـ ئىمتىيازلارغا رازى بولماي، كۇچار بىلەن باينى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. بۇنىڭ بىلەن خانلىق ھەرخىل ئىچكى

نىزالارغا دۇچ كېلىپ، ئاستا ـ ئاستا زاۋاللىققا يۈز تۇتقان. 1609 ـ يىلىغا كەلگەندە، مۇھەممەدخاننىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن بۇ خىل كرىزىس تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ بارغان.

## 5. ئەھمەدخان

ئەھمەدخان سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى. 1609 ـ يىلىدىن 1618 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. مۇھەممەدخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ شادى خوجا، ۋەزىر خوجا لەتىپ، قوشبېگى مىرزا غىياس قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ قوللىشى بىلەن يەكەن خانلىقى تەختىگە چىقىپ، ئوردا ئىچى ۋە پۇتكۈل خانلىقنىڭ ۋەزىيىتىنى بىر مەھەل مۇقىملاشتۇرغان. لېكىن، خانلىقتا تەختنى تالىشىش كۈرىشى ھېچبىر توختىماي، جايلاردا ئەھمەدخانغا قارشى كۆتۈرۈلۈشلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىپ تۇرغان. بۇنىڭدىن سىرت، مۇھەممەدخاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان قىرغىزلار 5 مىڭ ئادەم بىلەن ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بېسىپ كىرگەن. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەھمەدخان بىر قاتار كەسكىن تەدبىرلەرنى قوللانغان. ئۇ ئالدى بىلەن قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ۋە يەكەنلەردە ئۇلارغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي ھەرىكەت قوللانغان ھەمدە بۇ رايونلارغا بېسىپ كىرگەن قىرغىز قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، خانلىققا كېلىدىغان تاشقى تەھدىتنى تۈگەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ قەشقەردە ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەۋرىسى شەرىپىدىننىڭ، يەنە تۇرپاننىڭ نائىبى ئابدۇرەھىم، ئاقسۇنىڭ نائىبى ئىسكەندەر قاتارلىق خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ بىر قاتار توپىلاڭلىرىنى تىنچىتىپ، خانلىقنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى بىر مەزگىل مۇقىملاشتۇرغان. لېكىن، بۇ خىل ۋەزىيەت ئۇزاق داۋاملاشمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەھمەدخان ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە سەيلە ـ ساياھەت بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ،

ئوردا ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىغان. بۇنىڭ بىلەن خانلىقنىڭ ھوقۇقى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلىشىپ بارغان. 1618 ـ يىلى، يەنى ئەھمەدخان تەختكە چىقىپ 11 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇ بارچۇقتا ئوۋ ئوۋلاۋاتقاندا توپىلاڭچى ئەمىرلەر تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

## 6. ئابدۇللەتىپخان

ئابدۇللەتىپخان ئەھمەدخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى. 1618 ـ يىلىدىن 1630 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن قەشقەر ئەمىرلىرىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن خاقان بولغان ھەمدە يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن توپىلاڭچى ئەمىرلەر تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان يۇنۇس سۇلتاننىڭ ئوغلى قۇرەيشىنى يوقاتقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ يەكەن تەختىگە رەسمىي ۋارىسلىق قىلىپ، خانلىقنىڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك سىياسەتلەرنى يولغا قويغان:

بىرىنچى، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز ھىمايىچىلىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن، ئالاھىدە مەنسەپ تەقسىماتى ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، مىرزا مۇھەممەد يۇسۇپ بايرىننى يەكەننىڭ ھاكىملىقىغا، خوجا ئابدۇللەتىپنى ۋەزىرلىككە، ئابدۇغاپپارنى قوشبېگىلىككە، مىرزا ئابدۇساتتار ئاقبارىقنى ئىشىك ئاغىلىقىغا، مىرزا ھاجى بارلاسنى قەشقەرنىڭ ھاكىملىقىغا، مىرزا قۇربان جوراسنى سېرىقغۇلنىڭ ھاكىملىقىغا، ئەمىر خۇسراۋ بايرىننى قەشقەر تۈمەن دەرياسىنىڭ مىراپلىقىغا تەيىنلىگەن. ئۇ بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمەلگە قويۇلغان ئەمەلدارلارنىڭ كۈچى بىلەن ئۆز رەقىبلىرىنى كۆزدىن يىراق قىلغان.

ئىككىنچى، خانلىقتىكى ئىچكى مالىمانچىلىق ۋە تاشقى

ئاپەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ يوقاتقان. خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھۆكۈمران ئابدۇرەھىمخان بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئەسكەر چىقىرىپ، كۇچار ۋە ئاقسۇلارغا ھۇجۇم قىلغان ھەمدە بۇ رايونلاردىكى خەلقنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. بۇنداق ۋەزىيەتتە ئابدۇللەتىپخان قوشۇن چىقىرىپ، ئابدۇرەھىمخاننىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۇرگەن. ئەھمەدخاننىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان قازاقلار خانى ئەسىمخانمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، تاشكەنتتىن لەشكەر باشلاپ كېلىپ، ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان. لېكىن، ئابدۇللەتىپخان زور قوشۇن چىقىرىپ، قازاقلارنىڭ بۇ ھۇجۇمىنىمۇ چېكىندۇرگەن ھەمدە ئاقسۇدىكى ئەسكەرلەر ۋە پۇقرالاردىن ھال سوراپ، مىرزا ئەلى مەردان بەگنى بۇ رايوننىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىگەن. ۋاھالەنكى، ئابدۇرەھىمخان بىلەن قازاق خانى ئەسىمخان ۋە يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئويراتلار ئاقسۇ رايونىغا ئۈزلۈكسىز تۈردە ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان. بۇ ھال ئاقسۇ خەلقىگە ئېغىر بالايى ـ ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن.

ئومۇمەن، ئابدۇللەتىپخان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە يەكەن خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ بىر مەھەللىك گۈللىنىش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. لېكىن، كېيىنكى دەۋرلەردە جەمەتىدىكىلەرنىڭ تۈگىمەس ئىچكى توقۇنۇشلىرى تۈپەيلىدىن، خانلىق ئاستا ـ ئاستا زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. خاقان ئابدۇللەتىپ خانلىقنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالماي، ئاخىر 1630 ـ يىلى 26 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## 7. سۇلتان ئەھمەدخان

سۇلتان ئەھمەتخان بولسا ئەھمەدخاننىڭ نەۋرىسى. تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئوغلى. ئۇ ئابدۇللەتىپخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن،

يەكەندىكى ۋەزىرلەر ۋە ئەمىرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن خاقانلىق تەختىگە چىققان، لېكىن كېيىن سۇلتان ئەھمەدخاننى تەختكە چىقارغان ئەمىرلەر ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق تالىشىش كۆرىشى يۈز بەرگەن. شۇ پەيتتە، سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئىنىسى سۇلتان مەھمۇدخان خاقانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش ئۈرۈشىغا جىددىي تەييارلىق قىلغان ھەمدە ئاقسۇنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، شۇ جايدىكى ئەمىرلەر ۋە قىرغىزلارنىڭ قوللىشى بىلەن ھەر يىلى يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان. سۇلتان ئەھمەدخان بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، زور قوشۇن بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلانغان. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى روبىرو كەلگەندە، خاننىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى سېپى بۇزۇلۇپ، جەڭچىلەر ئارقىغا قاراپ قاچقان. سۇلتان ئەھمەدخانمۇ جەڭچىلەرگە ئەگىشىپ ئۇرۇشتىن قېچىپ چىققان. دەرۋەقە سۇلتان مەھمۇدخان مىلادىيە 1632 ـ يىلى غالىبلارچە يەكەنگە كىرىپ خاقانلىق تەختىگە چىققان. ئۇزاق ئۆتمەي ئاقسۇدا قېچىپ يۈرگەن سۇلتان ئەھمەدخان ئابدۇرەھىمخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇللانىڭ ئاقسۇغا بېسىپ كىرىشى بىلەن، ئائىلاج يەكەنگە قېچىپ كەلگەن. سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنى سۈرگۈن قىلىشقا يارلىق چۈشۈرگەندە، شادى خوجا بىلەن خان سانىيە ئۇنى تىلىۋالغانلىقتىن كەچۈرۈم قىلىنغان. 1635 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ شادى خوجا تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن سۇلتان ئەھمەدخان يەنە بىر قېتىم يەكەن تەختىگە چىققان ھەمدە تاكى 1638 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئاخىر ئابدۇللانىڭ يەكەنگە ھۇجۇم قىلىشى بىلەن خاقانلىق تەختىنى تاشلاپ بەلخكە قېچىپ كەتكەن.

### 8. سۇلتان مەھمۇدخان

سۇلتان مەھمۇدخان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئىنىسى. ئۇ ئاكىسىدىن خاقانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، دىنىي كۈچتىن مەدەت ئېلىش مەقسىتىدە خوجا لەتىپنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتكەن.

لېكىن، سۇلتان ئەھمەدخان ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلىپ قېلىپ، خوجا لەتىپنىڭ قىزىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىۋالغان. بۇنداق ئەھۋالدا سۇلتان مەھمۇدخان يەكەندە تۇرۇشقا ئامال بولماي ئاقسۇغا قېچىپ كەتكەن ھەمدە بۇ جايدىكى ئەمىرلەر ۋە قىرغىزلارنىڭ قوللىشى بىلەن ھەر يىلى دېگۈدەك يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان. 1632 ـ يىلىدىكى بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئاكىسىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، يەكەن تەختىنى تارتىۋالغان ھەمدە ئۆزىنى «خان» دەپ جاكارلىغان. 1635 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاكىسى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ قوللىغۇچىسى شادى خوجا تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن يەكەن تەختى قايتىدىن سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ قولىغا ئۆتكەن.

## 9. ئابدۇللاخان

ئابدۇللاخان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەۋرىسى، ئابدۇرەھىمخاننىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، (1635 ـ يىلىدىن كېيىن) غەربتە ئاقسۇدىن شەرقتە تاكى جىيايۇگۇەنگىچە بولغان رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەمدە پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاتىسى ئورۇنديالمىغان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، يەنى يەكەندىكى خاقانلىق ئورنىنى تارتىۋېلىپ، پۈتكۈل خانلىقنىڭ چوڭ خاقانى بولۇشقا جىددىي تەييارلىق كۆرگەن. مۇشۇ مەقسەتتە ئۇ مىلادىيە 1635 ـ يىلى قەشقەرگە بولغان تۇنجى ھۇجۇمنى باشلىغان. لېكىن، بۇ قېتىملىق ئورۇشتا ئۇتۇشسىزلىققا ئۇچراپ ئاقسۇغا چېكىنگەن. 1638 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇ يەكەن ۋە خوتەندىكى ئەمىرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەرگە ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلغان ھەمدە ئورۇشتا زەپەر قۇچۇپ تاكى يەكەنگىچە ئۇتۇشلۇق يېتىپ بارغان. شۇ يىلى يەكەندىكى شادى خوجا، خوجا ناسىر، مەۋلاسالىھ ۋە باشقا ۋەزىرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن خاقانلىق تەختىگە چىققان.

ئابدۇللاخان يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە تەختكە چىققان خانلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرغاچقا، ئۇنى «يەكەن خانلىقىنى قايتا گۈللەندۈرگەن خاقان» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلغان:

بىرىنچى، مەركەز ۋە يەرلىكتىكى ئەمەلدارلارنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ، شاھ مەنسۇر بەگنى ئۆزىگە ئاتالىققا، شاھ بەگنى ۋەزىرلىككە، باباق بەگنى مىراپلىققا، مىرزا ئىسمائىل ئوردو بەگنى سول قانات قوشۇنىنىڭ ئۈچىبېگىلىككە، ئىنىسى ئەبۇل مۇھەممەد خاننى چالىش ۋە تۇرپاننىڭ نائىپلىقىغا، يەنە بىر ئىنىسى ئىبراھىم سۇلتاننى قەشقەرنىڭ نائىپلىقىغا، مىرزا شاھ بەگنى يېڭىسارنىڭ ھاكىملىقىغا، مىرزا ئابدۇساتتار بەگنى ئاقسۇنىڭ ئەمىرلىكىگە، مىرزا كۈچەك جوراسنى ئۈچنىڭ ھاكىملىقىغا، مىرزا ئەرەببەگنى قاراقاشنىڭ ھاكىملىقىغا، مىزا شاھباز جوراسنى سېرىققۇلنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىگەن.

ئىككىنچى، ئويراتلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن توپىلاڭ كۆتۈرگەن كۈچار ئەمىرلىرىنى قاتتىق جازالىغان. ئارقىدىنلا يەنە بولور ۋە بەدەخشانغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۈچ ئاي جازا يۈرۈش قىلىش ئارقىسىدا، بۇ ئىككى رايوننى قايتىدىن بويسۇندۇرغان.

ئۈچىنچى، خانلىقنىڭ غەربىي شىمالىدىكى زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە، فەرغانە رايونىغا ھۇجۇم قىلغان. لېكىن، بۇ قېتىملىق ھەربىي ھەرىكەتتە قىرغىزلارنىڭ ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن يەكەن قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان. كېيىن ئابدۇللاخان 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن فەرغانە رايونىغا قايتىدىن بېسىپ كىرىپ، ئەنجان شەھىرىنى ئىشغال قىلغان ھەمدە بۇ شەھەردە ئوت قويۇش، بۇلاش ـ تالاش، قىرغىنچىلىق قىلىشتەك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان.

تۆتىنچى، ئويراتلارغا قارشى ئىككى قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، ھەر ئىككى قېتىمدا مەغلۇپ بولغان. لېكىن، ئويراتلارنىڭ خوتەن رايونىغا قىلغان ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، خانلىقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلغان.

ئومۇمەن، ئابدۇللاخان يۇقىرىقىدەك بىر قاتار پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، خانلىقتا بىر مەزگىل تىنچلىق ھەم گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. لېكىن، ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتتىق ئارىلىشىۋېلىشى ۋە ئابدۇللانىڭ ئوغلى يولۋاسنى خۇپىيانە ھالدا يۆلەپ بۆلگۈنچىلىك قىلىشى تۈپەيلىدىن، ئابدۇللاخان ئامالسىز قېلىپ، 1667 ـ يىلى خاقانلىق تەختىنى تاشلاپ ئەرەبىستانغا ھەج قىلغىلى كەتكەن.

## 10. يولۋاسخان

يولۋاسخان ئاق تاغلىق خوجىلار ۋە ئەمىرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن مىلادىيە 1667 ـ يىلى يەكەن خانلىقى تەختىگە چىققان. ئۇ خاقان بولغاندىن كېيىن، ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ كۈشكۈرتىشى ئارقىسىدا قارا تاغلىقلارنى پاجىئەلىك تۈردە قىرغىن قىلغان. بۇنداق ئەھۋالدا قارا تاغلىق خوجىلاردىن مۇھەممەد ئابدۇللا كۆپ قىسىم ئەمىرلەر ۋە مۆرتلارنى باشلاپ يەكەندىن ئاقسۇغا بېرىپ، شۇ جاينىڭ ئەمىرى بىلەن بىرلەشكەن، كېيىن خوتەننىڭ ئەمىرىمۇ بۇ ئىتتىپاققا قاتناشقان. قارا تاغلىقلار ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئويراتلارنىڭ خاقانى ئالتۇن تەيجىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئابدۇللەتىپنىڭ ئوغلى، ئابدۇللانىڭ ئىنىسى ئىسمائىلنى سوراپ ئەكىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە خان قىلىپ تىكلىگەن ھەمدە ئاقسۇنى بازا قىلىپ تۇرۇپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان. يولۋاسخان قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ يەكەن شەھىرىگە بېكىنىۋالغان. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، يولۋاسخان قارا تاغلىق خوجىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن جۇڭغارلارنىڭ يەنە بىر ھۆكۈمرانى زەڭگى تەيجىدىن

ياردەم تەلەپ قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىسمائىلخاننى ئېغىر تالاپەت تارتقۇزغان. لېكىن، قەشقەر شەھىرى زەڭگىسى تەيجىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، يولۋاسخان ئامالسىز يەكەنگە كېتىشكە مەجبۇر بولغان. زەڭگى تەيجى قەشقەردە يولۋاسخاننىڭ كىچىك ئوغلىنى خانلىق تەختىگە يۆلەپ چىقارغان. يولۋاسخان يەكەنگە بارغاندىن كېيىن، زەڭگى تەيجىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىسى ئەرك بەگنىڭ قۇترىتىشى ئارقىسىدا، 1670 ـ يىلى كۆتۈرۈلگەن ئەمىرلەر توپىلىڭىدا ئۆلتۈرۈلگەن.

## 11. ئابدۇللەتىپخان

ئابدۇللەتىپخان يولۋاسخاننىڭ ئوغلى. ئۇ ئاتىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 1670 ـ يىلى خاقانلىق تەختىگە يۆلەپ چىقىرىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئانىسى بىلەن بىرلىشىپ توپىلاڭچى ئەمىرلەرنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان. بۇ ئەھۋالنى ئۇققان زەڭگى تەيجىنىڭ سەركەردىسى ئەرك بەگ ئۆزىدىن خەۋپسىرەپ قەشقەرگە قېچىپ كەتكەن ھەمدە ئاقسۇدىكى ئىسمائىلخانغا خەت ئەۋەتىپ، ئۇنى يەكەنگە قوشۇن تارتىشقا دەۋەت قىلغان. ئىسمائىلخان بۇ تەكلىپنى دەرھال قوبۇل قىلىپ، ئالتۇن تەيجىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا يەكەن شەھىرىگە باستۇرۇپ كەلگەن. ئابدۇللەتىپخان قورقۇپ قەشقەرگە قېچىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن 1670 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىسمائىلخان يەكەن شەھىرىگە كىرىپ، خاقانلىق تەختىگە چىققان.

## 12. ئىسمائىلخان

ئىسمائىلخان 1670 ـ يىلى قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا يەكەن تەختىگە چىققان. ئۇ خاقان بولغاندىن كېيىن، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن بىرىنچى قەدەمدە ئادەم ئەۋەتىپ يولۋاسخاننىڭ قەشقەردىكى ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرگەن.

ئىككىنچى قەدەمدە ئاق تاغلىقلارنى قاتتىق باستۇرۇپ، قارا تاغلىق خوجىلارنى خانلىقنىڭ مۇھىم مەنسەپلىرىگە قويغان. بۇ ئەھۋالدا ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى ئاپئاق خوجا قەشقەردىن قېچىپ، كەشمىرگە، ئاندىن كەشمىر ئارقىلىق تىبەتكە ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ ئاق تاغلىقلارنىڭ سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، دالاي لاما V بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. دالاي لاما V ئۇنى «ئەي بوشۇتخان! (غالدان بوشۇتخاننى دېمەكچى) خوجا ھىدايىتۇللا بولسا (قول يازمىدا خوجا ئافاق دەپ يېزىلغان) بىسيار ئۇلۇغ كىشى ئىكەن. ياركەندە، كاشغەرنىڭ خوجەسى ئىكەن. مۇنىڭ يۇرتىنى ئىسمائىلخان سويۇپ ئالىپ، مۇنى قوغلاپ چىقارىپتۇر. كېرەككى لەشكەر بۇيرۇپ، مۇنىڭ يۇرتىنى قولىغا ئالىپ بەرگەيسىز. ۋەلەلۇل ئىشكەل (ئاللا قىيىنچىلىقتىن قۇتقازغۇچىدۇر دېگەن مەنىدە) بولغۇسىدۇر - نامە تامام» دېگەن مەزمۇندىكى پۈتۈك بىلەن جۇڭغارلارنىڭ قۇنتەيجىسى غالداننىڭ يېنىغا ئەۋەتكەن. ئۇزاقتىن بۇيان يەكەن خانلىقىنى يوقىتىش ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى ئىگىلەشنى تاما قىلىپ كېلىۋاتقان غالدان قىلچىمۇ ئىككىلەنمەي دەرھال بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، مىلادىيە 1680 - يىلى 120 مىڭ ئاتلىق قوشۇننى ئەۋەتىپ، ئاپئاق خوجىنىڭ يول باشلىشى بىلەن مۇزداۋان ئارقىلىق قەشقەر ۋە يەكەنگە قاراپ ئىلگىرىلىگەن. ئۇنىڭ قوشۇنى ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ماسلىشىشى نەتىجىسىدە، شىددەتلىك ئۇرۇشلار ئارقىلىق، ئاخىر يەكەن شەھىرىنى ئىشغال قىلغان ھەمدە شەھەردىكى ئىسمائىلخان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئىلىغا سۈرگۈن قىلغان. شۇنىڭ بىلەن يەكەن خانلىقى رەسمىي مۇنقەرز بولغان.

---

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق

نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى)، 1999 ـ يىلى 11 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

2. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

3. «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى 7 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

4. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

5. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

6. «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىلى 4 ـ سان.

7. زوكوتو: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى)، 1994 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

8. ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

9. فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار يازغان «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن قىسقىچە مەلۇمات»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر سابىت
مەسئۇل كوررېكتورى: مايىنۇر كەنجى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىبراھىم ئالىپ تېكىن

غەربىي يۇرت —
تارىخىمىزدىكى خاقانلار
ئاپتورى: نۇرۇللا مۇئمىن يۇلغۇن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جۇنشاڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
قىستۇرما ۋارىقى: 2 باسما تاۋىقى: 7.625
2005 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىلى 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN 7—228—09393—3
باھاسى: 13.00 يۈەن

## ئۈرۈمچى ئۇردا كىتابچىلىق كەسپىي تەرەققىيات شىركىتىنىڭ نەشرگە تەييارلىغان كىتابلىرى

| | |
|---|---|
| ئاتۇش مائارىپچىلىرى | ئى • ئالىپ تېكىن نەسرلىرى |
| تارىخىمىزدىكى خاقانلار | (1) مۇھەببەت تەلقىنلىرى |
| قان كۆلى (رومان) | (2) ئاتا — بىر تۇپ سۆيگۈ دەرىخى |
| ئەنسىز يەر شارى (رومان) | (3) جەننەت يولى |
| باۋۇدۇنباي (رومان) | (4) زۇلمەتتىن چىقىش |
| مۇئەللىم ئۆكۈنمەيدۇ (رومان) | (5) ھىدايەت |
| مەجنۇن ناخشىسى (شېئىرلار) | ئى • ئالىپ تېكىن ماقالىلىرى |
| ئاداش ـ ئاداش بولايلى (شېئىرلار) | قارا ئوت (شېئىرلار) |
| ئۇيغۇرلار تارىخىدا يۈز بەرگەن چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى | تىجارەتچىلەر ئۈچۈن ئاقىلانە كۆرسەتمىلەر |
| شەرق ھېكمەتلىرى | تاش چېچەك (ئۇنىۋېرسال توپلام) |
| ئەخلاق پەند ـ نەسىھەتلىرى | نەسىھەتنامە |
| غەنىزات غەيۇرانى ماقالىلىرى | ئۇيغۇر تەپەككۇر خەزىنىسى |
| خانىم ـ قىزلار ئۈچۈن يۈز ھېكمەت | ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى يۈز مەشھۇر شەخس |
| دانىشمەنلەر بالىلارغا نېمە دەيدۇ؟ | بالىلارنىڭ يول بەلگىسى |
| ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن يۈز ھېكمەت | شىنجاڭدىكى مەكتەپلەر |
| شىنجاڭ سودا ـ سانائەتچىلىرى | يىغلاۋاتقان يەر (ئەدەبىي خاتىرىلەر) |
| شەرق رىۋايەتلىرىدىن دۇردانىلەر | ئاتۇش خەلق ناخشا كۈيلىرى |
| ئاتۇشلۇقلار قوللانمىسى | قىزلارنىڭ مەخپىي خاتىرىلىرى |
| ساخاۋەتلىك ئانىلار | بىزنىڭ مائارىپچىلىرىمىز |

ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 13009694112
8235251

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىبراھىم ئالىپ تېكىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ISBN 7-228-09393-3
9 787228 093939 >

ISBN 7-228-09393-3
（民文）定价：13.00 元